
ئۆمەرجان سىدىق ، ئابدۇللا ئىمىن

# قاناتلىق ئىنسان



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ



ISBN 7-228-08986-3
9 787228 089864 >

ISBN 7-228-08986-3
(民文) 定价 :11.00 元

ئۆمەرجان سىدىق ، ئابدۇللا ئىمىن

# قاناتلىق ئىنسان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى





ئابدۇللا قادىر (ئوتتۇرىدا) ئاپتور ئۆمەرجان سىدىق (ئوڭدا) ۋە ئابدۇللا ئىمىن (سولدا)لار بىرگە.




ئابدۇللا قادىر يېڭىدىن ياسىغان سۇدىمۇ، قۇرۇقلۇقتىمۇ يۈرەلەيدىغان چاقپەلەكلىك كاتېر


图书在版编目(CIP)数据

带翅膀的人/吾买尔江·斯迪克,阿不都拉·伊明 著.
乌鲁木齐:新疆人民出版社,2004.8
ISBN 7-228-08986-3

Ⅰ.带... Ⅱ.①吾... ②阿... Ⅲ.阿布都拉·卡德尔
—生平事迹—维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ.K825.46

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2004)第 080265 号

责任编辑:买买提吐尔地·米尔孜艾合买提
责任校对:艾加尔古丽·吐尔逊
封面设计:艾克拜尔·萨力

带翅膀的人(维吾尔文)
吾买尔江·斯迪克,阿不都拉·伊明 著

---

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码:830001)
新疆新华书店发行
乌鲁木齐光采印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 6.875 印张 8 插页
2004 年 8 月第 1 版 2004 年 8 月第 1 次印刷
印数:1—4000

---

ISBN 7—228—08986—3 定价:11.00 元



ئۇچۇش ئالدىدىكى تەييارلىق

ئابدۇللا قادىر لوپنۇر كۆلى را- يونىدىكى كىچىك دەريا قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا.



«ئاقيول تىلەڭلار قېرىنداشلار، مەن كۆككە سەپەر قىلدىم!»





«قاناتلىق ئىنسان» -ئابدۇللا قادىر




كۆكتە پەرۋاز قىلىش

## مۇندەرىجە


خەلقىمىز ئوغلانى ئابدۇللا قادىر (شېئىر) ............ 1
كىرىش سۆز ........................................... 5
مۇقەددىمە ........................................... 7
سىرلىق ئاسمان، سىرلىق ئۇچقۇ.......................... 14
بالىلىقتىكى پەرۋاز .................................. 27
توغرا تاللانغان يول ................................. 55
كۈنىمىزگە سەپەر ..................................... 64
ئايروپىلان «سارىگى» ................................. 74
مۇشەققەت باياۋىنىدا ................................. 83
مۇنار ئاستىدىكى تۇنجى ئۇچقۇ ......................... 93
«ئۇچماققا قانات يوق، لېكىن ئۇچقايمەن!» .......... 102
ئاز سانلىق مىللەتلەر ياسىغان تۇنجى ئايروپىلان ... 113
بېسىمدىن تاۋلانغان ئىرادە ........................... 130
«سېنىڭ ئۇچقىنىڭ بىر مۆجىزە» ....................... 138
قۇش قانىتى بىلەن ئۇچىدۇ، ئادەم ئەقلى بىلەن...! ...... 150
ئۈجمە گۇۋاھ ......................................... 162
تەتقىقات خامىنىدىكى چەشلەر ......................... 170
تىنىم تاپماس يۈرەك ................................. 181
تەقدىر قىسمەتلىرى.................................... 194
ئاخىرقى سۆز ......................................... 211








ئابدۇللا قادىرنىڭ پەرزەنتلىرى ئۆزلىرى ياسىغان ھەرخىل پلانېرلارنى كۆرگەزمە قىلماقتا.



ئابدۇللا قادىر ھاۋا شارىدا ئۇچۇشقا تەييارلانماقتا.

# خەلقىمىز ئوغلانى ئابدۇللا قادىر

## مۇھەممەتجان مەخمۇت

ئەپسانە، رىۋايەتتۇ، بىر چۆچەكتۇ،
«ياغاچ ئات»، «ئۇچار گىلەم»، «تۆمۈر چىلىق».
ئۇچۇشقا كىم قادىرتى بولۇپ ئاق قۇ،
ئارزۇمىز ئىدى بىزنىڭ ئۇزۇن يىللىق.
ئارمانلار ئاسمانغىچە بولغان قىر - قىر،
خەلقىمىز ئوغلانى ئابدۇللا قادىر.

ئۇچۇشنى، قۇچۇشنى قىلىشتۇق خىيال،
تالاي يىل، ئەسىرلەپ بېقىپ ئاسمانغا.
كۆز قىستى ئاخىرى دىلبىرى ۋىسال،
تۇرپاندا تاۋلانغان باتۇر ئوغلانغا.
«ھۆششەرە»دېيىشتى زېمىن، تاغ - ئېدىر،
خەلقىمىز ئوغلانى ئابدۇللا قادىر.

پەرەڭلەر ئىنسانۇ، بىز بولساق نىمە؟...
چوڭقۇر ئۇھ تارتىشتۇق خىيالغا چۆكۈپ.
مۇشەققەت تېغىغا ياماشتۇق يەنە،
ئوت كەبى كۆڭۈلگە ئوت ئارزۇ پۈكۈپ.
جەبىر دەرياسىدا ئاقتى بوپ تاھىر،
خەلقىمىز ئوغلانى ئابدۇللا قادىر.

ناخشىنىڭ، شېئىرنىڭ مىللىتى بىز دەپ،
تاراتقلاپ، جاراڭلاپ يۇردۇق ئويۇندا.
كەشپىيات، ئىختىرا بولدى ئاز ئەجەب،
بۇ يېڭى ئەسىردە قالدۇق قۇيۇندا.
يۇيۇلماي كەلگەنتى كۆڭۈلدە كۆپ كىر،
خەلقىمىز ئوغلانى ئابدۇللا قادىر.

ۋاھ، ئەمدى ئويغاندۇق تاقەت ئۈزۈلۈپ،
ئابدۇشۇكۇر كەلدىغۇ مۇشتى تۈگۈلۈپ.
ئادىلمۇ قۇش كەبى داردا يۈگۈرۈپ،
گۈلزۆھرە قۇملۇقتىن كەلدى ئۈلگۈرۈپ،
ئۆلچەيدۇ ھەممىنى تارىخ دېگەن گىر،
خەلقىمىز ئوغلانى ئابدۇللا قادىر.

ئارزۇلار ياشايتتى دىلدا باشتىلا،
بىزدىمۇ مانا بار دوكتور ئاشتىلار.
كۆپ ئەللەر ئۇچالماي قالغان ئاستىلا
ئورۇنغان خېلى كۆپ تېخنىك ئۇستىلار.
ئىزدىنىش ئىلكىدە ئاشتى داۋان - قىر،
خەلقىمىز ئوغلانى ئابدۇللا قادىر.

ئىجتىھات، ئۆزلۈكنىڭ يالقۇنلۇق ئوتى،
ھەر مىنۇت كۈل قىلىپ كۆيدۈردى ئۇنى.
مۇشەققەت، كۈلپەتنىڭ قارا دىلبىرى،
قەلبىنى چۆل قىلىپ سۆيدۈردى ئۇنى.
روزىغار، تىنچلىقتىن ئايرىلدى بىر - بىر،



خەلقىمىز ئوغلانى ئابدۇللا قادىر.

ئاخىرى دەست تۇردى ئۆلۈمنى دەسسەپ،
سامانى تىترەتتى خۇشال كۈلكىسى.
قۇيرۇقنى خادا قىپ قاچتى ھەم پەسلەپ،
كۆرەلمەس دىللارنىڭ كۆزدىن تۈلكىسى.
ئېچىلدى ئۇيغۇرغا تىلسىماتلىق سىر،
خەلقىمىز ئوغلانى ئابدۇللا قادىر.

ئايروپىلان غارقىراپ ئۇچتى، ئەل ئۇچتى،
تۆمۈر ئات بويسۇندى قادىر قولىدا.
ئايروپىلان ئۇچتى بىر ئېتىقاد ئۇچتى،
كۆكلەرنى يېرىپ ساپ ئۇيغۇر تىلىدا.
ئاجايىپ مۆجىزە ئۇيغۇرغا بۇ بىر،
خەلقىمىز ئوغلانى ئابدۇللا قادىر.

*** ***

كەشپىيات چۆلدە ھاردىم دېمەي،
يىگىندە قۇدۇق قېزىپ، سۇيۇڭ بەردىڭ.
خەلقىڭچۈن بىر دەممۇ تالدىم دېمەي،
پەرۋازىڭدا ئاجايىپ كۈيۈڭ بەردىڭ.
بىزدىن بۇ مۆجىزىگە سەنلا قادىر،
خەلقىمىز ئوغلانى ئابدۇللا قادىر.

ھۆرمىتىڭ سەھنىسىدە خەلقىم دەريا،
سالىمىساڭمۇ بىز ئۈچۈن مەكتەپ، ساراي.

ياسىدىڭ قەلبلەرگە سۈنماس ئوردا،
كۆرسىتىپ كۆك ئاسماندا ئالتۇن چىراي.
بىزدىن كۆك قەھرىدە سەن باھادىر،
خەلقىمىز ئوغلانى ئابدۇللا قادىر.

تارتساڭمۇ بۇ يولدا سەن كۈرمىڭ كۈلپەت،
ئۈمىدنى ئىرادەڭ تاۋلاپ تۇردى.
كەشپىيات شوتىسىدا ئۆرلىسەڭ رەت - رەت،
تەقدىرنىڭ بورىنى ھۇۋلاپ تۇردى.
تۇرمۇشنىڭ تاغلىرىدا گاھ سەن سادىر،
خەلقىمىز ئوغلانى ئابدۇللا قادىر.

ئەجرىڭدىن قانات ياساپ كۆك قەھرىدە،
ئۇچقىنىڭدا غارقىراپ غەلىبە قۇچۇپ.
خۇشاللىقتىن قۇياشقىچە دەريا ياشلار،
باشلاردىن تالاي بۆكلەر كەتتى ئۇچۇپ.
غەيرىتىڭگە قايىل بولدى ھەممە ئاخىر،
خەلقىمىز ئوغلانى ئابدۇللا قادىر.

يەنىمۇ ئۇچۇرۇشچۇن هارما ھەرگىز،
ئۇيغۇرنىڭ ئۈمىدىنى تۇتۇپ مەھكەم.
ئىرىشچانغا ئىستىقبال ئەمەس ئېگىز،
بولغۇسى خەلقىم ساڭا چوقۇم ھەمدەم.
مۆجىزەڭ بىر ئەسەردۇر بىزگە نادىر،
خەلقىمىز ئوغلانى ئابدۇللا قادىر.
(ئاپتور: تۇرپان شەھرى سىڭگىم يېزا ئۇلۇغكۆل كەنتىدە دېھقان)



# كىرىش سۆز

1997 - يىلى 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى پەيشەنبە ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، بۇ كۈنى قەدىمكى مەدەنىيەت تىندۇرمىلىرى سەلتەنەتلىك پىرامىدا ھاسىل قىلغان ئىدىقۇت دىيارىدا بىر رىۋايەت يېزىلىشقا باشلىدى. تۇرپان شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان تاشلىقتا(«سەئىد دېھقان ئايرودرومى» دەپ ئاتالغان بۇ جاي ئەمەلىيەتتە تۇپتۇز كەتكەن بىر پارچە تاشلىق بولۇپ، ئىلگىرى جىددىي پەيتلەردە ئايرودروم قىلىپ ئىشلىتىلگەچكە شۇ نام بىلەن ئاتالغانىدى) قورساق قىسمىغا قىزىل خەت بىلەن چوڭ، كۆركەم ۋە سەنئەتلىك قىلىپ «تۇرپان 2 - نومۇرلۇق» دېگەن ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە خەتلەر يېزىلغان، خەتنىڭ كەينىگىرەك بىر ساپاق ئۈزۈمنىڭ، ئايروپىلاننىڭ قۇيرۇق قىسمىغا تۇرپان مۇنارىنىڭ سۈرىتى سىزىلغان ئاق رەڭلىك ئايروپىلان خۇددى بىپايان ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشكە تەييارلانغان بۈركۈتتەك مەغرۇر قانات كېرىپ تۇراتتى. ئورۇمچى ۋاقتى سائەت ئۈچ بولغاندا بېشىغا يارىشىملىق دوپپا كىيگەن، ئوتتۇرا بوي، كېلىشكەن، كۆزلىرىدىن پاراسەت ۋە شىجائەت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان بىر كىشى تەمكىنلىك بىلەن ئايروپىلانغا چىقىپ، ئۇچۇش ئالدىدىكى تەييارلىقلارنى ئىشلىدى. قۇلاقنى يارغۇدەك ماتور ئاۋازى بىلەن تەڭ «تۇرپان 2 - نومۇرلۇق» ئايروپىلان خۇددى راكېتادەك ئۇچۇش يولىدىن چىقىپ، كۆك ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. ئايروپىلان سائىتىگە 100 كىلومېتىر تېزلىكتە، 20 مىنۇت ئۇچۇپ قاقاسلىق ئاسمىنىنى تولۇق ئۈچ قېتىم

ئايلانغاندىن كېيىن بىخەتەر ھالدا يەرگە قوندى. مانا بۇ تۇرپان دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ ئاددىي ئوقۇتقۇچىسى ئابدۇللا قادىر ئون نەچچە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، پۈتۈن ئەقىل - پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ ئۆزى ياسىغان، تەۋەككۈلچىلىك ۋە باتۇرلۇق بىلەن ئۆزى ئۇچۇرغان ئايروپىلان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇللا قادىر جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىچىدە ئايروپىلان ياسىغان تۇنجى شەخس، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخىرلىك ئوغلى بولۇپ قالدى.



## مۇقەددىمە

ئۇيغۇر خەلقى ئەزەلدىن باتۇر، ئەمگەكچان، ئەقىل - پاراسەتلىك خەلق. شانلىق تارىخىمىزنى ۋاراقلىغىنىمىزدا نەچچە مىڭ يىللار مابەينىدە قۇرۇلغان سەلتەنەتلىك شەھەرلەر، پارلاق مەدەنىيەت ئۆلگىلىرى، ئاجايىپ ئېسىل سودا، تىجارەت ئەنئەنىلىرى، پەخىرلىك ئەجدادلار بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. بىراق، يېقىنقى 500 يىل مابەينىدە خەلقىمىزنىڭ ۋۇجۇدىنى قارا ئەجدىھادەك چىرمىۋالغان جاھىل ئىشانچىلىقنىڭ تەسىرى، ئۆتكەن ئەسىر كىرگەندىن كېيىن شىنجاڭدا يەرلىك خان بولۇۋالغان چىرىك ئەمەلدارلارنىڭ تەقدىبى، زۇلمى قاتارلىق تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن خەلقىمىز ئېغىر جاھالەت ۋە زاۋالەت پاتقىقىغا پېتىپ قالدى. جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن خەلقىمىز قەد كۆتۈرۈپ، ياخشى كۈنلەرگە ئۇلاشتى. بىراق، ئۇزۇن ئۆتمەي يېتىپ كەلگەن ھەر خىل سىياسىي ھەرىكەتلەر خەلقىمىزنى يەنە نادانلىق پاتقىقىغا سۆرەپ كىردى. دېمەك، مۇشۇنداق ئۇزۇن مەزگىللىك بىقۇۋۇللۇق جەمئىيەت كىشىلىرىمىزدە ئۈمىدسىز، قاششاق، چۈشكۈن روھىي كەيپىياتنى شەكىللەندۇرۇپ قويدى. يېقىنقى ئون نەچچە يىل مابەينىدە مەتبۇئاتلىرىمىزدا خەلقىمىزنىڭ ئىللەتلىرى پاش قىلىنىدىغان ماقالىلەرنىڭ كۆپلەپ ئېلان قىلىنىشى، شۇ خىل كەيپىياتنىڭ ئەۋج ئېلىشى خەلقىمىزدە ئۆز - ئۆزىدىن خۇدۇكسىرەيدىغان، ئۆز - ئۆزىنى كەمسىتىدىغان، ئۆز - ئۆزىگە ئىشەنمەيدىغان بىر خىل تۇيغۇنى پەيدا قىلدى. نەتىجىدە، تالاي ھەرىكەتلەر،

بوران - چاپقۇنلار داۋامىدا يۈرىكى لەختە - لەختە بولۇپ
كەتكەن خەلقىمىز تېخىمۇ چۈشكۈنلىشىپ، ئۈستى - ئۈستىـ
لەپ كېلىۋاتقان تاپا - تەنىلەردىن خۇددى شائىر ئابدۇخالىق
ئۇيغۇر ئېيتقاندەك «تىل - ھاقارەت، تەنە - دىخمار ۋاي دات
بۇ جانىنى قىيىنىدى، جاننى ئالقانغا ئېلىپ چىق تاپمايسەن
باشقا چارىسەن» دېگەندەك ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. دەل مۇ-
شۇنداق پەيتتە، يەنى 1997 - يىلى 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى
خەلقىمىزنىڭ پەخىرلىك ئوغلى، دارۋاز ئادىل ھوشۇر سەنىـ
يا بوغۇزىغا تارتىلغان پولات ئارغامچىدىن ئاجايىپ سالماقلىق
ۋە يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئۆتۈپ، كانادالىق كوچرەيىن
ياراتقان جىنىس دۇنيا رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. بۇ خاسىـ
يەتلىك ئىش خەلقىمىزنى ئېيتقۇسىز زور خوشاللىققا، پە-
خىر، ئىپتىخار تۇيغۇسىغا چۆمۈلدۈرۈپ، ئاۋامنىڭ ۋەتەنـ
پەرۋەرلىك روھىنى، مىللىي غۇرۇرىنى ئۇرغۇتتى. كىشىـ
لەر ئۇرۇمچى ئايرودرومىدا ئادىل ھوشۇرنى دەستە - دەستە
گۈللەرگە پۈركەش بىلەن بىرگە ئۇنى ئۇرۇمچى كوچىلىرىدا
بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ تەنتەنە قىلىشتى. «بىر ئەجنەبىيـ
نى يېڭىۋالغان ئادىل ئۇيغۇر جومۇ» دېيىشىپ بىر - بىرىنى تەبـ
رىكلەشتى. ئۇيغۇرلارنىڭ «تىل - ھاقارەت، تاياقچېپى» ، «ياغلىق
قاپاق» ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىشتى. خەلقىمىزنىڭ ئادىل
ھوشۇرنىڭ غەلىبىسىگە بۇ قەدەر تەنتەنە قىلىشىدىكى سەۋەبـ
لەرنىڭ بىرى، ئادىل ھوشۇر يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك
ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا تۇرۇۋاتقان، كۆڭلى سۇنۇق خەلـ
قىمىزگە ئۆز - ئۆزىنى قايتا تونۇش، ئۆز - ئۆزىگە ئىشىـ
نىش پۇرسىتى ئاتا قىلغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بوكسچى
ئابدۇشۇكۇر مىجىت مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن بوكس



مۇسابىقىلىرىدە بازغاندەك مۇشتۇمى بىلەن رەقىبلىرىنـ
ى بىر - بىرلەپ يەر چىشلىتىپ، ئەڭ ئاخىرى جوڭگونىڭ
«بوكس پادىشاھى»لىق تاجىسىنى كىيدى. موتسىكلىت ما-
ھىرى جۇرئەت ئوبۇلقاسىم موتسىكلىت بىلەن پۈتۈن مەملىـ
كەتنى ئايلىنىپ چىقىپ ۋە تەكلىماكان قۇملۇقىنى كېسىپ
ئۆتۈپ، يېڭى جىنىس رېكورتىنى ياراتتى. قۇملۇق مەلىكىـ
سى گۈلزۆھرە ئەبەيدۇللامۇ تەكلىماكان قۇملۇقىنى يۈگۈ-
رۈپ كېسىپ ئۆتۈپ، دۇنيا جىنىس رېكورتى گۇۋاھنامىسىـ
نى ئالدى. بۇ بىر تۈركۈم قەھرىمان ئوغۇل - قىزلار
جوڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مىللىي روھىنى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ
تارىخىي شۆھرىتىنى قايتا نامايان قىلىپ، خەلقىمىزنىڭ پە-
خىرلىك ئوغلانلىرىغا ئايلاندى. خەلقىمىزنىڭ قەدىرلىشىگە،
ھۆرمىتىگە مۇيەسسەر بولدى. ئابدۇللا قادىرمۇ دەل مۇشۇ
ئوغلانلار قاتارىدا رىۋايەتلەردىكى «ياغاچ ئات» ، «ئۇچار گىـ
لەم»نى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇپ، ئۆزى ئايروپىلان ياساپ
ئۇچۇپ، خەلقىمىزنىڭ قىسمەتلىك تارىخ قامۇسىغا يېپيېڭى
بىر سەھىپىنى يازدى. يۇقىرىقى ئوغلانلىرىمىزدىكى ئورتاق
بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، ئۇلار پەخىرلىك ئەجدادلىرىمىزنىڭ
تومۇرىدا جۇش ئۇرۇپ دولقۇنلىنىپ، بىزنىڭ گېنىمىزغىچە
يېتىپ كەلگەن، لېكىن بىز جارى قىلدۇرۇشقا پۇرسەت
تاپالماي كەلگەن تەۋەككۇلچىلىك، باتۇرلۇق، قەيسەرلىك،
قورقۇمسىزلىق قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرنى جەۋلان قىلىپ،
ئەجداد روھىنى نۇرلاندۇردى.

ئابدۇللا قادىرنىڭ تەۋەككۇلچىلىكى شۇ يەردىكى، گەر-
چە ئۇ ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇشىغا شەكسىز ئىشەنسىمۇ، لې-
كىن ئۇ ياسىغان ئايروپىلان ئۇچۇشتا ھازىرلاشقا تېگىشلىك

شەرتلەردىن تولىمۇ يىراق ئىدى، قىلچە بىخەتەرلىك تەدبىرى-
مۇ يوق ئىدى. مۇشۇنداق شارائىتتا ئۇ ئۆزىنىڭ ئېتىقادى،
خەلقىنىڭ كۈتكەن ئۈمىدى يولىدا هايات - ماماتلىق سىناقنى
قوبۇل قىلىپ، ئۆلۈمگە پىسەنت قىلماي، «تۆمۈر ئات» نى
ئاسمانغا هەيدەپ چىقتى. چۈنكى، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان
ئۇنىڭ قەلبىدە «باشقىلار قىلالىغاننى بىز چوقۇم قىلالايمىز،
مەن مۇرەككەپ، نازۇك هەم يۇقىرى تېخنىكىنىڭ مەهسۇلى
بولغان ئايروپىلاننى ياساپ ئۇچۇرۇش ئارقىلىق خەلقىمىز-
نىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى دۇنياغا تونۇتىمەن، پەن -
تېخنىكىنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىمەن، ياش - ئەۋلادلار-
نىڭ ئىلىم - پەنگە ئېتىقاد قىلىش ئاڭلىقلىقىنى يۇقىرى
كۆتۈرىمەن» دەيدىغان ئوي هۆكۈمران ئىدى.

ئەمدى ئابدۇللا قادىرنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن
ئوغلانلىرىمىزدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئالاهىدىلىكى شۇ-
كى، ئۇ ئەقىل - پاراسەتلىك، تەدبىرلىك، ئىجتىهاتلىق،
ئۆتكۈر تەپەككۇرغا، باي تەسەۋۋۇرغا ئىگە پەن - تېخنىكا
خادىمى، تەتقىقاتچى، ئىلىم ساهىبى ئىدى. ئۇنىڭ ئايروپى-
لاننى ئۇچۇرۇش جەريانىنى تەۋەككۈلچىلىك دەپ قارىساقمۇ،
لېكىن ياساش جەريانىنى هەرگىزمۇ تەۋەككۈلچىلىك، قارى-
غۇلارچە ئورۇنۇش، تەلەي سىناپ بېقىش دېيىشكە بولمايد-
تى. چۈنكى، ئابدۇللا قادىر كىچىكىدە ئۇيغۇرچە مەكتەپتە
ساۋاتىنى چىقارغاندىن كېيىن، خەنزۇچە مەكتەپكە يۆتكىلىپ
ئوقۇغان، خەنزۇچىنى پىششىق ئىگىلەش بىلەن بىرگە ئىنگ-
لىز تىلىنىمۇ ياخشى ئۆگەنگەن. خىزمەتكە چىقىپلا ئېلېكتر
تېخنىكا خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان، ئىچكىرى ئۆلكىلەردە
ئېلېكتر تېخنىكىسى بويىچە بىر قانچە قېتىم بىلىم ئاشۇر-



غان. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئايروپىلان ياساشنى كۆڭلىگە
پۈكۈپ، ئىنگلىزچە، خەنزۇچە يېزىقتىكى ئاۋىئاتسىيە ژۇر-
نالىرىغا ئىزچىل مۇشتەرى بولۇپ، بۇ هەقتىكى كىتاب -
ماتېرىياللارنى يىغىپ، مول نەزەرىيىۋى بىلىمگە ئىگە بول-
غان. ئاۋىئاتسىيە تارىخى، تەرەققىياتى، هەر خىل تىپتىكى
ئايروپىلانلارنىڭ تۈزۈلۈشى، ئۇچۇش پرىنسىپى، هەر قايسى
بۆلەكلىرىنىڭ ئالاهىدىلىكى قاتارلىق جەهەتلەردە چوڭقۇر
چۈشەنچىگە ئىگە بولۇپ، هەتتا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئايروپىلا-
نىنىڭ پۈتۈن ئالاهىدىلىكىنى دەپ بېرەلەيدىغان سەۋىيىگە يەت-
كەن. بىر قانچىلىغان ئاۋىئاتسىيە خادىملىرى بىلەن ئۇچرى-
شىپ پىكىرلىشىش، كۆپ قېتىم پىلانېر ياساپ ئۇچۇرۇش، ئون
نەچچە يىل مابەينىدە قايتا - قايتا ئايروپىلان ياساش جەريانىدا
مول ئەمەلىي تەجرىبە توپلىغان، 40 قېتىمغا يېقىن ئەمەلىي
ئۇچۇش سىنىقى ئېلىپ بارغان. بۇ جەرياندا هەرگىزمۇ بى-
خەستەلىك، تەۋەككۈلچىلىك، يەڭگىلتەكلىك، سىناپ بې-
قىش پوزىتسىيىسىدە بولمىغان. هەممە مەشغۇلاتنى ئايروپى-
لان ياساش تېخنىكىسى بويىچە ئىلمىي ئورۇندىغان. ۋەهالەن-
كى، ئۇ يۇقىرى پەن - تېخنىكىلىق، ئېلېكترلەشكەن ئەس-
لىهەلەر تولۇق بولغان، زامانىۋى زاۋۇتلار ئېلىپ بارىدىغان
بۇ مەشغۇلاتلارنى ئۆزىنىڭ بوك - باراقسانلىق، تال - باراڭ-
لىق، نەچچە يۈز يىللىق ئۈجمە دەرەخلىرى، ئۆرۈك، سۆۋۈ-
دان تېرەكلەر پۈركەپ تۇرغان قەدىمكى هويلىسىدا، قول
هەرىسى، كەكە، ئامبۇر قاتارلىق ئەڭ ئاددىي قورال - ساي-
مانلار بىلەن، هەر خىل ئۇزۇن قىسقا ياغاچلار، تۆمۈر،
بىرىكمە پولات ماتېرىياللار، رەختلەرنى كېسىپ، چاپلاپ،
مىخلاپ ئايروپىلاننى پۈتتۈرگەن. مانا بۇ ئابدۇللا قادىرنىڭ

كىشىنى ئەڭ قايىل قىلىدىغان پاراسىتى ۋە جاسارىتى بولغان ھېسابلىنىدۇ.

يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە بولۇپمۇ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە ئېرىشكەن ئۇتۇقلىرى گەۋدىلىك بولدى. سەنئەت ساھەسىدىكى چولپانلار ئىچكىرى ئۆلكە ۋە خەلقئارا سەھنىلەردە ماھارەت كۆرسىتىپ، زور شۆھرەتكە ئېرىشتى. يازغۇچى، شائىرلار، ئەدەبىي ئىجادىيەتچىلەر قوشۇنى يىلدىن- يىلغا ئۇلغىيىپ، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىنىڭ ھەر قايسى تۈرلىرىدە كۆپلىگەن تەتقىقات مېۋىلىرى مەيدانغا كەلدى، نۇرغۇنلىغان كىتابلار نەشر قىلىندى. لېكىن، تەبىئىي پەن ساھەسىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى ئاستا بولدى. بۇ ساھەدە مەملىكەت ۋە خەلقئاراغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان نوپۇز ئىگىلىرى يوق دېيەرلىك بولۇپ قالدى. خەلقىمىز «شېئىر مىللىتى» ، «سەنئەت مىللىتى» دەپ ئاتىلىپ، باشقا مىللەتلەر يۇقىرى پەن - تېخنىكا تەتقىقاتى بىلەن مەشغۇل بولسا، بىز داپنى تاراڭلىتىپ، ئويۇن - تاماشا بىلەن مەشغۇل بولىدىغان ھالەت شەكىللەندى. تەشۋىقات ۋاستىلىرىدىمۇ سەنئەتكارلار، يازغۇچى، شائىرلار زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىندى. بالىلىرىمىزمۇ قويۇق سەنئەت، ئەدەبىيات مۇھىتىدا چوڭ بولۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنى ئالاھىدە ياخشى كۆرىدىغان ئىدىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، تەرەققىياتقا نىسبەتەن بىۋاسىتە پىشاڭلىق رول ئوينايدىغان تەبىئىي پەندىن بارغانچە يىراقلىشىپ كەتتى، ھەتتا «تەبىئىي پەنگە كاللىسى ئۇتمەيدۇ» دەپ نام ئالدى. تەبىئىي پەنلەرنىڭ تەرەققىياتى شۇ مىللەت، دۆلەتنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىنى بەلگىلەيدىغان، يۇقىرى پەن - تېخنىكا



ھەممىنى ئىستېلا قىلىدىغان يېڭى ئەسىرگە مۇشۇ خىل تەرزدە كىرىش بىز ئۈچۈن زور پاجىئە ھېسابلىناتتى. لېكىن، ئەقىللىق ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى ئاخىرى تەبىئىي پەن ساھەسىدىمۇ ئۆزىنى باشقا مىللەتلەرگە كۆرسىتىپ قويدى. ياپونىيە قاتارلىق تەرەققىي قىلغان ئەللەردە ئوقۇغان بىر تۈركۈم ئۇيغۇر دوكتورلىرى ئاتوم فىزىكىسى، مېدىتسىنا، سىستېما پەنلىرى، قۇرۇلۇش ماتېرىيالچىلىق، بىئولوگىيە، تەبىئىي جۇغراپىيە قاتارلىق كەسىپلەر بويىچە خەلقئارالىق تەتقىقات تۈرلىرىگە قاتنىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ پەۋقۇلئاددە تالانتى بىلەن دۇنيا ئالىملىرىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇردى. ئابدۇللا قادىرمۇ مۇرككەپ، كۆپ خىل، يۇقىرى پەن - تېخنىكىنىڭ مۇجەسسەملىنىشى بولغان ئايروپىلان تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاددىي بىر جۈپ قولى بىلەن ئايروپىلاننى ياساپ ئۇچۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر تەتقىقات، ئىجادىيەت تالانتىنى نامايان قىلدى. دېمەك، بۇ نۇقتىلاردا ئابدۇللا قادىر خەلقىمىزنىڭ ھەقىقىي ئىپتىخارلىنىشىغا ئەرزىيدىغان ئەزىمەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

# سىرلىق ئاسمان، سىرلىق ئۇچقۇ

كەڭ، بىپايان، تۈرلۈك - تۈمەن مۆجىزىلەرگە باي چەكسىز ئاسمان ئىپتىدائىي دەۋرلەردىن باشلاپ ئىنسانلارغا سىرلىق، سېھىرلىك تۇيۇلۇپ كەلدى. ئىپتىدائىي ئىنسانلار كۆز يەتكۈسىز كۆككە تىكىلگىنىچە كۆك قەرىدىكى ئاي، يۇلتۇزلارغا، بىمالال قانات قېقىپ ئۇچۇۋاتقان قۇشلارغا ھەۋەس قىلىپ، كۆكنى ئۇلۇغلاپ، كۆككە چوقۇنىدىغان نۇرغۇن دىنلارنى ياراتتى. ئاسمانغا مۇناسىۋەتلىك بولغان كۆپلىگەن گۈزەل رىۋايەتلەرنى توقۇپ چىقتى. بۇ رىۋايەتلەردە ئاسمان خۇدالىرى، كۆكتە بەھۇزۇر ئۇچۇپ يۈرىدىغان قاناتلىق پەرىشتىلەر، كۆكتىن چۈشكەن ھەر خىل ئىلاھ ۋە مۆجىزىلەر تەسۋىرلەندى. بۇ ئىنسانلارنىڭ سىرلىق ئاسمانغا بولغان تەلپۈنۈشى، قىزىقىشى، ئاسماننىڭ سىرىنى ئېچىش، ئاسماندا ئۇچۇپ بېقىشقا بولغان ئارزۇسىنى ئىپادىلەيتتى. يىللار، ئەسىرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاسمان ھەققىدىكى رىۋايەتلەر تېخىمۇ بېيىدى، گۈزەللەشتى، ئىنسانلارنىڭ ئاسمانغا بولغان قىزىقىشى يەنىمۇ كۈچەيدى. مىڭ ئۆيلەرنىڭ تاملىرىغا كۆكتە ئۇچۇۋاتقان ئەۋلىيا - ئەنبىيالارنىڭ، ھۆرغىلمانلارنىڭ، سۇمۇرغ، بۈركۈتنى مىنىپ كېتىۋاتقان باتۇر چەۋەندازلارنىڭ رەسىمى سىزىلدى. بوۋايلار نەۋرىلىرىگە ئۇچار گىلەم، قاناتلىق ئات، ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئۇچار تۇلپىرى ھەققىدە ئۇزاق - ئۇزاق چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرىشتى. ئاسمانغا مەپتۇن بولغان كىشىلەر كۆككە قاراپ ئىبادەت قىلىپ، كۆككە چوقۇنۇپ، كۆكتىن بەخت - سائادەت ئىز-



دەشتى. ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشلارغا تىكىلگىنىچە بۇنىڭ سىرىنى بىلىش ئۈچۈن تېگى يوق خىياللارغا پاتتى ۋە تىنىمسىز ئىزدەندى. يۇنان ئەپسانىلىرىدە ئىكارۇسنىڭ شام ۋە قۇش پېيىدىن قانات ياساپ قۇياشنىڭ يېنىغا بارغانلىقى، قانىتى ئېرىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ دېڭىزغا چۈشۈپ كەتكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. 17 - ئەسىردە ئۆتكەن ئەنگلىيىلىك ئامو ئىسىملىك بىر پوپ بېلىكى ۋە پۇتىغا قۇش پېيىنى باغلاپ، ۋېستمىنستېر چېركاۋىنىڭ مۇنارى ئۈستىدىن سەكرەپ ئۇچماقچى بولغان، ئاقىۋەتتە، ئىككى پۇتى ئۈزۈلۈپ كەتكەن. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، 5 - ئەسىردىكى جۇڭگودا كىشىلەر ئۆزىنى يوغان لەگلەككە تېڭىپ، لەگلەكنى ئارغامچا بىلەن يەرگە باغلاپ ئۇچۇشنى سىناق قىلغان. بۇنداق قىلغاندا يىراققا ئۇچقىلى بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ يىراقنى كۆرۈشنىڭ چارىسى ئىدى. مۇبادا تۇيۇقسىز بوران چىقىپ كەتسە ياكى لەگلەك چۇۋۇلۇپ كەتسە، قانداق ئەھۋال يۈز بېرىدىغانلىقىنى ھېچكىم تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. 16 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، مەشھۇر رەسسام، ئارخىتېكتور، ئويمىكار، مۇزىكانت، ئىنژېنېر، ئالىم ۋە كەشپىياتچى لېنارد دافىنچى ئىنسانلارنىڭ ئۇچۇشقا دائىر خىياللارغا بەند بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئاشۇ مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن سىرت، يەنە ئوخشاش بولمىغان ئۈچ خىل تۈردىكى ئۇچقۇنى تەسەۋۋۇر قىلغان. ئۇلار مۇنۇلار ئىدى: قۇش ئۇچقۇ (بۇ مېخانىك قانات ئورنىتىلغان، قانىتىنى قۇشقا ئوخشاش ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئۇچىدىغان ئۇچقۇ ئىدى)، يەنە بىرى، تىك ئۇچار ئايروپىلان، يەنە بىرى، پلانېر (ئۇچقۇچىنىڭ بوشلۇقتا ئۇچۇشىغا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن ئۈستى

تەرىپىگە قانات ئورنىتىلغان) . بۇ خىل ئۇچقۇلار قەغەزگە سىزىلغان رەسىمدىلا ئىبارەت بولۇپ، ئەگەر ئۇلار رەسىمدىكىدەك ياسالسا ئۇچالمايتتى. لېكىن، قانداقلا بولسۇن، تىك ئۇچار ئايروپىلان بىلەن پلانېرغا دائىر تەسەۋۋۇرنىڭ توغرىلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. دافىنچ راستىنىلا پاراخوتنىڭ پىرقىرىغۇچىنى كەشىپ قىلغان، شۇنىڭدەك يەنە پاراشوتنى تەسەۋۋۇر قىلغان. 1785 - يىلى جون پىير بلانچارد ئىسىملىك بىر فرانسۇز پاراشوت باغلانغان بىر ئىتنى ئېگىز ھاۋا بوشلۇقىدىن تاشلىغان. سەككىز يىلدىن كېيىن، يەنى 1793 - يىلى بلانچارد سىناق تەرىقىسىدە بىر قېتىم سەكرەپ، ئۆزىنى پاراشوت بىلەن تۇنجى قېتىم مۇۋەپپەقىيەتلىك سەكرىگەن ئادەم دەپ جاكارلىغان. ئۇ ئاۋىئاتسىيە مۇتەخەسسىسى بولغاچقا، ئىسسىق ھاۋا شارىغا ئولتۇرۇپ ئاسماندا ئۇچقان. تۇنجى قېتىم مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇچۇرۇلغان ھاۋا شارىنى فرانسىيىلىك ئاكا - ئۇكا جوزېف بىلەن ئېدىئون مونگېفېل ياسىغان. 1783 - يىلى فرانكىس پىلات دې روزىيېر بىلەن ماركۇس دې ئاراندىس بۇ ھاۋا شارىغا ئولتۇرۇپ، پارىژ ئاسمىنىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەن. ئىسسىق ھاۋا شارىدىن كېيىن دىرىژابىل مەيدانغا كەلدى. دىرىژابىل ئىچىگە ھاۋادىن يېنىك بولغان گاز قاچىلانغان شار بولۇپ، تۇنجى دىرىژابىلنى ھېنرى گىففا 1952 - يىلى ئۇچۇرغان، بىراق دىرىژابىلنىڭ ئالتۇن دەۋرى 1900 - يىلىغا كەلگەندىلا ئاندىن باشلانغان. 1937 - يىلى «ھىندېنبۇرگ» ناملىق غايەت زور دىرىژابىل كۆيۈپ ۋەيران بولغان، شۇنىڭدىن كېيىن دىرىژابىل قايتا ئۇچۇرۇلمىغان. تۇنجى ھەقىقىي پلانېرغا 1849 - يىلى ئون ياشلىق بىر ئوغۇل بالا ئولتۇرغان



بولۇپ، بۇ پلانېرنى ئەنگلىيىلىك گېئورگى كېيلىي ياسىغان. ئۇ لەگلەككە ئوخشاش بىر ئۇچىنى ئارغامچا بىلەن باغلاپ ئۇچۇرىدىغان پلانېر ئىدى. كېيلىينىڭ بۇ ئىشى گېرمانىيىلىك ئىنژېنېر ئوتو. لىلىئىنتالنى ئىلھاملاندۇرغان، نەتىجىدە، ئوتو ئەينى چاغدىكى پلانېر مۇتەخەسسىسىگە ئايلانغان. دېمەك، كىشىلەرنىڭ كۆكتە پەرۋاز قىلىشقا، كۆكنىڭ چوڭپەردىسىنى ئېچىشقا بولغان ئىنتىلىشى بىر كۈنمۇ توختاپ قالمىغان. ئەلۋەتتە، ئىنسانلارنىڭ ئىزدىنىش، ئۇرۇنۇشلىرى بىكار كەتمىدى. پەن - تېخنىكا ئاخىر ئىنسانلارغا ئاسماندا ئۇچۇش ئىمكانىيىتىنى ياراتتى.

1903 - يىلى قۇشنىڭ ئۇچۇشىدىن ئىلھام ئالغان ئامېرىكىلىق ۋېلسىپىت رېمونتچىسى رايت ئاكا - ئۇكىلار دېزىل ماتور بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان، چاقپەلەكلىك «ئۇچقۇچى 1 - نومۇرلۇق» تۇنجى ئايروپىلاننى ياساپ چىقىپ، شىمالىي كارولىنا شتاتىدىكى بىر دېڭىز ساھىلى بازىرىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇچتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىنسانلارنىڭ ئۇچۇش تارىخى باشلاندى. ئاكا - ئۇكا رايتلارنىڭ ئۇچقۇسى پلانېردىن ئۆزگەرتىپ، ياغاچ ۋە برېزېنت رەختتىن ياسالغان بولۇپ، ئايروپىلاننىڭ ئالدىغا كىچىك تىپتىكى ماتور ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ماتور ئۇچقۇنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئورۋىل رايت بۇ قېتىمقى ئۇچۇشتا 12 سېكۇنتتا 36 مېتىر يەرگە ئۇچقان، بۇ قېتىمقى ئۇچۇش ئاكا - ئۇكا رايتلارنىڭ شۇ كۈندىكى تۆت قېتىملىق ئۇچۇشىنىڭ بىرىنچى قېتىملىقى بولۇپ، ئاكا - ئۇكا رايتلار سىناق تەرىقىسىدە ئۇچۇرۇشتىن ئىلگىرى بەلگىلىگەن 91 مېتىر 50 سانتىمېتىر ئۇچۇش ئارىلىقىدىن خېلىلا يىراق. ئەمما، كىشىنى

خۇش قىلىدىغىنى بۈگۈنكى تۆت قېتىملىق ئۇچۇشنىڭ ھەم-
مىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپلا قالماي، ھەر قېتىمقى ئۇ-
چۇش ۋاقتى بىلەن ئۇچۇش ئارىلىقىمۇ ئالدىنقىسىدىن ئۇزۇن
بولدى. تۆتىنچى قېتىملىق ئۇچۇشتا ۋىلبىر رايت كۈچلۈك
شامالنىڭ ياردىمىدە 59 سېكۇنتتا بىر قېتىمدىلا 260 مېتىر
يىراقلىققا ئۇچتى. ئۇلارنىڭ ئۇچۇش مۇۋەپپەقىيىتى ئىنسان-
لارنىڭ ئۇچۇش تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئېچىپلا قالماي،
مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى ئازاد قىل-
غانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1903 - يىلىدىن ئىلگىرى
كىشىلەر «ئەگەر خۇدا بىزنىڭ ئۇچۇشىمىزنى خالىسا، ئىن-
سانلارغا بىر جۈپ قانات بەرگەن بولاتتى» دېيىشەتتى. 1903 -
يىلىدىن كېيىن كىشىلەر «بىز ئۇچالىغانىكەنمىز، بىز يەنە
قىلالمايدىغان نېمە ئىش بار» دەيدىغان بولدى. مۇشۇنداق
مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇچۇشنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن
ئاكا - ئۇكا رايتلار نۇرغۇن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئۇلار
ئۇچقۇنى لايىھىلەش ۋە ياساش جەريانىدا پەقەت فورمۇلالارنى
ھېسابلاش ۋە لايىھىلەشكىلا نەچچە ئون دەپتەرنى ئىشلىتىپ
بولدى. تىرىشچانلىق ۋە غەيرەت ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت
قازىنىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ۋېلىسىپىت رېمونت قىلىشتى-
كى ماھىرلىقى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ كاپالىتى بولدى.
1908 - يىلى رايت ئاكا - ئۇكىلار ئۆزلىرى ياسىغان ئايرو-
پىلاندا ئۇچۇپ ياۋروپاغا باردى. كۆكتە غارقىراپ ئۇچۇۋاتقان
تۆمۈر قۇشقا ھاڭ - تاڭ بولۇپ ياقىسىنى تۇتۇپ قالغان
كىشىلەردە بىردىنلا ئايروپىلان ياساش، كۆكتە ئۇچۇش قىز-
غىنلىقى كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ ئېگىزگە، يەنى-
مۇ يىراققا ئۇچالايدىغان ئايروپىلانلار مەيدانغا كېلىشكە باش-



لىدى. 1909 - يىلى رايت ئاكا - ئۇكىلارنىڭ ماقۇللۇقى
بىلەن ئامېرىكا ئارمىيىسى ئۇلارنىڭ ئۇچقۇسىنى ئىشلىتىش-
كە باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن دۇنيادىكى تۇنجى ھەربىي ئايرو-
پىلان مەيدانغا كەلدى. نەتىجىدە، ھەر قايسى دۆلەتلەر بەس - بەس
بىلەن ئايروپىلان ياساشقا كىرىشتى. يولۇچىلار ئايروپىلانلى-
رى، سائەتلىك تېزلىكى يۇقىرى بولغان، ئېلېكترونلاش-
قان، ئاپتوماتىك ئايروپىلانلار مەيدانغا كېلىپ، مەخسۇس
ئايروپىلان ئىشلەپ چىقىرىدىغان ئامېرىكا «بوئىن» شىركى-
تىگە ئوخشاش نوپۇزلۇق شىركەتلەر قەد كۆتۈردى. بۇنىڭ
بىلەن بىپايان ئاسمان، قۇشلارنىڭ ئۇچۇشىمۇ كىشىلەرگە
ئانچە سىرلىق تۇيۇلمايدىغان بولۇپ قالدى.

ۋەھالەنكى، تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدىكى ساماۋى بوس-
تانلىقلاردا، قويۇق رىۋايەت تۇسىگە تويۇنغان سېھىرلىك
زېمىندا يەنىلا ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئۇسۇلى بويىچە ياشاۋاتقان
ئەقىل - پاراسەتلىك، ئەمگەكچان، جاپاكەش ئۇيغۇر خەلقى-
نىڭ ئاسمانغا، ئايروپىلانغا بولغان قىزىقىشى قىلچە پەسى-
يىپ قالمىدى. بالىلار يەنىلا ئۇچار گىلەم، ياغاچ ئات ھەق-
قىدىكى چۆچەكلەرنى ئاڭلاپ چوڭ بولدى. كۆجۈم مەھەللى-
لەردە ئەتراپىغا بىر مۇنچە بالىلارنى يىغىۋالغان بوۋايلار:
قەدىمكى زاماندا بىر ياغاچچى بىلەن تۆمۈرچى بولغانىكەن، — دەپ
«ياغاچ ئات» ھەققىدىكى چۆچەكنى باشلايتتى، —
ياغاچچىنىڭ ياساپ كەلگىنى قاناتلىق بىر ياغاچ ئات ئىكەن.
بۇنىڭ خىسلىتىنى بىلمىگەن پادىشاھ كۆزگە ئىلمىغاندەك:
— نېمەڭ بۇ؟ خۇددى ئۇششاق بالىلار ئوينايدىغان
ئويۇنچۇققا ئوخشايدىغۇ، — دەپتۇ. ياغاچچى:
— بۇ ياغاچ ئات، بۇنىڭ ئوڭ قۇلىقىنى بۇرىسا، دەر-

هال ئاسمانغا ئۇچىدۇ، سول قۇلىقىنى بۇرىسا دەرهال يەرگە
چۈشىدۇ. قانچە تېز بۇرىسا، شۇنچە تېز ۋە ئېگىز ئۇچىدۇ.
بۇنى مىنگەن ئادەم خالىغان يېرىگە بارالايدۇ، بىر كۈن
ئىچىدە پۈتۈن دۇنيانى كېزەلەيدۇ، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان شاهزادە ياغاچ ئاتقا مىنىپ ئۇچۇپ بې-
قىشنى تەلەپ قىپتۇ، پادىشاھ ئوغلىدىن ئەنسىرەپ:

— بالام، ئۇچۇپ باقساڭ مەيلى، لېكىن مۇشۇ ئەن-
راپنى ئايلىنىپ قايتىپ چۈشكىن، ئانچە يىراققـا بـارمـ-
ـا! — دەپ يېنىش - يېنىشلاپ تاپىلاپتۇ.

شاهزادە خۇشال بولۇپ، ئاتقا مىنىپ ئوڭ قۇلىقىنى
شۇنداق بۇراپتىكەن، ھەش - پەش دېگۈچە ئاسمانغا كۆتۈرۈ-
لۈپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن شاهزادە يەرگە شۇنداق قارىغۇدەك
بولسا، هاي - هاي! تاغلار، سۇلار، دەل - دەرەخلەر، ئۆي -
ئىمارەتلەر ۋە ئادەملەر . . . بارلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى
چىرايلىق ۋە شۇنداق كىچىك كۆرۈنۈپتۇ. بۇ قىزىقچىلىقتا
شاهزادە دادىسىنىڭ بايا ئېيتقان سۆزلىرىنى يادىدىن چىقى-
رىپ قويۇپتۇ. ئۇچا - ئۇچا بەك ئېگىزگە ئۆرلەپ كېتىپتۇ.
قانچە ئېگىزگە ئۆرلىسە، يەر - زېمىن ۋە پۈتۈن نەرسە شۇنچە
كىچىك ۋە چىرايلىق كۆرۈنۈپتۇ. شاهزادە خۇشاللىقتا چۆ-
مۈپتۇ! ئاتنىڭ ئوڭ قۇلىقىنى بۇراۋېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ
بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا بايىقى تاغلار، سۇلار، دەل - دەرەخلەر
ۋە ئادەملەرنىڭ بارلىقى شاهزادىنىڭ كۆزىدىن غايىب بوپتۇ.
ئۇچا - ئۇچا شاهزادىنىڭ قورسىقى ئېچىشقا باشلاپتۇ، دەررۇ
ئاتنىڭ سول قۇلىقىنى ئاستا - ئاستا بۇراپ پەسىيىپتۇ، بىر
يەرگە يېرىپ قارىغۇدەك بولسا، باشقا بىر شەھەر كۆرۈنۈپ-
تۇ. شاهزادە ئاستا - ئاستا يەرگە چۈشۈپتۇ . . .



شۇنداق قىلىپ بالىلار «قۇلىقىنى بۇراپلا قويسا ئۇچىد-
دىغان ياغاچ ئات»قا مەپتۇن بولۇشتى. ئاتا - ئانىلىرىغا
جېدەل قىلىپ يۈرۈپ، ياغاچچىلارغا قاناتلىق ياغاچ ئاتنى
ياسىتىپ، ئاتنى مىنىپ كوچىلاردا يۈگۈرۈپ «ئۇچۇشتى». ئې-
گىز دۆڭلۈكلەردىن، ئۆگزىلەردىن ئويمان جايلارغا، كۆل
بويىدىكى قىرچىن تال(سۆگەت) لاردىن سۇلارغا سەكرەپ
ئۇچۇشنى مەشىق قىلىشتى. قىسقىسى بالىلارنىڭ ئۇچۇشقا،
ئۇچقۇغا (ئايروپىلاننىڭ يەرلىك تىلدا تەلەپپۇز قىلىنىشى)
بولغان قىزىقىشىنىڭ ئورنىنى ھەر قانداق نەرسە باسالمايت-
تى.

خەلقىمىز ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى تۇنجى
قېتىم ئايروپىلان بىلەن ئۇچراشقان بولۇپ، بۇ ۋاقىتتىكى
ئايروپىلانغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەم كومېدىيىلىك، ھەم
تراگېدىيىلىك ئەھۋاللارنى ئەسلەپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ:
1931 - يىلى ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېنلارنىڭ مۇستەبىت
ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قۇمۇل تاغلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن،
تۇرپان ئويمانلىقىدا قىزغىن ئاۋاز قوشۇشقا ئېرىشكەن دېھ-
قانلار قوزغىلىڭىنىڭ شىددەتلىك يالقۇنى پۈتۈن شىنجاڭ
تۇپرىقىنى ئۆز ھارارىتى ئىچىگە ئالدى. 1933 - يىلى 1 - ئايدا
مەخسۇت مۇھىتى، مەھمۇت مۇھىتى باشچىلىقىدىكى تۇرپان
قوزغىلاڭچىلىرى غەلىبىلىك ئۇرۇشلارنى قىلىپ، تۇرپان
يېڭىشەھەر، كونا شەھەرلەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن
پىچانغا يۈرۈش قىلدى ۋە پىچان سېپىلىنى مۇھاسىرىگە ئې-
لىپ، بۇ يەردىكى دۈشمەنلەرنى قاتتىق ساراسىمىگە سالدى.
دەل شۇ چاغدا قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش
قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى، جاللات شېڭ شىسەي تۆت مىڭ-

دىن ئارتۇق ئەسكەر ۋە ئىلغار قوراللار بىلەن قوراللىنىپ، قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن پىچانغا ھۇجۇم قىلىپ كەلدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا قوزغىلاڭچىلار ئىستراتېگىيەلىك يۆتكىلىش ئېلىپ بېرىپ، بىر تەرەپتىن ئۇرۇش قىلىغاچ بىر تەرەپتىن تۇرپانغا قاراپ چېكىندى. قوزغىلاڭچىلار لەمجىن يېزىسى تەۋەسىگە كەلگەندە ئۇرۇمچى تەرەپتىن بىر قوش قاناتلىق ئايروپىلان كېلىپ، ئۇرۇش مەيدانىنىڭ ئۈستىدە ئايلىنىشقا باشلىدى. بۇ شىنجاڭنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئايروپىلاننى دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا تۇنجى قېتىم ئىشلىتىشى ھەم بۇ يەردىكى خەلقنىڭمۇ ئايروپىلاننى تۇنجى قېتىم كۆرۈشى ئىدى. بىر قىسىم پىدائىيلار ئاسماندا غارقىراپ ئۇچۇۋاتقان بۇ تۆمۈر قۇشقا ھەيران بولغىنىچە، دوپپىلىرىنى قولىغا ئېلىپ قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى. يەنە بىر قىسىملار «بۇ قۇدرىتى چەكسىز نەرسىكەن» دەپ قاراپ قورقۇپ، ھەر تەرەپكە پىتىراپ كېتىشتى. يەنە بىر قىسىم پىدائىيلار بولسا: «قورقماڭلار، بومبا تاشلايدىغان بولسا تاشلاپ باقسۇن، ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قاغىنىڭ پوقى كىمنىڭ بېشىغا چۈشۈپتۇ» دېيىشىپ، پەسەنتىگە ئالمىدى ۋە ئايروپىلاننى قارىغا ئېلىپ ئوق چىقىرىشتى. بەختكە يارىشا ئايروپىلان بومبىنى دەل جايىغا تاشلىيالمىغاچقا، پىدائىيلار كۆپ چىقىمدار بولمىدى.

1937 - يىلى قەشقەردە تۇرۇۋاتقان تۇرپان، قۇمۇل قوزغىلىڭىنىڭ ھەربىي سەركەردىسى، جەنۇبىي شىنجاڭ ئامانلىق ساقلاش شتابىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، قوشۇمچە 6 - ئاتلىق دىۋىزىيىنىڭ باشلىقى مەھمۇت مۇھىتى شېڭ شىسەينىڭ تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن زىيانكەشلىك قىلىشى، قىستىشى



ئارقىسىدا ئامالسىز لاداخ يولى بىلەن ھىندىستانغا چىقىپ كەتتى. بۇ چاغدا مەھمۇت مۇھىتىنىڭ قول ئاستىدىكى قەھرىمان لىيەنجاڭ ئابدۇنىياز شىجاڭلىق ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئېلىپ، قالدۇق قىسىملارغا باشچىلىق قىلىپ، شېڭ شىسەيگە قارشى جەڭگە ئاتلاندى. شۇ يىلى 6 - ئايدا ئابدۇنىياز قىسىملىرى كەلپىننىڭ سايباغ دېگەن يېرىدە ئىككى ئايروپىلاننىڭ بومباردىمان قىلىشىغا ئۇچرىدى. پىدائىيلار ئايروپىلاننى تۇنجى قېتىم كۆرگەن بولغاچقا، تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى، بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن دۇشمەن ئايروپىلانلىرى پەس ئۇچۇپ پىلىموت بىلەن بىرمۇنچىلىغان پىدائىيلارنى قىرغىن قىلدى. بۇنىڭدىن دەرغەزەپكە كەلگەن مەرگەن ئابدۇنىياز شىجاڭ بىر ئېگىز قىيالىققا چىقىپ، بەش ئاتار مىلتىق بىلەن چەنلەپ ئېتىپ، ئايروپىلانغا ئوقنى تەگكۈزدى. ئايروپىلان يارىلانغان قاغىدەك پۇلاڭلاپ ئۇچقىنىچە تاغ باغرىغا چۈشۈپ كەتتى. پىدائىيلار يۈگۈرۈشۈپ بېرىپ، ئايروپىلاندىكى بىر ئەسكەرنىڭ ئۆلگەنلىكىنى، ئۇچقۇچىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇچقۇچىنى ئەسىرگە ئالدى. ئايروپىلاننى تۇنجى قېتىم كۆرگەن پىدائىيلارنىڭ قارا مىلتىق بىلەن دۇشمەن ئايروپىلانىنى ئېتىپ چۈشۈرۈشى ئۇرۇش تارىخىدىكى بىر مۆجىزە ئىدى.

1934 - يىلى 3 - ئاينىڭ ئاخىرقى بىر كۈنى قەشقەر ئاسمىنىدا بىر ئايروپىلاننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇزاق ئۆتمەيلا بىر قىرغۇچى بومباردىمانچى ئايروپىلان قەشقەر شەھىرى ئاسمىنىنى بىر قانچە قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن شەھەردىن تەخمىنەن ئالتە - يەتتە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئەسكى ھىسار (قاراخانىيلار دەۋرىدىكى قەدىمكى قورغان) خاراب-

سىگە قوندى. شۇ ئەتراپتىكى كىشىلەر ئاسماندا ئۇچالايدىغان بۇ تۆمۈر مەخلۇققا ھەيران بولغىنىچە يىراقتىن قاراپ تۇرۇشتى. ھەربىي، مەمۇرىي دائىرىلەر بۇ ئىشتىن ئالاقزادە بولۇپ، ئايروپىلاننىڭ ئەتراپىنى قورشىدى. شۇ ئارىدا ئايروپىلاننىڭ ئىچىدىن ئۇچقۇچى كىيىمى كىيگەن 27 ياشلىق ئۇيغۇر يىگىتى ئابدۇقادىر چىقىپ: «سالام ئانا يۇرتۇم قەشقەر، سالام ئەزىزانە خەلقىم. . .» دەپ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تەزىم قىلدى ۋە «ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى نەدە؟» دەپ سورىدى.

ئابدۇقادىر ئەسلىدە قەشقەرلىك بولۇپ، 1914 - يىلى ئاتىسى مۇھەممەت رېھىم ئاخۇن بىلەن ھەج قىلغىلى مېڭىپ، باغدادقا كەلگەندە ئەنگلىيە ئاخبارات ئورۇنلىرى تەرەپىدىن ئوغرىلىنىپ كەتكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەنگلىيىلىك بىر گېنېرال ئابدۇقادىرنى ئەنگلىيە ئاۋىئاتسىيە مەكتىپىدە ئوقۇتتى. ئابدۇقادىر مەكتەپنى ياخشى ئوقۇپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىسى بولغان ھىندىستاندا خىزمەت قىلدى. كېيىن ئۇ چوڭ ئەترەت باشلىقى بولۇپ ئۆستۈرۈلۈپ، كاراچىدا ھەربىي خىزمەت ئۆتەدى.

1934 - يىلى 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى باسمىچى ما جۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدىكى ما فۇيۈەن قەشقەرگە بېسىپ كىرىپ، قەشقەر شەھىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى، قەتلىئام يۈرگۈزۈپ، مىڭلىغان كىشىنىڭ جېنىغا زامىن بولدى. بۇ قانلىق ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان ئابدۇقادىر يات تائىپىلەرنىڭ ئانا يۇرتىدا قىلىۋاتقان قىرغىنچىلىقىغا چىداپ تۇرالماي، قىساس ئېلىش نىيىتىگە كەلدى ۋە تولۇق قوراللىنىپ،



ھەربىي تۈزۈمگە، ئۆزىنىڭ ھايات - ماماتىغا قارىماي، ھېچقانداق ھاۋا يولى بولمىغان، سىرى ئېچىلمىغان قاراقورۇم تاغلىرىدىن ئۆزىنىڭ يۇقىرى ئۇچۇش تېخنىكىسى بىلەن كېسىپ ئۆتۈپ، قەشقەر شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. ئەپسۇسكى، ئابدۇقادىر قەشقەرگە كەلگەندە ما جۇڭيىڭ سوۋېتكە قېچىپ كەتكەن، ما خوسەن خوتەننى بېسىپ ياتقان، قەشقەر شىڭ شىسەينىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەنىدى. شۇڭا، ئۇ ئارتۇق پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا ئامالسىز قالدى. لېكىن، ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخىرلىك ئۇچقۇچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن تۆمۈر قۇشنىڭ ياردىمىدە ئانا يۇرتىغا ئۇچۇپ كېلىپ، ئاتا - ئانا، قېرىنداشلىرىنىڭ، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن زېمىنىنىڭ مېھرىگە قېنىپ، يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى نامايان قىلدى. (ئۇيغۇر ئۇچقۇچىسى ئابدۇقادىر ھەققىدىكى بايانلار شېرىپ خۇشتارنىڭ 2000 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەر» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى).

دېمەك، خەلقىمىزگە ئايروپىلان ناھايىتى سىرلىق، يېڭى، ئۆزگىچە شەيئى بولۇپ تۇيۇلاتتى. شۇڭا، بۇ زېمىندا ئاسماندىن بىرەر ئايروپىلان غارقىراپ ئۆتسە، ئاپئاق ساقاللىق بوۋايلار، بەللىرى يادەك ئېگىلگەن مومايلار شاپاق دوپپا، لېچەكلىرىنى سايىۋەن قىلىپ ئاسمانغا ئۇزاقتىن - ئۇزاق تىكىلىشەتتى. شۇنچە يوغان تۆمۈر مەخلۇقنىڭ ئاسماندا ئۇچۇۋاتقانلىقىغا ئەقلىنى يەتكۈزەلمەي، ياقىلىرىنى چىشلىشىپ، باشلىرىنى چايقىشاتتى. ئاسماندا غوڭۇلدىغان ئاۋاز ئاڭلىنىشى بىلەن تەڭ، مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان دېھقان

بالىلىرى ئۇقۇتقۇچىنىڭ توسقىنىغا قارىماي سىنىپلاردىن
چۇرقىرىشىپ چىقىپ: «ئەنە ئۇچقۇ، ئۇچقۇ» دېيىشىپ كۆك-
كە تەلمۈرۈشەتتى. بۇ بالىلار كىچىكىدىن باشلاپ قەغەزدىن
ھەر خىل ئۇچقۇلارنى ياساپ ئۇچۇرۇپ مۇسابىقىلىشىپ،
لەگلەك ياساپ ئويناپ ئۆسۈپ يېتىلەتتى. قارىغاندا، ئۇلار
ئۆزلىرىنىڭ يېنىدا، كۆز ئالدىدا بىرى ئۇچقۇ ياساپ ئۇچقاز-
دىلا ئاندىن بۇ مۆجىزىگە ئىشىنىدىغاندەك، ئىنسان ئەقىل - پارا-
ستىنىڭ، پەن - تېخنىكىنىڭ قۇدرىتىنى چۈشىنىدىغاندەك،
پەقەت شۇ چاغدىلا ئۇلار ئۇچقۇنى ئۆزلىرى ياساپ ئۇچقانغا
ئوخشاش ھۇزۇرلىنىدىغاندەك، پەخىرلىنىدىغاندەك قىلاتتى.
ئەلۋەتتە، ئادەم قىلغان ئىشنى ئادەم قىلالايدۇ. بولۇپمۇ
تارىختا نۇر چاقناپ تۇرىدىغان نى - نى مەدەنىيەت ئۆلكىلىرى-
نى ياراتقان ئەقىل - پاراسەتلىك ئۇيغۇرلار بۇ ئىشنى قىلالاي-
دۇ ھەم قىلدى.

تۇرپان ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ ئاددىي
ئۇقۇتقۇچىسى ئابدۇللا قادىر ھەرە، پالتا، ئېكەك قاتارلىق
ئىپتىدائىي سايمانلار، ياغاچ، تۆمۈر، رەخت قاتارلىق يىرىك
ماتېرىياللار بىلەن ئۇچقۇنى (ئايروپىلاننى) ئۆزى لايىھە-
لەپ، ئۆزى ياساپ، ئۆزى ئۇچقۇچى بولۇپ كۆكتە پەرۋاز
قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھېسابسىز قان - تەرى، جاپا - مۇشەق-
قەت، خورلۇقلىرى، تولدۇرۇۋالغۇسىز بەدەللىرى شەرىپىگە
ھەممىمىزنى ئىپتىخارلاندۇرىدىغان، ھۇزۇرلاندۇرىدىغان بىر
مۆجىزىنى ياراتتى. مىللىتىمىزنىڭ جاسارىتىنى، پاراسىتى-
نى دۇنياغا نامايان قىلدى. بۇ ئەلۋەتتە قەلبىمىزگە ياد
بولۇپ كەتكەن رىۋايەت ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي رېئاللىق
ئىدى.



# باللىقتىكى پەرۋاز

تۇرپان شەھىرىنىڭ بىر كىلومېتىر شەرق تەرىپىدە
شەھەر بىلەن تۇتاش بولغان «باغىر» دەپ ئاتىلىدىغان، شى-
مالدىن جەنۇبقا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن يەتتە كىلومېتىر كېلى-
دىغان بىر بوستانلىق بار. بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىللار
ئىلگىرى بۇ يەردە سىم دەرياسى دەپ ئاتىلىدىغان بىر دەريا
ئېقىنى بولغان، ئەمگەكچان ئەجدادلار كېيىن بۇ دەريانىڭ
بويىغا كۆچۈپ كېلىپ، تاشلىق سايىنى ئۆزگەرتىپ بۇ يەردە
بىر پارچە بوستانلىقنى بەرپا قىلغان. ئىدىقۇت، يارغول
قەدىمكى شەھىرى ئاھالىلىرى ۋە يىراق - يېقىندىن بۇ شە-
ھەرلەرگە كەلگەن مېھمانلار جەننەتتەك گۈزەل بۇ بوستانلىققا
كېلىپ سەيلە - ساياھەت قىلىشقان ۋە بۇ يەردىكى ئەمگەكچان
خەلققە قايىل بولۇپ، ئۇلارنى «ھېچنېمىگە باش ئەگمەيدى-
غان، ئەمگەكچان، جىگەرلىك» دېگەن مەنىدىكى «باغىرلىق»
(«تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم 643 - بەتتە قەدىمكى
ئۇيغۇر تىلىدىكى «باغىرلىغ» دېگەن سۆزنى «جىگەرلىك»
دەپ ئىزاھلايدۇ) دېگەن سۆز بىلەن ماختاشقان. شۇنىڭدىن
كېيىن بۇ يەر «جىگەرلىك ئەرلەر يۇرتى» دېگەن مەنىدىكى
«باغىر» دەپ ئاتىلىپ، بۇ نام ھازىرغىچە قوللىنىلىپ كەل-
گەن.

باغىر رايونىدا چىلانلىق، باغىر، تاشتوغان، مۇنار،
خېنىمجاي قاتارلىق بەش كەنت بار بولۇپ، بۇ يەردە مەملى-
كەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان، دۆلەت ئىچى ۋە سىر-
تىغا مەشھۇر بولغان داڭلىق تارىخىي يادىكارلىق - سۇلايمان

ۋاڭ مۇنارى ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ مۇنار
دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە زور تۆھپە قوشقان ۋەتەنپەر-
ۋەر خوجا - ئىمىن ۋاڭنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ئوغلى
سۇلايمان ۋاڭ تەرىپىدىن 1777 - يىلى ياسالغان بولۇپ،
ئېگىزلىكى 44 مېتىر كېلىدۇ. مۇنار كۆك خىشتىن تۆۋەن-
دىن يۇقىرىغا جىپسىلاشتۇرۇلۇپ، ئون نەچچە خىل نەقىش
چىقىرىلىپ ئاجايىپ كۆركەم ياسالغان. مۇنارنىڭ ئىچىدە
بۇرما شەكىللىك 72 پەلەمپەي بار بولۇپ، مۇنارنىڭ ئەڭ
ئۈستىدىكى گۈمبەزگە چىققاندا تۇرپان شەھىرىنى تاماشا قىل-
غىلى بولىدۇ. ئابدۇللا قادىر 1959 - يىلى 7 - ئايدا دەل
مۇشۇ كەنتتە قادىر كېرەم ئىسىملىك بىر دېھقان ئائىلىسىدە
دۇنياغا كەلدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەمگەكچان، قىزغىن
سۈپەتلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن، ساۋاتسىزلىقنىڭ
دەردىنى يەتكۈچە تارتقان قادىر ئاكا ئوغلى ئابدۇللا تۇغۇلغان-
دىلا ئۇنى ئاخىرىغىچە ئوقۇتۇش قارارىغا كەلگەنىدى. قادىر
ئاكا ئوغلى ئابدۇللا بىر ياشقا كىرگەن كۈنى، شۇ ئەتراپتا
ئۆزۈندىن بۇيان ساقلانغان ئەقىدىگە ئاساسەن تۇرپاننىڭ
سىمۋولى بولغان سۇلايمان ۋاڭ مۇنارىنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى
قەۋىتىگە ئېلىپ چىقىپ، ئوغلىنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈرلۈك،
بەخت - سائادەتلىك بولۇشىنى تىلىدى.

60 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرى يازنىڭ تومۇز ئىسسىق
مەزگىلى. مۇنار مەھەللىسىدىكى بەشكوچا دەپ ئاتىلىدىغان
ئەڭ چوڭ كوچىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى ئۈجمە سايىسىدا بىر
قانچە ئوتتۇرا ياشلىق كىشى مۇشۇك ياپىلاق پىيىدىن ياسال-
غان يەلپۈگۈچ بىلەن ئۆزلىرىنى يەلپۈپ ئولتۇراتتى. گويا
تومۇزنىڭ بارلىق ئىسسىقى مۇشۇ مەھەللىگە قاپسىلىۋالغان-



دەك مەھەللە ئىچى ئاجايىپ ئىسسىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار
تاش ئۆستەڭدە سۇغا چۆمۈلۈپ ئويناۋاتقان باللىرىنى چاقى-
رىپ، تاغدىن بېرى مۇزلىتىپ قويغان چايلىرىنى ئەكەلدۈ-
رۈپ ئىچىپمۇ باقتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ چاڭقاقلىقى ھېچ
قانداي دېمەيتتى. مەملىكەت بويىچە ئەڭ ئىسسىق، دېڭىز
يۈزىدىن 154 مېتىر تۆۋەن بولغان، ئوت پۈركۈپ تۇرغان
مەشھۇر يالقۇنتاغنى ئۆز قوينىغا ئالغان، يىل بويى ئوتتۇرىچە
تېمپېراتۇرا 14.3 سېلسىيە گرادۇسقا، ياز كۈنىدىكى ئەڭ
يۇقىرى تېمپېراتۇرا 49 سېلسىيە گرادۇسقا، يەر يۈزىنىڭ
ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 75 سېلسىيە گرادۇسقا يېتىدى-
غان، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ،
ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاز بولغان، «ئوت يۇرتى» دەپ ئاتال-
غان بۇ يۇرتتا ياشاپ قالغاچقا ئۇلارغىمۇ ئامال يوق ئىدى،
ئەلۋەتتە!

ئولتۇرغان كىشىلەرنىڭ ئىچىدىكى قادىراخۇن 50 ياش-
لارغا يېقىنلىشىپ قالغان، ئېگىز بوي، ئىللىق چىراي،
ساقىلىنى چىرايلىق ياساتقان كىشى ئىدى. ئۇ بىردەم سۆھ-
بەتداشلىرىنىڭ پارىڭىغا قۇلاق سالسا، بىردەم ئېرىقتا سۇ
چېچىشىپ ئويناۋاتقان باللارغا قاراپ، ئۆزىنىڭ باللىق
چاغلىرىنى ئەسكە ئالغاندەك خۇش تەبەسسۇم بىلەن كۈلۈپ
قوياتتى. تومۇز ئىسسىقتىن پاناھلىنىپ، ئۆستەڭ سۈيىدە
راھەتلىنىپ ئويناۋاتقان باللارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ يالغۇز پەر-
زەنتى ئابدۇللامۇ بار بولۇپ، ئابدۇللا ئورۇقراق كەلگەن،
چىرايىدىن زېرەكلىكى چىقىپ تۇرىدىغان، ئۆزى كىچىك
بولغىنى بىلەن ئورۇنلۇق سۆزلەيدىغان بالا ئىدى. قادىرئا-
خۇن بىلەن ھەسەلخان بۇ يالغۇز ئوغلىغا قەۋەتلا ئامراق

ئىدى.

شۇ ئارىدا مەھەللە مەسچىتىدىن ئەزاننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، سۇ بويىدا سەگىدەپ ئولتۇرغان چوڭلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ پېشىن نامىزىنى ئۆتەشكە مېڭىشتى. چوڭلارنىڭ تارقاپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن بالىلار تېخىمۇ كەيپسىزلىنىشىپ، سۇ ئىچىدە شوخ ئۆردەكلەردەك راسا يايراپ ئويناشتى، قىرغاقا چىقىپ قۇمغا بەدەنلىرىنى يېقىپ يېتىشتى. بىر چاغدا بالىلار سۇ ئويناشتىن زېرىكتى بولغاي، كىيىملىرىنى كىيىشىپ كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ توختىدى.

— نەگە بېرىپ ئوينايمىز؟ — دەپ سوراشتى بالىلار بىر - بىرىدىن.

— ئاۋۇ تەرەپكە بېرىپ ئوينايلى، — دېدى بالىلاردىن بىرەيلەن مۇنارنى كۆرسىتىپ.

— شۇنداق قىلايلى، — دېدى ئابدۇللا، — مۇنارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئۇچايلى.

بالىلار بىر - بىرىگە باقماي يۈگۈرۈپ مۇنار تەرەپكە قاراپ چېپىشتى. ئابدۇللانىڭ قولىدا ئۆزى ياسىۋالغان قەغەز ئۇچقۇ (ئايروپىلان) بار بولۇپ، ئاسمانغا ئېتىپ ئۇچۇرۇپ، يەرگە چۈشۈپ كەتسە يەنە ئاسمانغا ئېتىپ ماڭاتتى. يەنە بىرنەچچەيلەن بولسا چىۋىقنى ئات قىلىپ چېپىپ ماڭماقتا ئىدى. مۇنار ئۈستىدە ئويناپ ھېرىپ قايتىپ كەلگەن بالىلار كەچقۇرۇن مەھەللىنىڭ بەشكوچا دوقمۇشىدىكى قۇم ئۈستىگە جەم بولدى. قۇم دەپ ئاتىلىدىغان بۇ جاي بەشكوچىنىڭ بالىلىرى يىغىلىدىغان يۇمشاق قۇملۇق بولۇپ، بەزى ئاخشاملىرى بۇ يەرگە 30 ـ 40 تەك بالا جەم بولۇپ قالاتتى. بالىلار بۇ يەردە ھەر خىل ئويۇنلارنى ئوينايتتى، چوڭلارنى



تۇتۇۋېلىپ چۆچەك ئېيتقۇزاتتى. بۈگۈن ئاخشاممۇ شۇنداق بولدى، بالىلار خۇپتەن نامىزىدىن يانغان ئىمىن ئاكىنى تۇتۇۋېلىپ، چۆچەك ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. سەل ئالدىراپ سۆزلەيدىغان، ئىللىق چىراي، خۇش پېئىل كەلگەن، ئايدىڭ كېچىلەردە بالىلارغا داۋاملىق چۆچەك ئېيتىپ بېرىدىغان چۆچەكچى ئىمىن ئاكا بۈگۈن ئاخشام بالىلارغا «كىشمىش يەيدىغان تۈلپار» دېگەن چۆچەكنى ئېيتىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئابدۇللا باشلىق بالىلار قىزغىن چاۋاك چېلىشىپ، ئىمىن بوۋاينىڭ ئەتراپىنى چۆرىدەپ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن چۆچەكنى ئاڭلاشقا باشلىدى:

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن، بۇنىڭدىن ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى قەدىمىي ماكان تۇرپاندا بىر كىشى بولغانىكەن. بۇ ئادەمنىڭ خانتەڭرى ئاتلىق ئوغلى بولۇپ، ئايالى ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. بىر كۈنى بۇ كىشى ئوغلىغا:

— ئاپاڭ ۋاپات بولۇپ كەتكىنىگە ئۇزاق بولدى، سەنمۇ ئون ئۈچ ياشقا كىرىپ، ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتكۈدەك بولۇپ قالدىڭ. مەن ئەمدى ئۆيلىنىش قارارىغا كەلدىم. توي قىلىشتىن ئىلگىرى قانداق تىلىكىڭ بولسا ماڭا ئېيتساڭ، شەرتسىز ئىجرا قىلىپ مۇرادىڭغا يەتكۈزىمەن، — دەپتۇ.

خانتەڭرى:

— ئۇنداق بولسا ماڭا بىر تاي ئېلىپ بېرىڭ، — دەپتۇ. ئاتىسى خانتەڭرىنىڭ تەلىپى بىلەن مال بازىرىغا بېرىپ ئات تاللاشقا كىرىشىپتۇ. ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن مال بازىرىنى ئۈچ كۈن ئايلانغان بولسىمۇ، ھەر نوچى ئاتلار خانتەڭرىنىڭ پەسەنتىگە ياقماپتۇ. ئاتىسى ئۇنىڭغا ئاق، قا-

را، تورۇق قۇلان، ئالا، بورغۇل، كۆل رەڭ، جىرەن قاشقا ئاتلارنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆمكىنى، يانپېشىنى، بويىنى، بېشى، پۇتى، تۇيىقى، كۆزى، بۇرنى، يايلى ۋە قۇرۇقلىرىنىڭ كۆركەملىكى، سىنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، بويىنىڭ ئېگىز - پەسلىكى ئورۇق - سېمىزلىكى، قەدەم ئارىلىقى، يېشىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، تەقى - تۇرقى ھەققىدە بىر تالاي سۆزلىگەن بولسىمۇ، ھېچبىر ئات خانتەڭرىگە ياقماپتۇ. ئۇلار ئۇمىدسىزلىنىپ كېتىۋاتقاندا، خانتەڭرى ئۇشتۇمتۇت بىر كىشى يېتىلەپ كېتىۋاتقان كىچىككىنە تاينى كۆرسىتىپ:

— ئاتا، ماڭا مۇشۇ تاينى ئېلىپ بېرىڭ، — دەپتۇ.

ئاتىسى تاينى نەزەر غەلۋىرىدىن ئۆتكۈزۈپ:

— بۇ تاينىڭ دۇمبىسىنى قۇتۇر بېسىپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ مال بولۇشىدىن بولالماسلىقى تولىراق. مەيلى، سەنلا خالايدىغان بولساڭ ئېلىپ بېرەي، — دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ خانتەڭرىنىڭ ئاتىسى ئازراقلا پۇلغا ھېلىقى تاينى سېتىپ ئېلىپ بېرىپتۇ. ئېشىپ قالغان پۇلغا ئالتۇن ئېگەر، كۈمۈشتىن ياسالغان كەمەلدۈرۈك ۋە قۇشقۇنلارنى سېتىپ ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. خانتەڭرى ئىنتايىن خۇشال بولۇپ ئاتىسىغا رەھمەت ئېيتىپتۇ. ئەتىسى ئاتىسى ئوغلىغا:

— ئوغلۇم، بۇ تاي ئاخشام بەرگەن ھەلەپنى ئازراقمۇ يېمەپتۇ. بۈگۈن تاڭ سەھەردە قوناق بەرسەم ئۇنىمۇ يېمەپتۇ. ئىگىسىگە ۋاقتىدا قايتۇرۇۋەتمىسەك، بۇ جانىۋار ئۆلۈپ قالىدىغان چېغى، — دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ تاينى ھېلىقى كىشىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ، بولغان ئەھۋالنى دەپتۇ. ئۇ كىشى:



— بۇ تاي ئىنتايىن ياخشى ئات نەسلىدىن. ئۇ ھەلەپ يېمەيدۇ، بەلكى كىشمىش ئۈزۈم يەيدۇ، ئىشەنمىسەڭلار كۆرۈپ بېقىڭلار، — دەپ بىر چاڭگال قۇرۇق ئۈزۈمنى تايغا بەرگەنىكەن، تاي پاك - پاكىز يەپ تۈگىتىپتۇ. ئاتا - بالا ئىككىيلەن قايتا مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، تاينى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ ئايرىم ئېغىل سېلىپ، ئالاھىدە ئوقۇر ياساپ بېقىشقا كىرىشىپتۇ. پات ئارىدىلا تاي ھاللىنىپ دۈمبىسىدىكى قوتۇرلىرى ساقىيىپتۇ. ئاتىسىمۇ كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپ بىر ئايالغا ئۆيلىنىپتۇ.

خانتەڭرى ھەر كۈنى سەھەردە ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن، يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ بولۇپلا ئېغىلغا كىرىپ، تاينىڭ ئۇستىۋاشلىرىنى تاتىلغۇچ بىلەن تاتىلاپ ئادالىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ھال - ئەھۋال سورايدىكەن، پېشانىسىگە سۆيىدىكەن، سۇغىرىدىكەن، ئېغىلنى تازىلايدىكەن، ئاندىن يەم بېرىدىكەن. چېيىنى ئىچىپ مەكتەپكە بارغۇچە بوغچىسىنى قۇرۇق ئۈزۈم بىلەن تولدۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن يەنە ئېغىلغا كىرىپ، تايغا ئۆزىنىڭ مەكتەپكە بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ خوشلىشىدىكەن. مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەڭ ئالدى بىلەن ئېغىلغا كىرىپ تاي بىلەن تىنچلىق - ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن، بوغچىسىدىكى ئۈزۈمنى تايغا تۆكۈپ بېرىپ ئاندىن ئۆيگە كىرىدىكەن. ھەر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى تاينى يېتىلەپ مەھەللە ئەتراپىنى ئايلاندۇرۇپ ئوينىتىدىكەن. ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى، ئوقۇشىنى، ئۆگەي ئاپىسىنىڭ ھاياسىزلىقىنى، ئاتىسى تارتىۋاتقان جاپا - مۇشەققەتلەرنى قىلچە يوشۇرماي سۆزلەپ بېرىدىكەن.

كۈنلەر شۇ تەرىقىدە بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈۋې-

رىپتۇ. خانتەڭرىمۇ چوڭ بوپتۇ. تايمۇ ئۆسۈپتۇ، تۈكلىرى ئالتۇندەك پارقىراپتۇ، ئەمدى ئۇنى تاي دەپ ئاتاش ئەقىلگە مۇۋاپىق بولماي قاپتۇ. شۇڭا، خانتەڭرى ئاتىسى بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا «تۇلپار» دېگەن ئاتنى قويۇپتۇ. تۇلپارنىڭ تەن تۈزۈلۈشى ئىنتايىن قاۋۇل ئىكەن. بېشى تىك، بويى، ئۆمكىنى كېلىشكەن، سىنى ئۇزۇن، ساغرىسى تولۇق، يايلى بىلەن قۇيرۇقى كۆركەم، پۇت - قولى مەزمۇت، تۇياقلىرى چىڭ، بوينى ئېگىز، كۆزلىرى نۇرلۇق، ھەر قانداق كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلغۇدەك كاتتا بولۇپلا قالماي، يەنە ئەقىللىق ئىكەن، سۆزلىيەلەيدىكەن، ئۇچالايدىكەن. مۇنداق ياخشى ئاتقا ئېرىشكەنلىكىدىن خانتەڭرىلا ئەمەس، ئاتىسىمۇ ناھايىتى رازى ئىكەن. ئۇ ئوغلىنى «مال تاللاشقا مەندىنمۇ پەملىك ئىكەنسەن» دەپ ماختايدىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى خانتەڭرى چۈشلۈكى مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ ئېغىلغا كىرسە، تۇلپار غەمكىن بولۇپ، باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ تۇرغۇدەك. خانتەڭرى:

— سۆيۈملۈك تۇلپىرىم، ساڭا نېمە بولدى؟ نېمىشقا بۇنداق غەمكىن بولۇپ قالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. تۇلپار:

— سىنىڭ تەقدىرىڭدىن ئەنسىرەۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. خانتەڭرى:

— مېنىڭ تەقدىرىمدىن ئەنسىرىگۈدەك قانداق ئىش بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەمدى ئېيتمىسام بولمىغۇدەك، — دەپتۇ تۇلپار، — سىنىڭ ئۆگەي ئاپاڭ ئەسكى ئايال ئىكەن. ئۇنىڭ ئاشنىسى بار. ئاتاڭ ئېتىزغا، سەن مەكتەپكە كېتىشىڭ بىلەنلا



ئۇ بۇ يەرگە كېلىدۇ. سەن ئۇ ئىككىسىنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ بولۇپ قالدىڭ. شۇڭا، ئۇلار سىنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش قارارىغا كېلىپ، سەن يەيدىغان تاماققا زەھەر سالدى. سەن كىرىپ تاماق يەيدىغان بولساڭ، مەن سەندىن ئايرىلىپ قالىمەن، — دەپ غەمكىنلىكىنىڭ سەۋەبىنى ئىزھار قىپتۇ. خانتەڭرى:

— رەھمەت ساڭا تۇلپىرىم، خاتىرجەم بولغىن، مەن ئۇ تاماقنى يېمەيمەن، — دەپتۇ - دە، بوغچىسىدىكى ئۈزۈمنى تۇلپارنىڭ ئوقۇرىغا تۆكۈپ بېرىپ خوشلىشىپ ئۆيىگە كىرىپتۇ. تۇلپار ئېيتقاندەكلا، ئۆگەي ئاپىسى زەھەر سېلىنغان غىزانى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. خانتەڭرى:

— موللام بۈگۈن مېنى تاماق يېمەي چاي ئىچكىن دېگەنىدى، ياخشىسى چاي ئىچەي، — دەپ ناننى چايغا چىلاپ ئىچىپتۇ. خانتەڭرى ئۆگەي ئاپىسى ئالدىغا قويۇپ قويغان تاماقتىن بىر قوشۇقنى مۈشۈككە بەرگەنىكەن، مۈشۈك دەرھال ئۆلۈپتۇ. ئۆگەي ئاپىسىنىڭ چىرايى تاتىرىپ، ئۆزىنى قويغىلى يەر تاپالماي قاپتۇ، ئۆز جىنايىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، زەھەر سېلىنغان ئاشنى تۆكىۋېتىپتۇ. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپتۇ. خانتەڭرى مەكتەپتىن قايتىپ ئېغىلغا كىرسە، تۇلپار يەنە غەمكىن تۇرۇپتۇ، سەۋەبىنى سورىغاندىكەن، ئۆگەي ئاپىسى بىلەن ئاشنىسىنىڭ بوسۇغا يېنىغا لەخمە كولىغانلىقىنى، ئىشىكتىن كىرىشى بىلەنلا ئېھتىيات قىلمىسا لەخمىگە چۈشۈپ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. خانتەڭرى يىراقتىنلا يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۆيگە سەكرەپ كىرىپ لەخمىگە چۈشمەپتۇ. ئۆگەي ئاپىسى سەۋەبىنى سورىغانىكەن، «موللام بىزگە يىراقتا سەكرەشنى ئۆگىتىۋاتىدۇ،

مەن مەشىق قىلىۋاتىمەن» دەپتۇ. خانتەڭرى مەكتەپكە مې-
ڭىشتىن بۇرۇن تۇلپارنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ. تۇلپار «خوش
دوستۇم» دەپ كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈپتۇ. سەۋەبىنى
سورىغانىكەن، تۇلپار:

— ئەمدى ئۆلۈش نۆۋىتى ماڭا كەلدى. تۈنۈگۈن چۈش-
تىن كېيىن ئۇ ئىككى ھىيلىگەر سېنى ھەر قانچە قىلىپمۇ
ئۆلتۈرەلمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى مېنىڭدىن كۆردى. شۇڭا،
مېنى يوقىتىش ئۈچۈن ئاپاڭ توققۇز يېيىم ئاشنى بەدىنىگە
يۆگەپ «قاراس - قۇرۇس كېسەلى» گە گىرىپتار بولۇۋال-
ماقچى، ئۇنىڭ ئاشنىسى تېۋىپ بولماقچى، ئاتاڭنى ئاشۇ
يالغان تېۋىپنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتمەكچى، ئۇ كەلگەن-
دىن كېيىن ئاپاڭنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، «ئايالىڭىزغا تورۇق
تۇلپارنىڭ يۈرىكى داۋا، بولمىسا ساقىيالمايدۇ» دەپ مېنى
ئۆلتۈرۈشكە قەست قىلماقچى بولدى، — دەپتۇ. خانتەڭرى:

— تۇلپىرىم، خاتىرجەم بولغىن، ئاتام ئۇلارنىڭ ئالدام
خالتىسىغا ئۇنداق ئاسان چۈشمەيدۇ، مەندىن رازىلىق ئالماي
سېنى ئۆلتۈرمەيدۇ، — دەپتۇ. ئۇ مەكتەپتىن قايتىپ كەل-
سە، ئاپىسى راستتىنلا كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ يېتىۋاپتۇ.
ئۇنىڭ ئاشنىسى تۇلپارنىڭ يۈرىكىنى دورا قىلىپ بۇيرۇپتۇ.
ئاتىسى بۇ يالغان كېسەلگە داۋا ئىزدەپ چىقىپ كېتىپتۇ.
تېۋىپ ئېيتقاندەك تۇلپارنى ئۈچ كۈن ئىزدەپمۇ تاپالماپتۇ.
تېۋىپ ئاخىر مەسلىھەت بېرىپ: «ئېغىلدىكى تۇلپارنى ئۆل-
تۈرسەكمۇ بولىدۇ» دەپتۇ. ئاتىسى نائىلاج بۇ ئىشنى خان-
تەڭرىگە ئېيتىپتۇ. خانتەڭرى تۇلپار بىلەن مەسلىھەت قى-
لىشقاندىن كېيىن، ئاتىسىغا مۇنداق دەپتۇ:

— ئەگەر ئاپامنىڭ كېسىلى راستتىن تۇلپارنىڭ يۈرى-



كىنى يېمىسە ساقايمايدىغان بولسا، تۇلپارنى ئۆلتۈرسەكمۇ
ئۆلتۈرەيلى. بىراق، مەن ئۇنى شۇنچە يىل باقتىم، ئۇنىڭ
ئۆلۈمىنى كۆرۈش ماڭا ئېيتقۇسىز روھىي ئازاب. شۇڭا،
ئۇنى ئەتە مەن مەكتەپكە كەتكەندىن كېيىن ئۆلتۈرسەڭلار
قانداق؟ — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. ئاتىسىمۇ بۇ مەسلىھەت-
كە كۆنۈپتۇ.

ئەتىسى خانتەڭرى مەكتەپكە مېڭىشتىن ئاۋۋال تۇلپار
بىلەن يەنە مەسلىھەتلىشىپتۇ. تۇلپار:

— ئۇنداق بولسا، مېنى ئېغىلدىن ئەپچىققۇچە بىر
قېتىم كىشنەيمەن، بۇ چاغدا ئاتاڭ چۇلۋۇرۇمنى يېشىپ
مېنى يېتىلەپ ماڭىدۇ. ئىككىنچى قېتىم كۇرەگە چىققاندا
كىشنەيمەن، بۇ چاغدا ئۇ مېنى ئۆلتۈرىدىغان جايغا ئېلىپ
بارىدۇ. ئۈچىنچى قېتىم كىشنەيمەن، پۇت - قولۇم باغلىن-
نىپ ياتقۇزۇلىمەن، ئاتاڭ قولىغا پىچاقنى ئالىدۇ. ئەگەر
شۇ ۋاقىتتا كېلەلمىسەڭ، بىز بىر - بىرىمىزدىن مەڭگۈلۈك
جۇدا بولىمىز، — دەپتۇ. خانتەڭرى:

— تۇلپىرىم، سەن خاتىرجەم بولغىن، مەن دېگەن
قەرەلدە كېلىمەن. ئۇ چاغدا بىز ئۆيدىن ئايرىلساق ئاتام
مەندىن خاپا بولمايدۇ. كېتىش زۆرۈرىيىتىنى مەندىن ئە-
مەس، ئۆگەي ئاپامدىن، ئۆزىدىن كۆرىدۇ، — دەپتۇ - دە،
ئۇنى سۆيۈپ قويۇپ مەكتەپكە كېتىپتۇ. خانتەڭرى دەرسخا-
نىدا ئولتۇرسىمۇ قۇلىقى سەگەكلىك بىلەن تۇلپارنىڭ كىش-
نىگەن - كىشنىمىگەنلىكىنى ئاڭلاش كويىدا بولغاچقا،
دەرس كاللىسىغا چۈشمەپتۇ. موللىسى بىر مەسىلىنى چۈ-
شەندۈرۈۋاتقاندا، تۇلپار قاتتىق ئېچىنىشلىق كىشنەپ كې-
تىپتۇ. خانتەڭرى دەرھال موللىسىدىن سوراپ ئۆيىگە ئۈچ-

قاندەك يۈگۈرۈپتۇ. يولنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە تۇلپار يەنە كىشنەپتۇ. خانتەڭرى ئۆلە - تىرىلىشىگە باقماي جان - جەھلى بىلەن يۈگۈرۈپتۇ. ئۇ دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە تۇلپار ئۆلۈم ئىنداسى بىلەن ئاھۇ - پەرياد چېكىپ، ئاخىرقى قېتىم ئاچچىق ۋە ئېچىنىشلىق كىشنەپتۇ. خانتەڭرى قولىغا ئۆتكۈر پىچاقنى ئېلىپ، تۇلپارغا سېلىشقا تەييار تۇرغان ئاتىسىغا «ئاتا، توختاڭ!» دەپ ئىندا قىپتۇ. شۇ ھامان ئاتىسىنىڭ قولى تىترەپ، قولىدىكى پىچاق يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ ئاتىسىنىڭ ئالدىدا باش باھارنىڭ بۇلۇتىدەك زار - زار يىغلاپ تۇرۇپ:

— مەن بۇ تۇلپارنى باققىلى بەش يىل بولدى، بىر قېتىم ئۈستىگە مىنمىدىم. ئەگەر رۇخسەت قىلسىڭىز، ماڭا ئاتاپ ئالغان كىيىم - كېچەكلىرىمنى كىيىپ، تۇلپارنىڭ ئېگەر - توقۇملىرىنى توقۇپ، مۇشۇ كورەنىڭ ئىچىنى ئۈچ قېتىم ئايلاندۇرۇپ مىنىۋالسام، — دەپتۇ. ئاتىسى خانتەڭرىنىڭ ھالىغا قاراپ رۇخسەت قىپتۇ، تۇلپارنىڭ پۇت - قولىنى بوشىتىپتۇ. تۇلپار شۇ ھامان ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. خانتەڭرى ئۇنىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ، پېشانىسىگە سۆيۈپتۇ.

ئاتىسى ئالتۇن يۈگەن، ئالتۇن ئېگەر، كۈمۈش كەمەلدۇرۇك ۋە قۇشقۇنلارنى ئېلىپ چىقىپ تۇلپارنى توقۇپتۇ. خانتەڭرىمۇ ئۈستىۋاشلىرىدىكى كىيىم - كېچەكلىرىنى تاشلاپ، يېڭى كىيىملىرىنى كىيىپتۇ، خەنجىرىنى ئۆتۈكىنىڭ قونچىغا تىقىپ، مىسران قىلىچىنى بېلىگە ئېسىپتۇ. ئاتىسى ئوغلىنىڭ قاۋۇل، بېجىرىم، كېلىشكەن تەقى - تۇرقى، قەددى - قامىتىگە زوقلانسا، خانتەڭرى ئالتۇن يۈگەن سېلىنىپ، ئالتۇن ئېگەر توقۇلۇپ تېخىمۇ سۆلەتلىك بولۇپ



كەتكەن تۇلپارغا قاراپ بەكمۇ سۆيۈنۈپتۇ. ئۇ ئاتىسىنىڭ قولىدىن تۇلپارنىڭ چۇلۋۇرىنى ئېلىپ، ئۈستىگە مىنىپتۇ. شۇ ھامان تۇلپار قانات چىقىرىپ ئۇچۇپتۇ. ئۇلار ئاتىسىغا ئالدىنئالا ئېيتقاندەك، كورەسىنىڭ ئۈستىنى ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ ئۇچقاندىن كېيىن، خانتەڭرى «خەير - خوش، قەدىرلىك ئاتا!» دەپ ۋىدالىشىپتۇ.

تۇلپار تىنىق كۆك ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ. ھەيۋەت ئېگىز قارلىق چوققىلاردىن ئۆتۈپ، تارام - تارام شەربەت سۇلىرى يايراپ ئېقىۋاتقان، مەخمەلدەك ياپيېشىل، قۇۋۋەتلىك ئوت - چۆپلىرى لەرزان شامالدا يەلپۈنۈۋاتقان، ناۋاكەش بۇلبۇللىرى توختىماي سايراۋاتقان، ئۈيۈر - ئۈيۈر يىلقىلار، پادا - پادا كالىلار، قوتان - قوتان قويلار كىشنىشىپ، مۆرىشىپ ۋە سەكرىشىپ ئوينىشىپ يايراۋاتقان بىر گۈزەل يايلاققا كېلىپ چۈشۈپتۇ.

خانتەڭرى بۇ يايلاقتا شەھەر شاھىنىڭ قويىنى باقىدىغان پادىچى يىگىت بىلەن تونۇشۇپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن دوست بوپتۇ. ئارام ئېلىپ ھاردۇقنى چىقارغاندىن كېيىن شەھەرگە كىرىپتۇ. ئۇ نۇرغۇن كوچىلارنى ئايلانغان بولسىمۇ، شاد - خۇرام يۈرگەن بىرمۇ كىشىنى ئۇچراتمابتۇ. بۇ غەلىتە ئەھۋال خانتەڭرىنى ئەجەبلەندۇرۇپتۇ. ئۇ مېھرى ئىسسىق، سالاپەتلىك بىر كىشىنىڭ يېنىغا كەلگەندە، تۇلپاردىن چۈشۈپ سالام قىپتۇ ۋە كۆڭلىدىكى غەشلىكىنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. ئۇ كىشى:

— ئوغلۇم، بۇ يەردە بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ۋەھشىي، ياۋۇز يەتتە باشلىق ئەجدىھا پەيدا بولدى. ئۇنىڭ بۇ يۇرت خەلقىگە سالمىغان زۇلمى قالمىدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا تەڭ بولالمىغاندىن كېيىن توختام تۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. توختام بويىچە ئۇ ھەر يىلى بۇ يەرگە بىر قېتىم كېلىپ، شەھەر خەلقىنىڭ ئىككى يۈز تۇياق قويىنى، يۈز

تۇياق كالىسىنى، ئاتمىش تۆت تۇياق يىلقىسىنى يېيىشتىن سىرت يەنە بىر قىزنى يەيدۇ. بۇ نەرسىلەرنى شەھەر شاھى شەھەر سىرتىدىكى داۋاننىڭ يېنىغا ئاپارغۇزىدۇ، يالماۋۇز شۇ يەرگە كېلىدۇ، يەيدىغان، ئالىدىغانلىرىنى شۇ يەردىن ئېلىپ قايتىدۇ. ئەجدىھاغا يەم بولىدىغان قىزلارنى تاللاشتا ئالدىن چەك تارتقۇزۇلىدۇ. بۇ قېتىمقى چەك شاھىنىڭ كەنجى قىزىغا چىقىپتۇ. بۇ قىز ئەقىللىق، چىرايلىق بولۇپ، ئىككى ئاچىسىدىن دانالىقى، ئايدەك گۈزەل رۇخسارى بىلەن پەرق قىلاتتى. شۇڭا، ئۇ بۇ شەھەردىكى نى - نى يىگىتلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلغانىدى. ئەمدى بەختكە قارشى بۇ قېتىمقى ئەجەل سىرتمىقى ئۇنىڭ بوينىغا چۈشتى. شۇڭا، ئاۋامنىڭ دىلىدىن خۇشلۇق كۆتۈرۈلدى، ھەممە يەرنى تامام ماتەم، يىغا - زار قاپلىدى، كۆڭۈللەر سولدى، چىرايلار تۇرۇلدى، ياش تۆككۈچە مۇشت تۈگمىدىغان بىر دىر پالۋان چىقمىدى، — دەپتۇ.

خانتەڭرى ئۇ كىشىدىن ئەجدىھانىڭ كېلىدىغان ۋاقتىنى سورىۋالغاندىن كېيىن، يايلاققا بېرىپ ئوبدان ئويلىنىپتۇ ۋە ئەجدىھانى يوقىتىپ، خەلقنى بالايىئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش نىيىتىگە كەپتۇ ھەممە تۇلپىرى بىلەن مەسلىھەتنى پىشۇرۇپتۇ.

ئەجدىھا كېلىدىغان كۈنى خانتەڭرى ھېلىقى كىشى ئېيتقان داۋاننىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. قارىسا ھۆسنىدىن ئاي، نۇرىدىن قۇياش خىجىل بولىدىغان بىر گۈزەل قىز ئۆلۈمنى كۈتۈپ، كۆزلىرىدىن يىپى ئۈزۈلگەن مونچاقتەك ياش تۆكۈپ ئولتۇرۇپتۇ. خانتەڭرى ھېچنېمىنى بىلمىگەن قىياپەتتە:

— ئەي گۈزەل قىز، بۇ يەردە نېمىشقا ئۆزىڭىز يالغۇز يىغلاپ ئولتۇرىسىز؟ ئىسمىڭىز نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.



قىز يىگىتنىڭ زەبەردەست قەددى - قامىتىگە، نۇرانە جامالىغا بىر پەس تېڭىرقاپ قارىغاندىن كېيىن:

— ئىسمىم ئايپەرى، شەھەر شاھىنىڭ كەنجى قىزىمەن. ئەجدىھاغا يەم بولۇش ئۈچۈن ئۆلۈمىمنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتىمەن، ئەي مەردانە يىگىت، بۇ يەردىن كېتىڭ، — دەپتۇ.

— مەرد يىگىت ئۆزىنىڭ ئايپەرىسىنى مەردلىكى بىلەن قوغدىشى كېرەك، — دەپتۇ خانتەڭرى، — بولمىسا ئۇنى قانداقمۇ مەردانە يىگىت دېگىلى بولسۇن! خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپ سىزنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزىمەن، — دەپ قىزنىڭ بۇلاقتەك كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان ياشلىرىنى سۈرتۈپتۇ، يىپەكتەك يۇمشاق، ئۇزۇن، قوڭۇر چاچلىرىنى سىيلاپ ئەركىلىتىپتۇ. ئايپەرىنىڭ ئىللىق جامالىدا نازۇ كەرەشمىلىك تەبەسسۇم جىلۋە قىپتۇ. ئايپەرى:

— ئەجدىھانى يەتتە باشلىق دەپ ئاڭلىدىم. ئۇ مەلئۇن كەلگۈچە يېنىمدا يېتىپ ئارامىڭىزنى ئېلىۋېلىڭ، — دەپتۇ. خانتەڭرى قىزنىڭ يوتىسىنى ياستۇق قىلىپ يېتىپتۇ. ئەگەر ئۇخلاپ قالغۇدەك بولسا، تۇلپار كىشنىگەندە ئويغىتىپ قويۇشنى جېكىلەپتۇ. ئايپەرى خانتەڭرىنىڭ نۇرلۇق جامالىغا زوق - شوقى بىلەن تىكىلىپتۇ. ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئىسمى نەقىشلەنگەن ئالماس كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈكىنى بارمىقىدىن چىقىرىپ، يىگىتنىڭ ئوڭ قولىنىڭ چىمچىلىقىغا سېلىپ قويۇپتۇ. ئويناپ - كۈلۈپ يۈرگەن چاغلىرىدا رىشتىنى يىپ، مېھرىنى گۈل، بوستان كىرپىكلىرىنى يىڭنە قىلىپ تىككەن، كۆڭلىدەك ئاپئاق شايى ياغلىقنى يىگىتنىڭ بىلىكىگە چىگىپتۇ. تەڭرىدىن يىگىتكە

كۈچ - قۇۋۋەت، ئۆزىگە ئىجادلىق ئاتا قىلىشنى تىلەپتۇ.

بىر چاغلاردىن كېيىن ھاۋا تۇتۇلۇپ، ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپتۇ. ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىلىپتۇ. ئەتراپنى قارا تۇمان قاپلاپتۇ. دەھشەتلىك بوران چىقىپ، تۇپىلارنى ئۇچۇرتۇپتۇ. تۇلپار كىشنەپتۇ. شۇ ھامان خانتەڭرى ئورنىدىن تۇرۇپ، ۋاپادار تۇلپارىنى مىنىپ، مىسران قىلىچنى چىقىرىپ جەڭگە ھازىر بوپتۇ. يالماۋۇز ئەجدىھا گويا تاغ كۆچكەندەك ھەيۋە، غەلۋە بىلەن ئۇزۇن، سۈرلۈك بەستىنى تۇسۇن دەريادەك ئوينىتىپ، سەت ئاچماق يەتتە بېشىنى مۇناردەك ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئېچىرقاپ كەتكەن تويماس، سېسىق ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، زەھەرلىك، ئىپلاس تىلىنى شۈرۈلدىتىپ چىقىرىپ، چاچراپ چىققۇدەك سەت كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، ئادەتلەنگەن غەلىبە تەنتەنىسى بىلەن كۆرەڭلەپ، تېز ئېقىندەك سويلاپ كېلىشكە باشلاپتۇ.

خانتەڭرى مەردلىكىدىن:

— ئاڭلىمىدىم دېمە، مەن بۈگۈن سېنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن خەلققە سالغان زۇلمىڭدىن ئىنتىقام ئالغىلى، تېرەڭدىن تاسما تىلغىلى كەلدىم، ھۈنىرىڭ بولسا كۆرسەت! — دەپ تەنتەنە بىلەن جاكارلاپتۇ. دەرغەزەپكە كەلگەن ئەجدىھا:

— ماڭا قارشى چىققۇدەك سەن ئۆزۈڭ قانچىلىك نېمە؟ ئەپتىڭگە قارىسام، يەتتە بېشىمنىڭ بىرىدىكى ئاچمىقىمنىڭ ھۆررىكىگە تەڭ تۇرمايدىغان كىچىككىنە نەرسىكەنسەن، غوۋغا قىلماي يولنى بوشات! — دەپ گۈركىرەپتۇ.

خانتەڭرى يالماۋۇزنىڭ گەپلىرىگە پىسەنتمۇ قىلماپتۇ. ئەجدىھانىڭ ئۆتى تېشىپ، بىر بېشىدىن ئوت چاچراتقانىكەن، تۇلپار ئېگىزگە كۆتۈرۈلۈپتۇ، ئۇنىڭ ئوتى كارغا



كەلمەپتۇ. بىر بېشى بوران چىقارغانىكەن، تەسىر قىلماپتۇ. بىر بېشى دەم تارتقانىكەن، دېمى يەتمەپتۇ. بىر بېشى زەھەر چاچقانىكەن، ئۆز ئۈستىگە چۈشۈپتۇ. بىر بېشى سۇ چاچقانىكەن، كارغا كەلمەپتۇ. ئىككى ياندىكى سۆلەت باشلىرى ئەلەمدىن قىلدەك تولغىنىپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدا خانتەڭرى:

— ئەمدى نۆۋەت ماڭا كەلدى، ئۆزۈڭگە ئاگاھ بولغىن! — دېگىنىچە ئۇنىڭ ئۈستىدىن شىددەت بىلەن ئۇچۇپ ئۆتۈپتۇ. ئەجدىھا ئۇزۇن، سۈرلۈك گەۋدىسىنى سۆرەپ، تولغىنىپ بولغۇچە ئۇ تۇلپارى بىلەن كەينى تەرەپتىن ئۇچۇپ كېلىپ، ئوڭ ياندىكى بېشىغا بىر قىلىچ ئۇرغانىكەن، ئۇنىڭ سېسىق بېشى پالاق تۇخۇمدەك مىجىلىپ يەرگە چۈشۈپتۇ. ئەجدىھا ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە ئۇ يەنە بىر زەربە بىلەن ئۇنىڭ ئىككىنچى بېشىنى چېپىپ تاشلاپتۇ. خانتەڭرى كېلەڭسىز ئەجدىھا ئۆزىنى يەنە ئوڭشاپ ئەپلىگۈچە تىنىم تاپماستىن زەربە بېرىپ، ئۇنىڭ ئاجىز نۇقتىسىدىن پايدىلىنىپ پەقەت بىر كېچە - كۈندۈزدىلا ئۇنىڭ ئەبجەقىنى چىقىرىپ، تېرىسىدىن تاسما تىلىپتۇ. ئاپپەرى خۇشاللىقىدىن ئۈنچىدەك ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ:

— ئەي مەردانە يىگىت، مېنى ئەمرىڭىزگە ئالسىڭىز، مەن ئۇ دۇنيا ۋە بۇ دۇنيا كۆيۈمچان ۋاپادارىڭىز بولسام دەيمەن، — دەپ تىز پۈكۈپ ئىلتىجا قىپتۇ. خانتەڭرى:

— ئالدىراپ بەرگەن كۆڭۈلنىڭ ئېتىبارى بولمايدۇ. ئەگەر سىز ماڭا راستتىن ئاشىق بولسىڭىز، ئېغىر كۈنلەردە تونۇشۇپ قالۇرمىز، خەير - خوش، — دەپ كېتىپ قاپتۇ.

خانتەڭرى ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپ، خەلقنى بالايىئاپەتتىن قۇتقۇزغاندىن كېيىن، يايلاققا قايتىپ كېلىپ پادىچى بىلەن

كېلىشىپ شاھنىڭ قويىنى باقىدىغان بوپتۇ. پادىچىنىڭ
ئەسكى كىيىملىرىنى كىيىپ، تۇلپارنىڭ ئاغزىدىن ئالتۇن
يۈگەننى چىقىرىۋېتىپ، كىيىملىرىنى ئېگەرگە غانجۇغىلاپ
قويۇپ، تۇلپارنى دەم ئېلىشقا قويۇۋېتىپتۇ.

ئايپەرى ئۆلۈمدىن قۇتۇلغىنىغا خۇش بولسىمۇ، بىراق
يىگىتتىن ئايرىلىپ قالغانلىقىدىن قايغۇرۇپ ئولتۇرغان
پەيتتە، ئاتىسى نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن داۋان تۇۋىگە كەپتۇ.
پادىشاھ مال - ۋارانلارنىڭ ساق - سالامەت تۇرغانلىقىدىن ئەجەب-
لىنىپ، بىر كارامەتلىك ئىش بولغانلىقىنى ھېس قىپتۇ.
ئۇلار ئاتلىرىنى چاپتۇرغىنىچە داۋان ئۈستىگە چىقسا، قىزى
ساق - سالامەت تۇرغۇدەك. ئايپەرى ئاتىسى بىلەن دىدارلاش-
قاندىن كېيىن دەسلەپ كۈلۈپتۇ، كېيىن يىغلاپتۇ. ئاتىسى
يىغا بىلەن كۈلكىنىڭ مەنىسىنى سوراپتۇ. ئايپەرى:

— كۈلۈشۈمنىڭ سەۋەبى ئەل - يۇرتنىڭ بالايىئاپەتتىن
قۇتۇلغانلىقى، شۇنداقلا ئۆزۈمنىڭ ساق - سالامەت ئىكەنلى-
كىم. يىغلىشىمنىڭ سەۋەبى ئەجدىھانى ئۆلتۈرگەن مەردانە
يىگىتنىڭ مېنى ئەمرىگە ئالماي تاشلاپ كەتكەنلىكى، —
دەپتۇ. پادىشاھ قىزىغا تەسەللى بېرىپ:

— ئۇ يىگىت سېنى تاشلاپ كەتمەيدۇ. بىز ئۇنى بۇ
ماكاندا بولىدىغانلا بولسا تاپماي قويمايمىز، — دەپ قىزىنى
ياندۇرۇپ ئېلىپ كېتىپتۇ. يۇرتنىڭ ئەمىن تاپقانلىقى، قى-
زىنىڭ ئۆلۈمدىن قۇتۇلغانلىقىدىن خۇشاللىنىپ يەتتە كېچە - كۈندۈز
توي - تاماشا ئۆتكۈزۈپتۇ. توي ئاخىرلىشىش ھامان، تەييارغا
ھەييار نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىنى ئەجدىھانى ئۆلتۈرگەن
يىگىت قىلىپ كۆرسىتىپ، ئايپەرىنىڭ ۋىسالىغا ئېرىشمەك-
چى بولۇپتۇ. ئايپەرى ئۇلارنى بىر - بىرلەپ مات قىلىپ



يولغا ساپتۇ.

ئاتىسى ئايپەرىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن قىرىق بىر پەلەم-
پەيلىك راۋاق ياستىپتۇ. ئۈچ قىزىنى راۋاق ئۈستىگە ئول-
تۇرغۇزۇپ قويۇپ، قايسى يىگىت ئېتى بىلەن راۋاق ئۈستى-
گە چىقالىسا، شۇ يىگىتكە ئۆزى خالىغان بىر قىزىنى بېرى-
دىغانلىقىنى ئېيتىپ جار سالدۇرۇپتۇ.

تەرەپ - تەرەپتىن نۇرغۇن يىگىتلەر كېلىپ مۇنار ئۈس-
تىگە ئات چاپتۇرغان بولسىمۇ يىگىرمە پەلەمپەيدىن ئاشالماپ-
تۇ. بەزىلىرىنىڭ ئاتلىرى تۇرماق، ئۆزلىرىمۇ يىقىلىپ ئۆ-
لۈپتۇ. بۇ خەۋەر خانتەڭرىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. ئۇ بۇ
قېتىم چىن دىلىدىن ئايپەرىنى كۆرۈپ كېلىش نىيىتى بىلەن
مۇنار ئالدىغا كەپتۇ. كىشىلەر يەنە بىر يىگىتنىڭ تەلىيىنى
سىناپ بېقىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ.
بەزى مويسىپىت بوۋايلار يىگىتنىڭ كېيىنكى ئاقىۋىتىدىن
ئەنسىرەپ قايغۇرۇپتۇ. بەزىلەر «ئەخمەق دېگەننى تېرىمىسى-
مۇ ئۈنىدۇ» دەپ مازاق قىلىپتۇ. بەزىلەر «جاندىن كەچمى-
گۈچە قانداقمۇ جانانغا يەتكىلى بولسۇن» دەپ زوقلىنىپتۇ.
ئىشقىلىپ ھەر كىم ھەر نېمە دەپتۇ. خانتەڭرى نىيىتىدىن
يانماي، بىرىنچى كۈنى ئوتتۇز توققۇزىنچى پەلەمپەيگە چىق-
قاندا تۇلپارنى توختىتىپ قايتىپ چۈشۈپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ
ئۇتۇقىنى ئالقىشلاپتۇ. ئىككىنچى كۈنى، خانتەڭرى قىرى-
قىنچى پەلەمپەيگە چىققاندا تۇلپارنى توختىتىپ يەنە قايتىپ
چۈشۈپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى يەنە كەپتۇ. بۇ قېتىم قىرىق
بىرىنچى پەلەمپەيگە چىقىپ، مۇنار ئۈستىنى ئايلىنىپ قاي-
تىپ چۈشۈپتۇ. ئايپەرى يىگىتنىڭ قولىدىكى ئۈزۈكنى،
ئۆزى بىلىكىگە چىگىپ قويغان ياغلىقنى كۆرۈپ خۇشاللى-

قىمىدىن ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئوردا مۇلازىملىرى «قىزلاردىن بىرنى تاللاپ ئەمرىڭىزگە ئېلىڭ» دېگەن بولسىمۇ، خانتەڭرى زۇۋان سۈرمەي كېتىپ قاپتۇ. ئايپەرى بۇ ئىشتىن كېيىن سۆيگەن يارىنىڭ مۇشۇ ماكاندا بارلىقىدىن كۆڭلى ئەمىن تېپىپ، سۆيۈنۈپ يايراپ كېتىپتۇ. يىگىتكە بولغان مېھىر - مۇھەببىتى ھەسسىلەپ ئېشىپتۇ. مۆلدۈر بۇلاقتەك كۆزلىرىدىن مونچاق - مونچاق ياشلىرىنى تۆكۈپ، گەلەملىك پىغان بىلەن ئاھ ئۇرۇپتۇ.

ئاپئاق تونلۇق قىش پەسلى ئۆتۈپ، نازۇ كەرەشمىلىك باھار پەسلى يېتىپ كەپتۇ. خانتەڭرى بوز يەر ئېچىپ كۆچەت تىكىپتۇ، كۆچەت ئارىلىقىدىكى چۆنەكلەرگە قوغۇن تېرىپتۇ. ۋاقىت - سائىتى يېتىپ قوغۇنلار پىشىپتۇ. بىر كۈنى پادىشاھنىڭ پادىچىسى سىياقىدىكى خانتەڭرى ئوردىغا كىرىپ، شاھنى ئۆزى تىككەن كۆچەتلەرنى كۆرگەچ قوغۇن يەپ كېتىشكە تەكلىپ قىپتۇ. پادىشاھ ئۆزىنىڭ ئورنىدا قىزلىرىنى ئويناپ كېلىشكە ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شاھنىڭ قىزلىرى قوغۇنلۇققا كېلىپ خېلى ئۆتكۈچە ئۇلارنىڭ ئالدىغا ھېچكىم چىقماپتۇ. بۇ ئىش ئايپەرىگە قىزىق تۇيۇلۇپتۇ. ئۇ ئىككى ئاچىسى كېنىزەك قىزلار بىلەن ئەتراپنى تاماشا قىلىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزى يالغۇز ئالچۇققا كىرىپتۇ. بۇ چاغدا خانتەڭرى چۈشلۈك ئۇيقۇسىنى ئۇخلاۋاتقانىكەن. قىزنىڭ شەھلا كۆزلىرى يىگىتنىڭ چىمچىلاق قولىدىكى ئۆزى سېلىپ قويغان ئالماس كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈككە چۈشۈپتۇ. ئۇنىڭ بىلىكىدە ئۆزى چىگىپ قويغان ياغلىقنىڭ تېخىچە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپتۇ. قىزلار كەتكۈچە شاھ ئاتىسىغا ئاتاپ ھەر بىرى بىردىن قوغۇننى تاللاپ



ئۈزۈپتۇ ۋە ئۇنى ئاتىسىغا تەقدىم قىپتۇ. پادىشاھ چوڭ قىزى ئەكەلگەن قوغۇننى تىلغانىكەن، ئۇ سېسىپ كەتكەن بولۇپ يېگىلى بولماپتۇ. ئوتتۇرانچى قىزى ئەكەلگەن قوغۇننىڭ يېرىمى ساق، يېرىمى سېسىق بولۇپ چىقىپتۇ. ئايپەرى ئېلىپ كەلگەن قوغۇن تامامەن ساق بولۇشتىن تاشقىرى، ئۇنىڭ تەمى ئاغزىدىن كەتمەپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، قىزلىرىنى ئەرگە بېرىش قارارىغا كەپتۇ. چۈنكى، پادىشاھ چوڭ قىزىنىڭ تاللىغان قوغۇنىدىن قىزنى ئەرگە بېرىش ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى، ئوتتۇرانچى قىزىنىڭ ۋاقتى توشۇپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى، پەقەت كەنجى قىزىنىڭلا دەل ۋاقتى بولغانلىقىنى ھېس قىلغانىكەن. شۇڭا، ئۈچ قىزىنى شەھەر سېپىلىنىڭ ئۈستىدىكى راۋاققا چىقىرىپ قوللىرىغا ئالما تۇتقۇزۇپتۇ. يىگىتلەر قىزلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكە باشلاپتۇ. شاھنىڭ تۇنجى قىزى بىر سائەت ئۆتەر - ئۆتمەيلا قولىدىكى ئالمىنى بىر يىگىتكە تاشلاپتۇ ۋە ئۆزىمۇ يىگىت بىلەن ئوردىغا قايتىپتۇ.

ئوتتۇرانچى قىزى ئىككىنچى كۈنى بىر يىگىتكە ئالمىنى تاشلاپتۇ ۋە ئۇمۇ راۋاقتىن چۈشۈپ ئوردىغا قايتىپتۇ. ئاردىن ئۈچ كۈن ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. نى - نى يىگىتلەر كەنجى قىزنىڭ ئالدىغا كەلگۈچە «بۇ قىز ئالمىنى ماڭا تاشلايدۇ» دەپ كۆرەڭلەيدىكەن. ئەمما، ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە ئالمىغا ئېرىشەلمەي، ئۈمىدلىرى كۆپۈككە ئايلىنىدىكەن. يىگىتلەر ئۆتۈپ بوپتۇ. لېكىن، ئايپەرى ئالمىسىنى ھېچكىمگە تاشلىماپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان پادىشاھ قايسى يىگىتنىڭ ئۆتمەي قالغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ قويچىسىنىڭ ئۆتمەي قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا «ئۆتسۇن»

دەپ پەرمان بېرىپتۇ. ئايپەرى خانتەڭرى كېلىش ھامان قولىدىكى ئالمىنى ئۇنىڭغا تاشلاپتۇ. بۇ ئىشتىن شاھ بەكمۇ غەزەپلىنىپتۇ.

— چوڭ قىزىم شاھزادىگە، ئوتتۇرانچى قىزىم ۋەزىرزادىگە ئالما تاشلىدى. كەنجى قىزىم بولسا قوي باقىدىغان مالچىمغا ئالما تاشلىدى، بۇ مېنى شەرمەندە قىلغانلىق، — دەپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، پادىشاھ لەۋزىگە ئەمەل قىلىپ، قىزلىرىنى ئۆزى تاللىغان يىگىتلەرگە بېرىپتۇ. لېكىن، ئۆي تۇتۇپ بەرگۈچە خانتەڭرى بىلەن ئايپەرىگە ئەڭ ناچار ئۆينى بېرىپتۇ. بۇ ئىش ئايپەرىنىڭ خانتەڭرىگە بولغان مېھىر - مۇھەببىتىنى ئاجىزلاشتۇرالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ھار ئاپتۇ. بۇنى سەزگەن خانتەڭرى ئايپەرىگە:

— سىز خاتىرجەم بولۇڭ، ئىككى ئاچىڭىزنى سىزنىڭ چۆرىڭىزگە، ئۇلارنىڭ ئەرلىرىنى پادىچىڭىزنىڭ قۇللىرىغا ئايلاندۇرۇۋېتىمەن، — دەپ تەسەللى بېرىپتۇ ۋە بۇنىڭ ئامالىنى چۈشەندۈرۈپتۇ.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، شاھنىڭ چوڭ كۈيئوغۇللىرى شىكارغا چىقماقچى بوپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان شاھ ئۇلارغا ياخشى ئات، ياخشى قورال - ياراغ، ئوزۇق - تۈلۈك، ئوۋ ئىتى ۋە قۇشلىرىنى بېرىپتۇ، ئۇلارنى زور داغدۇغا بىلەن يولغا ساپتۇ.

خانتەڭرىمۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، شاھنىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن بىر ئېشەكنى مىنىپ ئوۋغا چىقىپتۇ. ئۇ شەھەر سىرتىغا چىققاندىن كېيىن ئېشەكنى قويۇۋېتىپ، تۇلپارنىڭ تۈكىنى كۆيدۈرگەنىكەن، ھايال ئۆتمەي ۋاپادار تۇلپىرى ئۇنىڭ ئالدىغا ھازىر بوپتۇ. خانتەڭرى



ئېسىل كىيىملىرىنى كىيىپ، تۇلپارغا مىنىپ، بىر نەچچە تاغ ئۆچكىسى ۋە كىيىكنى ئوۋلىغاندىن كېيىن، چېدىرىنى چوڭ كۈيئوغۇللار ئۆتىدىغان يولغا تىكىپ، گۆشىنى يەپ يېتىپتۇ. تۇلپارنى ئەتراپتىكى ياۋايى ھايۋانلارنى قوغلىۋېتىشكە ئەۋەتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندە شاھنىڭ ئارزۇلۇق كۈيئوغۇللىرى ھېچ نەرسە ئوۋلىيالماي، ئاچ قورساق قايتىشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئۇلار يول ئۈستىدىكى چېدىرنى كۆرۈپ «قورسىقىمىزنى توقلىۋالىدىغان بولدۇق» دەپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ.

خانتەڭرى ئۇلارنى ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋاپتۇ، قورسىقىنى تويغۇزۇپتۇ. لېكىن، ئۇلار خانتەڭرىنىڭ ئۆزلىرى بىلەن باجا ئىكەنلىكىنى يادىغىمۇ كەلتۈرمەپتۇ. ئۇلار كېتىش ئالدىدا خانتەڭرىدىن ئۆزلىرىگە ئوۋلىغان ئوۋلىرىدىن بىردىن بېرىشنى، ئەگەر ئىلتىماسىنى قاندۇرسا، ھەر قانداق تەلىپىنى شەرتسىز ئىجرا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. خانتەڭرى ئۇلارغا:

— مەيلى، مەن سىلەرنىڭ ئىلتىماسىڭلارغا ئاساسەن سورىغان نەرسەڭلارنى بېرەي، بىراق مەنمۇ دۈمبەڭلارغا تامغامنى بېسىۋالاي، — دەپتۇ.

شاھنىڭ كۈيئوغۇللىرى ئۆزئارا مەسلىھەت قىلىشقاندىن كېيىن، «دۈمبىدىكى تامغىنى كىم كۆرەتتى، بۇ قېتىم بىزمۇ بۇ يەردىن كېتىۋالساق، بۇ يىگىت بىزنى ئىزدەپ تاپالامدۇ» دېيىشىپ رازى بولۇپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، خانتەڭرى ئۇلارنىڭ دۈمبىسىگە ئۆزىنىڭ «پادىچى» دېگەن تامغىسىنى بېسىۋېلىپ، ئۇلارغا تاغ ئۆچكىسىدىن بىردىن بېرىپتۇ. ئۇلار خانتەڭرىگە مىڭ بىر

رەھمەت ئېيتىپ كېتىپتۇ.

خانتەڭرى شەھەر يېنىغا بارغاندا، يەپ تۈگىتەلمىگەن گۆشلەرنىڭ بىر قىسمىنى كىشىلەرگە بېرىۋېتىپ، تۇلپارنى قويۇۋېتىپ، يەنە ئاۋۋالقى ئېشەكنى مىنىپ ئوردىغا قايتىپتۇ.

شاھنىڭ چوڭ قىزلىرى ئەرلىرى ئەپكەلگەن تاغ ئۆچكىسىنىڭ گۆشىنى ئالاھىدە پىشۇرۇپ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. ئايپەرىمۇ خانتەڭرى ئېلىپ كەلگەن گۆشنى پىشۇرۇپ، ئەتەي قومۇلىقى سىيرىلمىغان بىر تال ئۈچەينى گۆشكە قوشۇپ ئېلىپ كىرىپتۇ. شاھقا چوڭ قىزلىرى پىشۇرغان گۆش ياقماپتۇ. كەنجى قىزىنىڭ پىشۇرۇپ ئەكىرگەن گۆشى تاتلىق بولسىمۇ، ئۈچەينى يېگەندە ئاغزىغا قومۇلاق چىقىپتۇ. شۇڭا، ئۇ كەنجى قىزىغا:

— قىزىم، گۆشنى مەززىلىك پىشۇرۇپسەن، لېكىن پاكىز تازىلىماپسەن، — دەپتۇ. شۇنى كۈتۈپ تۇرغان ئايپەرى:

— بىزگە قوتاننىڭ يېنىدىكى تاشلاندۇق ئۆينى بەردىلە. ئېغىل يېقىن بولغاچقا، قومۇلاق چۈشۈپ قالسىمۇ قالغاندۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بۇ ئىشتىن ئىزا تارتقان شاھ ئۇلارنى ياخشى بىر سارايغا كۆچۈرۈپتۇ.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، شاھ ئايپەرىنىڭ تەلىپى بىلەن قىرىق بىر كۈنلۈك يىراق يەردىن ئات چاپتۇرىدىغان مۇشەققەتلىك بەيگىنى ئۇيۇشتۇرۇپتۇ. بۇ بەيگىگە خانتەڭرىمۇ قاتناشماقچى بولۇپتۇ.

پادىشاھ كۈيئوغۇللىرىغا ياخشى ئاتلارنى بېرىپ، ئۇلارنىڭ كەملىرىنى تولدۇرۇپ يولغا سالغان بولسىمۇ، كەنجى



كۈيئوغلىغا ھېچنېمە بەرمەپتۇ.

بەيگىگە قاتنىشىدىغان يىگىتلەر بەلگىلەنگەن جايغا بېرىپ ئۈچ - تۆت كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن، بەيگە ئۇيۇشتۇرغۇچىلارنىڭ پەرمانى بىلەن سەپتە تۇرۇپ، بىر چوقان بىلەن ئاتلىرىنى چاپتۇرۇشقا باشلاپتۇ.

خانتەڭرى كۆك ئېشەكنى مىنىپ بەيگىچىلەر قاتارىدا تۇرغانىكەن. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ئېشەكنى قويۇۋېتىپ، تۇلپارنىڭ تۈكىنى كۆيدۈرۈپتۇ. شۇ ھامان تۇلپار ئالدىدا ھازىر بوپتۇ. خانتەڭرى ئوۋ ئوۋلاپ بىر نەچچە كۈن ئويناپ دەم ئېلىۋالغاندىن كېيىن، بەيگىچىلەرگە يېتىشىۋېلىش قارارىغا كېلىپ تۇلپارنى قويۇۋەتكەنىكەن، يېرىم كۈندىلا ئۇلارغا يېتىشىۋاپتۇ. ئەگەر بۇ چاغدا يېتىپ بارسا، ئايپەرى بىلەن قىلىشقان مەسلىھەتتىن بۇرۇن بېرىپ قالىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ، يەنە ئوۋ ئوۋلاپ دەم ئاپتۇ. بەيگىچىلەر كەتكىنىگە 36 كۈن بولغاندا، خانتەڭرى تۇلپارى بىلەن ئۇچۇشقا باشلاپتۇ. ئۇ بەيگىگە قاتناشقان يىگىتلەرگە يېتىشىۋالغاندىن كېيىن، «كۆك ئېشەككە مىنىپ بەيگىگە قاتناشقان خانتەڭرى دېگەن مەن بولىمەن» دەپ، ئۇلارنىڭ باشلىرىغا كىيىۋالغان تۇماقلىرىنى بىر - بىرلەپ ئېلىۋاپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئايپەرى بىلەن كېلىشكەن قەرەلدە، يەنى بەيگە ۋاقتىدىن تۆت كۈن بۇرۇن بەلگىلەنگەن پەللىگە يېتىپ بېرىپتۇ. بۇ كۈنى «ياخشى ئاتقا مىنگەن يىگىتلەر كېلىپ قېلىشى مۇمكىن» دېگەن پەرەز بىلەن پادىشاھ ۋەزىرلىرى، قىزلىرى ۋە پۇقرالار بىلەن پەللىگە چىقىپ تۇرغانىكەن، تۇلپارنى چاپتۇرغىنىچە خانتەڭرى كېلىپتۇ. پادىشاھ باشلىق بارلىق كىشىلەر خانتەڭرىنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ. ئايپەرى ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ بېرىپ، خانتەڭرىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى

ئېتىپتۇ. ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئەل - خالايىق ئالدىدا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. ئۇلار ئىككىسى شاھنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، شاھزادىلەردىن نەچچە ھەسسە قاۋۇل، كېلىشكەن يىگىتنى كۆرگەن شاھ «مېنىڭ كەنجى كۈيئوغلۇم شۇمۇ ئەمەسمۇ؟ مەن بىلىدىغان قويچى يىگىت بۇنداق ئەمەس ئىدىغۇ؟!» دەپ ھەيران بوپتۇ. چوڭ قىزلىرىمۇ سىڭلىسىنىڭ شۇنچە قاۋۇل، مەردانە يىگىتكە تېگىشىۋالغانلىقىغا ھەسەت قىپتۇ.

بەزى ۋەزىرلەر «بۇ يىگىت راستتىن بەيگىگە قاتناشتىمۇ يا يولنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بۇياققا ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ، يالغاندىن بەيگىدە ئۇتۇۋالغان قىياپەتكە كىرىۋالدىمۇ، كىم بىلىدۇ؟» دېيىشىپتۇ.

پادىشاھ بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «بەيگىچىلەرنىڭ ھەممىسى قايتىپ كەلگەندە ھەممە سىر ئاشكارا بولىدۇ، بېرىدىغان مۇكاپاتنى شۇ چاغدا بېرەيلى» دەپتۇ.

خانتەڭرى ئايپەرىنى تۇلپارغا مىنگەشتۈرۈپ، تۇلپارنى قويۇۋەتكەنىكەن، تۇلپار شۇ ھامان كۆككە كۆتۈرۈلۈپتۇ. پادىشاھ بىلەن ۋەزىرلەر ئاغزىنى ئاچقىنىچە ھاڭۋېقىپ قاراپ قاپتۇ. ئۇلار ئوردىغا قايتىپ كەلسە، خانتەڭرى بىلەن ئايپەرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا سالامغا چىقىپتۇ. پادىشاھ بۇ ئىشلارغا ئەقلىنى يەتكۈزەلمەي ھاڭ - تاڭ قاپتۇ. ئايپەرى كەچتە ئايلىلىرىنىڭ يېنىغا كىرىپ «ئۆتۈشكەندۇق، ئېرىم قايتىپ كەلدى، مەن سىلەرنى ئۇتتۇم. سىلەر مېنىڭ قولۇم بولىدىغان بولدۇڭلار، بىلىكىڭلارنى چىقىرىڭلار، مەن تامغامنى بېسىۋالاي» دەپ، ئىككى ئاچىسىنىڭ بىلىكىگە «ئايپەرى» دېگەن تامغىسىنى بېسىپتۇ. بەيگىنىڭ قىرىقىنچى كۈنى پادىشاھنىڭ چوڭ كۈيئوغلى بىلەن ئىككىنچى كۈيئوغلى كېلىشىپتۇ. باشقا يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كې-



لىپ بولغاندا، پادىشاھ چوڭ مەرىكە ئۇيۇشتۇرۇپتۇ. شۇ مەيداندا بەيگىدە ئۇتقان يىگىتلەرنى مۇكاپاتلىماقچى بوپتۇ. خانتەڭرى بەيگىدە يىگىتلەرنىڭ يىغىۋالغان تۇماقلىرىنى ئۇلارغا قايتۇرۇپتۇ. پاشاھ، ۋەزىرلەر شاھنىڭ كەنجى كۈيئوغلىنىڭ بەيگىدە ئۇتقانلىقىنى جاكارلاپتۇ، چوڭ كۈيئوغۇللارغا بەرمەكچى بولغان مۇكاپاتنى ئۇنىڭغا بېرىدىغان بولۇپتۇ. ۋەزىرلەر بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغانىكەن، خانتەڭرى:

— ئۇلار مېنىڭ قۇللىرىم، ئىشەنمىسەڭلار ئۇلارنىڭ غولىغا قاراپ بېقىڭلار، — دەپتۇ.

ۋەزىرلەر ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى يەشتۈرۈپ غولىغا قاراپ، راستلا ئۇلارنىڭ «پادىچى»نىڭ قۇلى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپتۇ. ئايپەرىمۇ ئىككى ئاچىسىنى كۆرسىتىپ:

— بۇلار مېنىڭ چۆرىلىرىم، ئىشەنمىسەڭلار بىلىكىگە قاراپ بېقىڭلار، مېنىڭ تامغام بېسىقلىق، — دەپتۇ. ئاچىلىرىمۇ ئىقرار قىپتۇ. ئايپەرى خەلقئالەم ئالدىدا ئۆزى تەگكەن يىگىتنىڭ شاھنىڭ قويىنى باقىدىغان قويچى بولماستىن، بەلكى ئەجدىھانى ئۆلتۈرگەن، قىرىق بىرىنچى پەللىگە چىققان، بۇ قېتىمقى بەيگىدە ئۇتقان مەردانە يىگىت ئىكەنلىكىنى جاكارلاپتۇ. خەلق ئامىسى خانتەڭرىنى باشلىرىدا ئېگىز كۆتۈرۈپ مۇبارەكلەپتۇ. پادىشاھ ئۆزىنىڭ كەنجى كۈيئوغلىغا توغرا مۇئامىلە قىلمىغانلىقىنى ئىقرار قىپتۇ، شاھلىق تەختىنى ئۇنىڭغا ئۆتۈنۈپتۇ.

خانتەڭرى ئۇنىمىغان بولسىمۇ، لېكىن پۇقرالارنىڭ قىزغىن ھىمايىسى، پادىشاھنىڭ قايتا - قايتا ئۆتۈنۈشى بىلەن بۇ ئەلنىڭ پادىشاھى بولۇپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خانتەڭرى تۇلپارنى ئاۋۋالقىدىنمۇ نەچچە ھەسسە ئۇلۇغلاپ چوڭ كۆرۈشكە

باشلاپتۇ. خانتەگرى بارلىق ئىشلارنى ئادىللىق بىلەن بىجىرىپتۇ. خەلق ئۇنىڭ ئىشلىرىدىن رازى بولۇپتۇ.

خانتەگرى ئۇزۇن ئۆتمەي ئاتىسىنى ئوردىغا ئەپكېلىۋاپتۇ. پادىچى دوستىنى ئوردىغا خەزىنىچى قىپتۇ، شاھنى ھۆرمەتلەپتۇ. خانتەگرى بىلەن ئايپەرى خۇشال - خۇرام ھايات كەچۈرۈپ، نەچچە پەرزەنتكە ئاتا ۋە ئانا بولۇپتۇ.

خانتەگرىنىڭ كىشمىش يەيدىغان تۇلپارى ئۇنى شۇنداق زور ھۆرمەت، ئابرۇيغا سازاۋەر قىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئەل ئىچىدە «ئەر قانىتى ئات» دېگەن ماقال تارقىلىپتۇ.

چۆچەك ئاخىرلاشقاندا تۈن يېرىم بولاي دەپ قالغان بولۇپ، بالىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇخلاپ قالغان، پەقەت ئابدۇللالا ئىڭەكىنى يۆلەپ، زېھىن قويۇپ ئولتۇراتتى. ئىمىن ئاكا ئابدۇللانىڭ بېشىنى سىلاپ قويۇپ، بالىلار بىلەن خوشلىشىپ، ئۆيىگە قاراپ ماڭدى، بالىلارمۇ ئۆرىتۆپە بولۇشۇپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

كىچىك ئابدۇللا ئىمىن ئاكىنىڭ «كىشمىش يەيدىغان تۇلپار» دېگەن چۆچىكىنى ئاڭلىغان كۈندىن باشلاپ، ئويچان بولۇپ قالدى. ئۇ قانداقتۇر «تۇلپار» دېگەن راستىنلا بارمىدۇ، ئۇ راستىنلا ئۇچالامدىغاندۇ؟ دېگەنلەرنى كۆپ ئويلايتتى. بەزىدە كۆك ئاسماندىن غوڭۇلداپ ئۇچۇپ ئۆتىدىغان ئۇچقۇلارغا (ئايروپىلانلارغا) قاراپ، ئۇلارنىڭ ئىزى يىتكۈچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئابدۇللانىڭ ئاپىسى ھەسەلخان ئايلا ئوغلىنىڭ تويۇقسىزلا جىمىپ كېتىشىدىن سەل ئەنسىرەپ قالدى. شۇ ئارىدا ئابدۇللانىڭ بىر قانچە دوستلىرى ھويلىغا كىرىپ كەلدى، ھەسەلخان ئايلا بۇنىڭدىن قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتتى.



# توغرا تاللانغان يول

قادىر ئاخۇن بىلەن ھەسەلخانلارنىڭ ھويلىسى ئاۋات بەشكوچىدىن غەرىپكە ماڭغان بازار يولى دەپ ئاتىلىدىغان بىر كوچىنىڭ دوقمۇشىدا ئىدى. بۇ ھويلىدىن بەزىدە بۇيلۇقنىڭ چەشمە بۇلاقلىرىدىن يىغىلىپ ئېقىپ كېلىدىغان باغىر سۈيى ئېقىپ ئۆتەتتى. ھويلا پاكىز، كۆركەم، ئازادە بولۇپ، ئېرىقنىڭ ئىككى تەرىپىگە تىكىلگەن ئۆرۈكلەر باراقسان بولۇپ كەتكەنىدى، ئېرىقنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى تەكلەر باراڭ ھاسىل قىلىپ، ھويلىغا سالقىن سايە تاشلاپ تۇراتتى. تۆت تەرەپتىكى تام ياقىسىغا يوغان ئىككى تەشتەككە تىكىلگەن ئەنجۈر، ئانار گۈللىرى قىزىل، سېرىق ئېچىلىپ، ھويلىغا ئۆزگىچە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى.

بېشىنى كۆتۈرمەي قەغەز ئۇچقۇ (ئايروپىلان) ياساۋاتقان ئابدۇللا دوستلىرىنى كۆرۈپ خۇش بولۇپ كەتتى. ئۇلار بەشكوچىغا چىقىپ، ئۇچقۇلارنى ئۇچۇرۇپ ئويناشقا باشلىدى.

بۈگۈن قادىر ئاخۇن مېھمان چاقىرغان بولۇپ، ھويلىدىن مەززىلىك پولۇنىڭ ھىدى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. قورۇنىڭ يان تەرىپىدىكى ئېرىق ياقىسىغا سېلىنغان سۇپا ئۈستىگە كۆرپىلەر سېلىنغان بولۇپ، ھويلىدا ئابدۇللا دوستلىرى بىلەن ئۆگىنىش قىلىۋاتاتتى.

— مېھمانلارنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى، — دېدى قادىر ئاخۇن ھەسەلخان ئايلىغا قاراپ، — تەييارلىق پۈتتىمۇ؟

— ھەممە نەرسىنى تەق قىلىپ قويدۇم، پولۇمۇ دەم يەپ بولدى، مېھمانلار كەلسە تۇۋاقنى ئاچسىلا بولىدۇ، دېدى ھەسەلخان ئايلا.

شۇ ئارىدا ئىمىن مەزىنئاخۇنۇم باشلىق جامائەتلەر سالام بېرىپ ھويلىغا كىرىپ كەلدى. مېھمانلارغا مېۋە - چېۋە، قەنت - گېزەك، ئاش - تاماق تارتىلىپ، داستىخان يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن قادىرئاخۇن ئالدىرىماي گەپ باشلىدى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم مەزىنئاخۇنۇم، خوشنىلىرىم، بۈگۈن ھەر قايسىلىرىنى چاقىرىشتىكى مەقسەت بىر ئىش ئۈستىدە ياخشى مەسلىھەت ئېلىش ئۈچۈن ئىدى. ھەممىلىرىگە مەلۇم ئوغلىمىز ئابدۇللا ھەسەلخان بىلەن ئىككىمىزنىڭ بىردىن - بىر ئوغلىمىز، يۈرەك پارىمىز، بىزنىڭ بارلىق ئۈمىد - ئارزۇلىرىمىز مۇشۇ بالىدا. ئۇ ھازىر چوڭ ئوغۇل بولۇپ قالدى. ئۇ بۇ يىل ئۇيغۇرچە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئۈچۈنچى يىللىقىغا چىققاندى. تۇرۇپلا خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇغۇسى كېلىپ قاپتۇ. بەزىلەر بۇنى ئاڭلاپ، «ئۇيغۇر تۇرۇپ خەنزۇچە ئوقۇسا قانداق بولىدۇ» دېيىشىۋاتىدۇ. بىزنىڭغۇ بالىمىزنىڭ رايىغا باققۇمىز بار ئىدى، مۇشۇ ھەقتە جامائەت بىزگە دانا مەسلىھەت كۆرسەتسە!

ئىمىن مەزىنئاخۇنۇم ئورنىدىن سەل قىمىرلاپ، كېكىرتىكىنى قىرىپ قويۇپ، ئالدىرىماي سۆز باشلىدى:

— ھەر قايسىلىرى بۈگۈن بىزنى ناھايىتى مۇھىم ئىش بىلەن مەسلىھەتكە چاقىرىپىلا، دېمىسىمۇ بۇ بالىنىڭ كېيىنكى تەقدىرىگە باغلىق ئىش. ئىلىم ئېلىش توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېنىق قىلىپ، «ئۇتلۇبۇل- ئىلمى مىنەل ئىمان» دېگەن، بۇ دېگەنلىك «ئىلىم ئۆگىنىش ئىماننىڭ



جۇمىلىسىدىن» دېگەنلىك بولىدۇ. تىلمۇ بىر خىل ئىلىم، ئۆگەنسە پايدىلىق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ئۆز ئۈممەتلىرىگە «ئىلىم ئۆگىنىشتە چىننى يىراق كۆرمەڭلار» دېگەن. بۇ دېگەنلىك «ئىلىم ئۆگىنىشتە جاپادىن قاچماڭلار، ھەتتا ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن سەئۇدى ئەرەبىستاندىن نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جۇڭگوغا بارساڭلارمۇ بولىدۇ» دېگىنى. بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى خەنزۇ تىلى ئۆگىنىش دىنىمىزغا مۇخالىپ ئەمەس. مۇمكىن بولسا باشقا تىللارنىمۇ ئۆگىنىپ، بىلىم دائىرىمىزنى كېڭەيتىشىمىز كېرەك.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— رەھمەت، — دەپ ئورنىدىن تۇردى قادىرئاخۇن ئاكا، — بۈگۈن بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى يورۇق قىلىۋەتتىلە، ئەمدى بىز ئوغلىمىز ئابدۇللانى ئىككىلەنمەستىن، مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپتىكى خەنزۇچە سىنىپقا ئەكىرىپ بېرىمىز.

ئەلۋەتتە ئەينى يىللاردا ئەمدىلا ئون ياشقا كىرگەن ئابدۇللانى «كەلگۈسىدىكى ئۇلۇغ مەقسەتلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، خەنزۇچە ئوقۇماقچى بولغان» دېگىلى بولمايتتى. لېكىن، كىچىك ئابدۇللا نېمىشقىدۇر ئۆز مەكتىپىدىكى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارغا، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئۆزى چۈشەنمەيدىغان تىلدا شۇنچە راۋان سۆزلىشىۋاتقانلىقىغا ھەۋەس قىلاتتى. «مەنمۇ ئۆز ئانا تىلىمدىن باشقا تىللاردا سۆزلىيەلىسەم، باشقا تىللاردىكى كىتابلارنى ئوقۇيالىسام، كىنولارنى چۈشىنەلىسەم قانچە ياخشى بولاتتى - ھە» دەپ ئويلايتتى. ئۇ دەل شۇنداق ساددا، ئەمما كەلگۈسىگە پۇختا ئۇل سالىدىغان قىـ

زىقىش بىلەن خەنزۇ تىلىدا ئوقۇشنى تاللىدى ۋە ئاتا - ئانىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئۆز مەكتىپىدىكى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۈچىنچى يىللىقىغا ئالمىشىۋالدى. ئۇ ئەسلىدە ئۇيغۇرچە مەكتەپتە ئوقۇغاچقا، دەرسلەردە بىرەر يىلغىچە قىينالدى، لېكىن ئۆزىنىڭ كۈچلۈك قىزىقىشى، ئىرادىسىدىن قايتمايدىغان خاراكتېرى بىلەن ئاخىرى خەنزۇ ساۋاقداشلىرىغا يېتىشىۋالدى.

كىچىك ئابدۇللا سەلتەنەتلىك مۇنار ئاستىدا، ھەر كۈنى قۇياش بىلەن سۆيۈشۈپ تۇرىدىغان مۇنارغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ چوڭ بولدى. ئابدۇللا ئېسىنى بىلگەندىن باشلاپ مۇنارغا تىكىلگىنىچە سائەتلەپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. مۇناردىكى ھەر بىر خىشتا گەۋدىلىنىپ تۇرغان ئەجدادلارنىڭ تەڭداشسىز ئەقىل - پاراسىتى، مېھنىتى، سۇنماس ئىرادىسىنىڭ نامايەندىسى بولغان ئاجايىپ نەپىس، سىپتا، كۆركەم نەقىشلەر، نەچچە يۈز يىل بۇرۇن سېلىنغان ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇشتىكى ھۈنەر - سەنئەت جەۋھەرلىرى، كىشىگە ئىلھام بەخش ئېتىدىغان ئەجداد روھى ئۇنى چوڭقۇر ئويغا سالاتتى. مۇشۇنداق چەكسىز، تۈگىمەس ئويلار ئۇنىڭ بىلەن مۇنار ئوتتۇرىسىدا بىر مۇقەددەس رىشتىنى باغلىدى. ئۇ مۇنار روھىنىڭ ساماۋى تەسىرى بىلەن ئېتىقادلىق، توغرا پىكىرلىك، ئەقىللىق، يىراقنى كۆرەر بولۇپ چوڭ بولدى. ئۇنىڭ قەلبىدە بىر گۈزەل غايە مۇناردەك قەد كۆتۈرمەكتە ئىدى.

ئابدۇللا ھەر يىلى ئەلا نەتىجە بىلەن سىنىپ ئۆرلەپ، خەنزۇچە تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن 1979 - يىلى ئىمتىھان بېرىپ، تۇرپان دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ ئومۇمىي پەن كەسپىگە قوبۇل قىلىندى.



ئۇ دەل مۇشۇ چاغدىمۇ يەنە بىر قېتىم ھاياتىدىكى ئەڭ ھالقىلىق تاللاشنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، دارىلمۇئەللىمىندىكى ئومۇمىي پەن كەسپىدىن ئىنگلىز تىلى كەسپىگە ئالمىشىۋالدى. ئەلۋەتتە، بۇ چاغدىكى تاللاش ھەرگىزمۇ بىر دەملىك قىزىقىشنىڭ نەتىجىسى بولماستىن بەلكى، ياشلىق بوسۇغىسىغا قەدەم باسقان، قەلبىگە گۈزەل غايىلەرنى پۈككەن، كەلگۈسىگە ئىشەنچ بىلەن قارايدىغان بىر نەۋقىران يىگىتنىڭ ئىشەنچ ۋە سالماقلىق بىلەن تاللىشى ئىدى. ئۇ دارىلمۇئەللىمىندىكى ئۈچ يىل پۇرسەتنى ئىنگلىز تىلى ۋە باشقا بىلىملەرنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش بىلەن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن «مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچى» بولۇپ مەكتەپ پۈتتۈرۈپ، شۇ مەكتەپنىڭ ئۆزىگە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىندى. ئۇ دائىم «باشقىلاردىن ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن ئىلغار مىللەتلەرنىڭ پەن - تېخنىكىسىنى، بولۇپمۇ تىلىنى ئۆگىنىش كېرەك» دەيتتى. پاكىت ئىسپاتلىدىكى، ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسى كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھازىرقى زامان تەپەككۇرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلسە، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان مۆجىزىلەر بارلىققا كېلىدۇ. خەنزۇ تىلى، ئىنگلىز تىلىدىن بىمالال پايدىلىنالايدىغان، ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش مۇتەخەسسىسى ئابدۇللا قادىر بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ئابدۇللا قادىر خىزمەتكە كىرىشكەندىن كېيىن بىر تەرەپتىن پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلاردىن تىرىشىپ تەجرىبە ئۆگەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆگەنگەنلىرى ئاساسىدا ئىلمىي تەتقىقاتقا كىرىشىپ كەتتى.

تۇرپان دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى تۇرپان ۋىلايىتىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدىغان بىردىنبىر مۇ-

كەممەل ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى بولۇپ، تورپان شەھە-
رىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان، قاتنىشى قۇلايلىق، شارائىتى
ياخشى مەكتەپ ئىدى. كېيىنچە بۇ مەكتەپ بىرلەشكەن دۆ-
لەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ياردەم بېرىشى بىلەن قۇرۇلغان تورپان
ئاز سانلىق مىللەت باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەر-
بىيىلەش مەركىزى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن شارا-
ئىتى تېخىمۇ ياخشىلىنىپ، ئابدۇللا قادىرنىڭ تەتقىقاتى ئۇ-
چۇن ياخشى مۇھىت يارىتىلدى. ئابدۇللا بىر قانچە يىل
ئىزدىنىش ئارقىلىق مەكتەپ مەسئۇللىرىنىڭ قوللىشىنى
قولغا كەلتۈرۈپ، 1986 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ۋىلايەتلەر-
دىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلەرنىڭ ئىچىدە تۇنجى بولۇپ
سىنىپلارغا يېپىق يوللۇق تېلېۋىزىيە تورىنى ئومۇملاشتۇ-
رۇپ، مائارىپنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا قارىتا تۇنجى تۆھپىسى-
نى قوشتى. يېڭى ئوقۇتۇش پروگراممىسىغا ئېلېكترلەشكەن
ئوقۇتۇش مەزمۇنلىرىنى كىرگۈزۈپ، ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ
پەن - تېخنىكىغا بولغان قىزىقىشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ،
ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى يەنىمۇ بېيىتتى.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ-
كى، ئابدۇللا قادىرنىڭ هايات مۇساپىسىغا نەزەر سالساق
ئۇنىڭ باشقىلارغا قارىغاندا ئىزچىل تۈردە بىر قەدەم ئالدىدا
ماڭغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. ئابدۇللا قادىر قەلبى ئاق
قەغەزدەك پاك مەسۇم باللىق ۋاقىتلىرىدا ئانا تىلدىن ئىبا-
رەت ئوغۇز سۈتى بىلەن ئوزۇقلىنىپ، مۇقەددەس ئانا تىل
مۇھىتىدا باللىق تەسەۋۋۇرلىرىنى قاناتلاندۇردى. باشقىلار
ئانا تىلنى ئۆگىنىۋاتقاندا بولسا، مەملىكىتىمىزنىڭ دۆلەت
تىلى، دۆلەت ئىچى ئالاقىسىدىكى مۇھىم قورال بولغان خەن-



زۇ تىلىنى ئۆگىنىشكە يۈزلىنىش قىلدى. 1960 - يىللاردا
ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇشى كىشىلەر-
نى ھەيران قالدۇرىدىغان، يېگىلىق ھېسابلىنىدىغان بىر ئىش
ئىدى. باشقىلار خەنزۇ تىلىنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قى-
لىپ، ئەمدى خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىشنى ئويلىشىۋاتقان 70 -
يىللاردا بولسا ئابدۇللا قادىر نوپۇزلۇق دۇنياۋى تىل، خەلقئا-
را ئالاقىدىكى مۇھىم قورال ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشكە كى-
رىشتى. «پەن - تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى»
دېگەن شوئار ئەمدىلا ئوتتۇرىغا قويۇلغان، كىشىلەر پەن - تېخنى-
كىنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلىش ئالدىدا تۇرغان 80 - يىللاردا ئۇ
ئالللىقاچان قابىل پەن - تېخنىكا خادىمىغا ئايلىنىپ، پەن - تېخنىكى-
نىڭ قۇدرىتىنى ئوقۇغۇچىلارغا تەشۋىق قىلىش، يېڭى تېخنىكا كەش-
پىياتلىرىنى ئىجاد قىلىش، ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىشنى باشلىۋەتتى.
دېمەك، ئابدۇللا قادىر ئىزچىل تۈردە دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭدى، ئۇي-
غاق تەپەككۇر، يىراقنى كۆرىدىغان ئىستىبدات، ئەتراپلىق مۇلاھىزە
قىلىدىغان پاراسەت بىلەن كەلگۈسىدىكى پەن - تېخنىكا رىقابىتىگە
مۇستەھكەم مەنىۋى ئۇل سالدى.

*** ***

بۈگۈن بەشكوچىنىڭ جەنۇبىغا بىر چاقىرىمدىن كۆپرەك كېلىدى-
غان مۇنار يولىنىڭ بويىغا بىر مۇنچە ئادەملەر يىغىلىۋالغانىدى.
توپنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان ئابدۇللا قادىر ئۆزى بىر قانچە يىلدىن
بېرى ئىزدىنىپ ياساپ چىققان سىم ۋە تىزگىنەك بىلەن باشقۇرۇلىدى-
غان ئايروپىلاننىڭ تېخنىكىلىك ھالىتىنى تەكشۈرگەچ سۆزلىمەكتە
ئىدى:

— دۆلىتىمىز «پەن - تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى»
دېگەن چاقىرىقنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىدۇ، پەن - تېخنىكىنىڭ غايەت

زور كۈچى توغرىسىدا كۆپ سۆزلىمىسەممۇ كۆپچىلىككە چۈشىنىشلىك. مەن پەن - تېخنىكا جەھەتتە ياش - ئۆسمۈرلەرگە ئۈلگە كۆرسىتىش، ئىلىم - پەنگە تەشنا قەلبلەرگە ئىلھام بېرىش ئۈچۈن بىر قانچە يىلدىن بېرى پەن - تېخنىكا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئەتراپىمىزدا ئۇچرايدىغان ئىش ھالقىلىرىنى تېخنىكا جەھەتتىن ئۆزگەرتىش، يېڭىلاش جەھەتتە ئىزدىنىپ، مەلۇم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۈم. «تۇلپار» ناملىق سىم بىلەن باشقۇرۇلىدىغان بۇ ئايروپىلان شۇ نەتىجىلىرىمنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەن ھازىر كۆپچىلىككە سىم ئارقىلىق باشقۇرۇلىدىغان بۇ ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇشىنى كۆرسىتىمەن.

ئابدۇللا قادىر سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئايروپىلان ماتورىنى بۇراپ ئوت ئالدۇرۇپ، ھاۋاغا قويۇپ بەردى. «تۇلپار» سىمنى چۆرىدىگەن ھالدا ئاسماندا پەرۋاز قىلغاندا ھەممەيلەن ھەيران بولۇشۇپ قىزغىن چاۋاك چېلىشتى.

شۇ يىللاردا ئابدۇللا قادىر يېپىق يوللۇق دەرس ئۆتۈش لىنىيىسى، ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش تەتقىقاتى، ئاپتوماتىك قوڭغۇراق، يىراقتىن باشقۇرۇلىدىغان مودېل، سىم ئارقىلىق باشقۇرۇلىدىغان ئايروپىلان مودېلى قاتارلىقلارنى ياساپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پەن - تېخنىكىغا بولغان قىزىقىشىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈردى. يۇقىرىقى نەتىجىلىرى بىلەن ئاپتونوم رايون بويىچە «مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا خادىمى» بولۇپ باھالىنىپ، ئۈرۈمچىگە چىقىپ يىغىنغا قاتنىشىپ، شەرەپ گۈلى تاقاپ قايتىپ كەلدى.

ئابدۇللا قادىر 1984 - يىلى ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسى ئېلېكترلەشكەن مائارىپ سايمانلىرى تەجرىبە پونكىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ، 1985 - يىلى تۇرپان ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش مەركىزى قۇرۇلغاندا، بۇ مەكتەپنىڭ ئېلېكترلەشكەن مائارىپ بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ يۆتكەلدى. بۇ جەرياندا ئۇ كۇنمىڭ، بېيجىڭ، تيەنجىنلەردە ئېچىلغان ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش بويىچە قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلارغا قاتناشتى. 1992 - يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر يىل ئوقۇپ ئالىي تېخنىكوم دىپلومىغا ئېرىشتى ۋە لېكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىنى ئالدى. ئابدۇللا قادىر بىر ئوقۇتقۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن بارلىقىنى مائارىپ ئۈچۈن، كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن بېغىشلىدى. ئۇنىڭ ئايروپىلان ياساشتىكى مەقسىتىمۇ ئىقتىسادىي ئۇنۇم ئۈچۈن ياكى شان - شۆھرەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن بولماستىن، بەلكى ياش - ئۆسمۈرلەردە پەن - تېخنىكا قارىشىنى تۇرغۇزۇش، پەن - تېخنىكىغا تايانغاندىلا ھەرقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاددىي خىسلىتى بىلەن ئۇلۇغ روھىنى نامايان قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ 100 نەچچە خىل پەن - تېخنىكا، ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى، كىچىك كەشپىياتلارنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. بالىلار ئۆزلىرى قول سېلىپ ئىشلىگەن بۇ پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى دۆلەت، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت بويىچە كۆپ قېتىم 1 -، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. مەكتەپمۇ ئىلغار ئورۇن بولۇپ تەقدىرلەندى. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ پەن - تېخنىكا قىزغىنلىقىغا زور دەرىجىدە ئىلھام بولدى.

# كۆنمىگەنگە سەپەر

چەكسىز كەتكەن چۆل - باياۋانلارنى كېسىپ ئۆتكەن
«ئوت هارۋىسى» يېنىك رىتىمدا چايقىلىپ سەپىرىنى داۋام-
لاشتۇرماقتا. بۇ ئەتراپتا نە چۆل جەزىرە، نە باياۋاندىن ئەسلا
ئەسەر يوق. ھەممىلا يەرنى كۆز يەتكۈسىز يېشىللىق قاپلى-
غان، تاغمۇ ئورمان، يەرمۇ ئورمان، باغلىرىنى خىلمۇ -
خىل مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ گۈل - غۇنچىلىرى قاپلاپ كەت-
كەن. چېكىدۇ - كۆنمەس تۆمۈر يولىدا كېتىۋاتقان بۇ پويىزدا
ئادەمنىڭ كۆڭلىكىدىن پۇت قويغۇدەكمۇ ئورۇن يوق. بەزى
يولۇچىلار، ھەتتا ئورۇن تالىشىپ جېدەللىشمەكتە. ئەنە شۇ
يولۇچىلارنىڭ ئىچىدە كىيىنىشى، يۈرۈش - تۇرۇشى، چىرا-
ي - تۇرقىدىن ئۇيغۇر ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرغان بەش
يولۇچىمۇ ئاران ئىككى كىشىلىك ئورۇنغا ئىگە بولالىغان.
بۇ ھالەت قايسىدۇر بىر قىزىقچىنىڭ مۇنۇ مىسرالىرىنى
ئادەمنىڭ ئېسىگە سالىدۇ:

شوپۇر ئۇستام، يولۇچى خۇمداندىكى كېسەكمۇ؟
ئۇستى - ئۇستىگە قاچىلايسىز «ئورنۇم قېنى؟» دېسەك-
مۇ!
پۇل بولسىلا بولامدۇ، قىستىلىشىپ ئۆلسەكمۇ؟
مەيلى ئىدى كەڭ بولسا قوشلاپ شاپىلاق يېسەكمۇ!

ئەتىگەندىن بېرى بىللە ئېلىپ كېتىۋاتقان ئادەملىرىنىڭ
ئۆز ئارا ئورۇن ئالمىشىپ ئولتۇرۇشىنى مۇۋاپىق تەڭشەۋات-
قان، ئۆزى بولسا دېرىزىگە يۆلىنىپ ئۆرە تۇرغان ئابدۇللا
قادىر بىردە دېرىزىدىن كۆرۈنۈۋاتقان چەكسىز بوستانلىقلارغا



نەزىرىنى ئاغدۇرسا، بىردە قولىدىكى «دۇنيادىكى تۇنجى ئاي-
روپىلاندىن ھازىرقى زامان ھاۋا قاتنىشىغا نەزەر» ناملىق
ئىنگلىزچە كىتابقا جىددىي تىكىلەتتى. ئابدۇللا قادىر بۇ
قېتىم شىنجاڭنىڭ جاي - جايلىرىدىن يىغىلغان بەش كىشى-
نى باشلاپ، شىنجاڭنىڭ ئېلېكترلەشكەن مائارىپ تەرەققىيا-
تىنى يەنىمۇ تېزلىتىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ۋەزىپىنى زىم-
مىسىگە ئېلىپ، يۇنىەن ئۆلكىسىنىڭ كۈنمىڭ شەھەرلىك
ئېلېكترلەشكەن مائارىپ مەركىزىگە ئۆگىنىش ئۈچۈن ماڭغا-
نىدى. ئۇلارنى يەنە بىر يېڭى دۇنيا، يېڭى بىر ئىلىم - پەن
خەزىنىسى كۈتۈپ تۇراتتى. كەينىدە بولسا 1 مىليون 600
مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان قەدىمكى زېمىننىڭ
ياش - ئەۋلادلىرى ئۇلارغا ئۈمىدلىك كۆزلىرىنى تىكىپ
قالغان ئىدى. مانا بۇ مىلادىيە 1984 - يىلىنىڭ باھار پەسلى
ئىدى.

قىستا - قىستاڭ پويىز ئىچىگە ئاستا - ئاستا تۈن
پەردىسى يېپىلىپ، يولۇچىلار مۈگدەشكە باشلىدى. پۇت -
قوللىرى، كۆزلىرى تېلىپ كەتكەن ئابدۇللا قادىر بوش
ئورۇن ئىزدەپ نەزىرىنى ئەتراپقا ئاغدۇردى ۋە بىر قانچە
خەنزۇ يولداشنىڭ ئورۇندۇقنىڭ ئاستىغا كىرىپ شېرىن
ئۇيقۇغا كەتكەنلىكىنى كۆردى. «ۋېي، بۇ ئەجەب ياخشى
ئامالكىنا، لېكىن سەت تۇرارمۇ، مەيلىلا، بۇ يەردە مېنى
كىم تونۇيتتى، جېنىم ئارام تاپسىلا بولمىدىمۇ»، ئابدۇللا
قادىر شۇلارنى ئويلاپ، كىتابى بىلەن خاتىرىسىنى ئېلىپ
ئورۇندۇقنىڭ ئاستىغا كىردى. مۇشۇ قىستاڭچىلىقتا بۇ
قاتتىق يەر خۇددى يۇمشاق كۆرپە سېلىنغان كارىۋاتتەك
راھەتبەخش بىلىندى. ئۇ بۇ كىچىككىنە دۇنياسىدا ھارغىن-

لىقنى تېزلا ئۇنتۇپ، خاتىرىسىنى ۋاراقلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ خاتىرىسىگە مۇنۇ قۇرلار يېزىلغانىدى:

مانا بۈگۈن گۈزەل ئانا يۇرتۇم تۇرپاندىن ئايرىلغىلى بىر ھەپتە بولدى. مەن يۇرتۇمنىڭ ئېلېكترلەشكەن مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۆھپە قوشۇش، ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن - تېخنىكا بىلەن قوراللىنىشىغا ياردەم بېرىش، يۇرتۇمنىڭ نامرات قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشكە تۈرتكىلىك رول ئويناشتەك مۇشكۈل ۋەزىپىنى زىممەمگە ئېلىپ، گۈزەل شەھەر كۇنمىڭدىكى ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئۆگىنىش، تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن كېتىۋاتىمەن. مەن چوقۇم قەدىردان ئانا يۇرتۇمنىڭ، ھۆرمەتلىك ئۇستازلىرىمنىڭ، سۆيۈملۈك شاگىرتلىرىمنىڭ، مېنى قىزغىن قوللاۋاتقان دوستلىرىمنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايمەن. «تۇلپار»نى چوقۇم كۆكتە ئۇچۇرماي، پەرۋاز قىلغۇزماي قويمايمەن. باشقىلار قىلالىغان ئىشنى بىز نېمىشقا قىلالمىغۇدەكمىز؟ باشقا مىللەتلەر ئۇچسا ئۇچىدىكەنۇ، ئۇيغۇرلار ئۇچالمامدىكەن؟

بىزنىڭمۇ چەت ئەللىكلەرگە ئوخشاشلا تەپەككۇر قىلىدىغان مېڭىمىز، سۆزلەيدىغان ئېغىزىمىز، كۆرەلەيدىغان ئۆتكۈر كۆزىمىز بارغۇ؟ ھەتتا بىزنىڭ ئەقىل - پاراسەتلىك ئەجدادلىرىمىز تارىختا چەت ئەللىكلەرنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرغۇدەك مەدەنىيەت نەمۇنىلىرىنى ياراتقانغۇ؟! بىزنىڭ چەت ئەللىكلەردىن نەرىمىز كەم؟! مەن چوقۇم ئۆزۈم ئايروپىلان ياساپ ئۇچۇرۇپ، يەر شارىدا ئۇيغۇر دېگەن بىر مىللەتنىڭ بارلىقىنى، ئۇلارنىڭمۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا، ھەتتا ئۇلاردىنمۇ ئېشىپ چۈشكۈدەك ئەقلىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرىمەن.



ئابدۇللا قادىر سەل ئارام ئالماقچى بولغاندەك كۆزىنى يۇمدى.

توغرا، كائىناتتىكى ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك جانلىق ھېسابلانغان ئىنساننىڭ ئىرادىسى قاتتىق تاۋلىنىش باسقۇچىدىن ئۆتۈپ، يۈكسەك ئەقىل - پاراسەت بىلەن بىرلەشكەندە ئۇ غايەت زور ئىنېرتسىيە كۈچىنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ ئىنېرتسىيە كۈچى خۇددى لاۋۇلداپ ئېقىۋاتقان يانار تاغ ماگمىسىغا ئوخشاش ئۆزىگە توسقۇن بولغان ھەر قانداق توسالغۇنى سۈپۈرۈپ تاشلايدۇ، ھەر قانداق مۆجىزىنى يارىتالايدۇ. ئابدۇللا قادىردا مۇشۇنداق ئىنېرتسىيە كۈچى بولغاچقا، روھى بېسىم، نامراتلىق، شارائىتنىڭ ناچارلىقى، كىشىلەرنىڭ تاپا - تەنىسى، كۆپ قېتىملىق مەغلۇبىيەت قاتارلىق «لاتقا»لارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، «تۆمۈر قۇش»نى ئاسماندا ئۇچۇرالىدى. مانا بۇ ئابدۇللا قادىردىكى ئېگىلمەس - سۇنماس ئىرادىنىڭ، ئەقىل- پاراسەتنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

ئابدۇللا قادىرنىڭ خاتىرىسىدە يەنە مۇنداق قۇرلار بار ئىدى: 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دۇنيادا ھاۋا بوشلۇقى تەتقىقاتى يۇقىرى پەللىگە چىقىپ، ئايروپىلان ياساشقا ئاساس يارىتىلدى. 1900 - يىلى ئامېرىكىلىق ۋېلسىپىت رېمونت قىلغۇچى ئاكا - ئۇكا رايتلار ئۆزلىرىنىڭ ۋېلسىپىت رېمونت قىلىش جەريانىدىكى ئەمەلىي تەجرىبىسى ھەم «ئاۋىئاتسىيە تەتقىقات ئاساسلىرى» دېگەن كىتابتىكى نەزەرىيىۋى بىلىملەرگە سېلىشتۇرۇپ، مىڭ قېتىمدىن ئارتۇق سىناق ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق دۇنيا بويىچە تۇنجى ماتورلۇق ئايروپىلاننى ياساپ چىقتى.

«1903 - يىلى 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى چۈشتىن

ئىلگىرى سائەت 10 دىن 35 مىنۇت ئۆتكەندە ، ئۇچ-
قۇچى 14 ـ نومۇرلۇق»، ناملىق بۇ ئايروپىلان شىمالىي كارو-
لىنا شتاتىدا تۇنجى قېتىم ئۇچتى. نەق مەيداندا كۆرگۈچىلەر
پەقەت بەشلا ئادەم بولۇپ، گەرچە چوڭ داغدۇغا بولمىغان
بولسىمۇ، ئەمما بۇگۈن تۇنجى قېتىم ئىنسانلارنىڭ ئايروپە-
لانغا ئولتۇرۇپ، هاۋاغا كۆتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەڭگۈلۈك خا-
تىرىسى بولۇپ قالدى. بۇ كۈنى تۆت قېتىم ئۇچۇش سىنىقى
قىلىندى، سىناق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. ئەڭ ئۇزۇن
ئۇچقاندا 59 سېكۇنت، ئەڭ ئېگىز بولغاندا يەر يۈزىدىن 6.
36 مېتىر ئېگىزلىكتە ئۇچتى. ئۇچقان ئارىلىقى ئوتتۇرىچە
260 مېتىر بولۇپ، تۆت قېتىمدا جەمئىي 1040 مېتىر
ئۇچتى. كېيىن بۇ ئايروپىلاننى ئۇچۇرۇش پارىژ شەھىرىدە
يەنە بىر قېتىم مۇۋەپپەقىيەتلىك كۆرسىتىلدى. بۇ قېتىم
بۇ ئايروپىلان 22 مىنۇت 17 سېكۇنت ئۇچۇپ كىشىلەرنى
هەيران قالدۇردى. 1908 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى
ئاكا ـ ئۇكا رايتلار بۇ ئايروپىلاننى بىر سائەت 53 مىنۇت
ئىچىدە 100 مېتىر ئېگىزلىكتە 120 كىلومېتىر ئۇچۇرۇپ
مۆجىزە ياراتتى. هازىر «ئۇچقۇچى 1 ـ نومۇرلۇق»، ناملىق
ئايروپىلان ۋاشىنگتون ئالەم ئاۋىئاتسىيە مۇزېيخانىسىدا ساق-
لانماقتا.

ئەڭ چوڭ يولۇچىلار ئايروپىلانى بوئىن 747 تىپلىق
ئايروپىلان بولۇپ، 1969 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى
تۇنجى ئۇچقان، ئەڭ كۆپ بولغاندا 537 يولۇچى ئولتۇرالاي-
دۇ. ئۇزۇنلۇقى 70.5 مېتىر، بۇ ئايروپىلان 1970 ـ يىلى
1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى رەسمىي ئىشلىتىلىشكە باشلىغان.
هازىر تەتقىقاتچىلارنىڭ مۆلچەرىگە قارىغاندا كېيىنچە 800،



هەتتا 2000 كىشىلىك ئايروپىلانلار بارلىققا كېلىشى، هەتتا
2، 3 قەۋەتلىك ئايروپىلانلار بارلىققا كېلىشى مۇمكىن،
نۆۋەتتە ئالىملار بۇ هەقتە ئۈزلۈكسىز تەتقىقات ئېلىپ بار-
ماقتا».

مانا، دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەر نېمىلەرنى قىلىۋاتىد-
دۇ، بىز نېمىلەرنى قىلىۋاتىمىز؟ چەت ئەللىكلەر 80 ـ 90
يىل ئىلگىرىلا ئايروپىلان ياساپ ئۇچقان، هەتتا نەچچە ئون
يىل ئىلگىرىلا ئەڭ ئىلغار ئۇچار جىسىملارنى - راكېتا،
ئالەم كېمىسى قاتارلىقلارنى ياساپ باشقا پلانېتىلارغا يۈرۈش
قىلدى. بىز بولساقچۇ؟ بىز هازىرمۇ ئىپتىدائىي دەۋردىكى
كەتمەن، گۈرجەك قاتارلىق تۆمۈر قوراللارغا تايىنىپ، ئەنئ-
ئەنىۋى ئۇسۇلدا يەر تېرىپ، ئىشەك هارۋىسىنى قاتناش
قورالى قىلىپ ياشاۋاتىمىز. ئەڭ ئېچىنىشلىقى مەنىۋى جە-
هەتتىكى نامراتلىققا تەن بېرىپ، ئەنئەنىۋى قورغانلارغا مەھ-
كەم سولىنىپ، پەن - تېخنىكا يېڭىلىقلىرىغا سوغۇق مۇئامىلە
قىلىۋاتىمىز، ئىلىم - پەننىڭ كۈچىگە سەل قاراۋاتىمىز. ئۇچمى-
مىزنى ياپقۇدەك كىيىمگە، قورسىقىمىز تويغۇدەك تاماققا
شۈكرى قىلىپ، جاهاننىڭ خۇۋلۇقىنى كۆرمەي ئۆتۈپ كې-
تىۋاتىمىز. بۇ خىل هالەتنى ئۆزگەرتىش، خەلقىمىز ئۈچۈن
يېپيېڭى دۇنيا يارىتىش ئۈچۈن ئىلىم - پەن ئۆگىنىش، پەن -
تېخنىكىنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىش، بۇ ئارقىلىق ئاۋام-
نىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش كېرەك.

ئابدۇللا قادىر شۇ خىياللارنى سۈرگەچ كىچىكىدىن
بىللە ئۆسۈپ چوڭ بولغان، ئۆزىنى ئۇزۇندىن بۇيان قوللاپ
كېلىۋاتقان، مەرىپەتپەرۋەر دوستى ئابدۇللا ئىمىن ئوقۇپ
بەرگەن شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ مۇنۇ مىسرالىرىنى

ئېسىگە ئالدى:

ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلغان ئۇچار كۆكتە، ئۈزەر سۇدا،
مېنىڭدەك قوتۇر ئېشەك يوق، پىيادە قالغانىمىز باردۇر.

گۈركىرەپ كەلسە ئاپتوموبىل، نېمە بۇ، ئەي خۇدايىم، دەپ،
ئەقلىنى ئىشلىتەلمەي ھاڭ - تاڭ قېتىپ قالغانىمىز باردۇر.

ھۈنەر بىلەن سانائەتتە «يېتىشتۇق»، ئەمدى ئىش پۈتتى،
ئۇماچ ئىچمەككە خۇمداندا غېدىر قۇيغانىمىز باردۇر.

... ...

مۇنەججىم ھەم ئىنژېنېر، ئالىملارنىڭ ئورنىغا،
تونۇ سەللە، نەپسى بالا موللىمىز، سۇلتانىمىز باردۇر.

... ...

ئويغىنىپ كەتتى جاھان، مەغرىبۇ مەشرىق تامام،
مەن تېخى سۈت ئۇيقۇدا، چۈش كۆرۈپ ياتارمەن.
باشقىلار كۆكتە ئۇچۇپ، سۇدا ئۈزۈپ كەتتى يىراق،
مەن مىسالى يالاڭ ئاياغ، دەسسەپ تىكەن ماڭارمەن.

ئىلىم - پەندىن يوق خەۋەر، باستى غەپلەت، خەۋپ - خەتەر،
ھالىمىز قۇلدىن بەتەر، قانداق چىداپ تۇرارمەن.

... ...

كىمكى ھەق يولغا قەدەم قويسا ئۇتۇق مۇتلەق شۇنىڭ،
بۇ نېچۈن بولغاي كېيىن دەپ، يوق خىيالغا قالمىغاي.

... ...

سەن ۋەتەن، مىللەت دېسەڭ تارىختا نامىڭ قالغۇسى،
بول جەسۇر ئالىي نىشان كۆلچەك بولاقتا قانمىغىل.



ئابدۇللا قادىر ئەتىسى ھەمراھلىرى بىلەن بىرگە كۈن-
مىڭغا يېتىپ باردى. كۈنمىڭ شەھەرلىك مائارىپ تەربىيە-
لەش مەركىزى پويىز ئىستانسىسىغا ئالايىتەن ماشىنا ۋە
ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلارنى كۈتۈۋالدى. ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادە-
تىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇلارنى كۈنمىڭنىڭ ئاۋات كوچىلىرى-
نىڭ بىرىگە جايلاشقان يۈننەن ئۆلكىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى
كومىتېتىنىڭ قارمىقىدىكى مۇسۇلمانچە ئاشخانىسى بار مېھ-
مانخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللا
قادىرنىڭ كۈنمىڭدىكى ئۈچ ئايلىق ئۆگىنىش ھاياتى باشلان-
دى.

ئەينى ۋاقىتتا تەرەققىياتى ئىنتايىن تېز بولۇۋاتقان
گۇاڭجۇ، شياڭگاڭ، ئاۋمېن قاتارلىق شەھەرلەر بىلەن قوش-
نا بولغان كۈنمىڭ شەھىرىنىڭ ئېچىۋېتىش دەرىجىسىمۇ زور
دەرىجىدە ئاشقان، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى يۇقىرى
كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇيەردىكى گۈزەل مۇھىت، تەرەققىي
تاپقان مەدەنىيەت، ناھايىتى تېز بېخلىنىشقا باشلىغان غەربچە
تۇرمۇش شەكلى ھەر قانداق كىشىنى مەپتۇن قىلاتتى. بەدى-
نىنى ئارانلا يېپىپ تۇرغان كىيىملەرنى كىيىۋالغان چىراي-
لىق قىزلار، كوچىلاردا قىزغىن مۇھەببەت قاينىمىغا شۇڭ-
غۇپ كەتكەن ئاشىق - مەشۇقلار باغچىلاردا ھېچكىمدىن
ھېيىقماي بىر جان، بىر تەن بولۇپ كەتكەن ياش بىر جۈپلەر
ھەر قانداق كىشىنىڭ ھاياجىنىنى قوزغىماي قالمايتتى. ھا-
ياتنىڭ نۆۋەر ۋاقىتلىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان، تېخى ئىسلاھات-
نىڭ شامىلى يېتىپ بارمىغان بېكىك ھالەتتىكى يىراق تۇر-
پاندىن كەلگەن ئابدۇللا قادىر بۇ يەردىكى مەئىشەتلىك پۇر-
سەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئويۇن - تاماشا بىلەن كۆڭلىنى

خوش قىلىسىمۇ ياكى «ئۆگىنىش بىلەن كۆڭۈل ئېچىشنى بىرلەشتۈرسىمۇ» بولاتتى. بىراق، ئابدۇللا قادىر ئۇنداق خاراكتېردىكى ئادەملەر تىپىغا كىرمەيتتى. قەلبىدە مۇقەددەس ئېتىقاد دەرىخى يىلتىز تارتقان، خەلق تاپشۇرغان ۋەزىپە ھەر قاچان زىممەمدە دەپ چۈشىنىدىغان ئابدۇللا قادىر ئۆز تەبىئىتى بويىچە بۇ ئىشلارغا سوغۇققانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلدى. ئەتراپتىكى يېڭىلىقلارنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ قالىدىغان، شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ كېتىدىغان مىجەز ئابدۇللا قادىرغا يات ئىدى.

ئابدۇللا قادىر تەقۋادار، ئىمانى پاكىز ئاتا - ئانىسىنىڭ تەربىيىسى، قويۇق ئەنئەنىۋى ئائىلە مۇھىتى، گۈزەل پەزىلەتلەر مۇجەسسەملەنگەن تىپىك سەھراچە تۇرمۇش شەكلىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆزىدە ناھايىتى ساغلام مىللىي پسىخىكا، ئۇچۇق - يورۇق، ئاق كۆڭۈل، كىشىلەرگە يامانلىق ئەيلىمەيدىغان مىجەز، ھاياتقا قىزغىن مۇھەببەت بىلەن قارايدىغان جۇشقۇن خاراكتېرنى يېتىلدۈرگەنىدى. ئۇ گەرچە خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇغان بولسىمۇ، ئەنئەنىۋى قاراشلارغا، ئۆرپ - ئادەتلەرگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى. چوڭلار «يامان بولىدۇ» دېگەن ئىشلاردىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەيتتى. ئۇ «ئەجدادلار شۇنچە ئۇزۇن ئەسىرلەر داۋامىدا يەكۈنلىگەن، ‹ياخشى بولىدۇ›، ‹يامان بولىدۇ› دېگەن قاراشلاردا چوقۇم ئىلمىي ئاساس بار» دەپ قارايتتى. ھەممە ئىشقا ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتاتتى، ھەتتا پالچى، موللىلارنىڭ گېپىنى، بېشارەتلىرىنىمۇ كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ باقاتتى، «ئۇلارنىڭ گېپىنى قانداق قوبۇل قىلىش ئۆزىمىزگە باغلىق، لېكىن گەپلىرىنى ئاڭلاپ قويغاننىڭ زىيىنى يوق» دەپ قارايتتى. شۇڭا، ھاياتىدا ئاغزىغا بىر يۇتۇممۇ ھاراق ئالمىغان، بىرەر تالمۇ تاماكا



چېكىپ باقمىغانىدى. ئۆرپ - ئادەتلەرگە يات بولغان باشقا «كەيپ»لەرگىمۇ قەتئىي يېقىن يولىمايتتى. تاماكا بىلەن ھاراق ئۇيغۇر زېمىنىنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە «ئىستېلا» قىلىپ بولغان، قوۋمىمىزنىڭ ھەممە ئەزاسىنى دېگۈدەك مەھلىيا قىلىۋالغان مۇشۇ دەۋردە ئابدۇللا قادىرنىڭ بۇ «كەيپ»لەردىن ئۆزىنى قەتئىي يىراق تۇتۇشىنىڭ ئۆزىلا بىر ئۇلۇغ روھ ئىدى. ئادەمنى «ئاستا زەھەرلىگۈچى» بۇ «شېرىن دۈشمەن»لەرنىڭ ھۇجۇمىدىن قەتئىي ساقلانغاچقىمۇ، ئابدۇللا قادىرنىڭ قەلب دۇنياسى ئىزچىل تۇردە پاكىز ۋە گۈزەل، تەپەككۇرى ئۆتكۈر، پىكرى ئۇچۇق بولۇپ كەلدى.

ئابدۇللا قادىر تۇتۇرۇقلۇق، كۆرگەن - بىلگەندەك ھالەت بىلەن شارائىتى ياخشى، پەن - تېخنىكا يېڭىلىقلىرى زور دەرىجىدە ئەمەلىيلەشكەن، ئۆگىنىش مۇھىتى ئىنتايىن قولايلىق بولغان كۇنمىڭنى ئىزدىنىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ بىلىپ، جىددىي ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتى. ئوقۇتقۇچىلار ئۆتكەن ھەر بىر دەرسنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلاپ، بىرىمۇ بىر خاتىرە قالدۇرۇپ، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ تەكرار قىلىپ، دەرسلەرنى ئۇدۇللۇق پۇختىلاپ ماڭدى. دەم ئېلىش كۈنلىرىنى باشقىلار دېڭىز بويلىرىدا، باغچىلاردا ئۆتكۈزسە ئۇ كۇتۇپخانىلاردا، قىرائەتخانىلاردا ئۆتكۈزدى. شۇنداق قىلىپ ئابدۇللا قادىر بۇ گۈزەل شەھەر كۇنمىڭدا جىددىي ئۆگىنىش بىلەن ئۈچ ئاي ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا قالدى. ئابدۇللا قادىر قىسقىغىنە ئۈچ ئاي ئىچىدە ئۆزىگە نۇرغۇنلىغان يېڭى بىلىملەرنى ئاتا قىلغان بۇ ئىلىملىك ماكان بىلەن كۆزى قىيمىغان ھالدا خوشلىشىپ، يۇرتىغا قايتىپ كەلدى.

# ئايروپىلان «سارىڭى»

كۈنىمىزدىكى ئىلغار پەن - تېخنىكا يېڭىلىقلىرى، زامانىۋىلاشقان ئەسلىھەلەر، كىشىلەرنىڭ يۇقىرى مەدەنىيەت سا. پاسى ئابدۇللا قادىرنى تەگسىز ئويلارغا غەرق قىلدى. ئۇ يەردىكى يېڭىلىقلار بىلەن يۇرتىدىكى ئەھۋاللارنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، چوڭقۇر ئەپسۇسلۇققا چۆكتى. بالىلىق مەزگىلىدىن باشلاپ قەلبىگە ئورناشقان ئارزۇ قايتا باش كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىرادىسىنى تاۋلىماقتا ئىدى. «ئۇچۇش كېرەك، چوقۇم ئۆزىمىز ئايروپىلان ياساپ ئۇچۇشىمىز كېرەك، — دەيتتى ئابدۇللا قادىر ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ، — ئايروپىلان ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك پەن - تېخنىكىنىڭ مەھسۇلى ئىكەن، كۆپ خىل، مۇرەككەپ ئىلىملەرنىڭ مۇجەسسىمى ئىكەن. ئۇلۇغ خەلقىمىز ئۇزۇن تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيان ‹ياغاچ ئات›، ‹تۆمۈر قۇش›قا مىنىپ ئۇچۇشنى ئارمان قىلىپ كەلگەنىكەن، بۇ خىل روھ، بۇ خىل تەسەۋۋۇر، بۇ خىل گۈزەل چۈش ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئۇدۇم بولۇپ كەپتۇ. بۇ خىل سىرلىق چوقۇنۇش ھازىرمۇ خەلقىمىزنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سېلىپ كېلىۋاتىدۇ. باشقا مىللەتلەر ئاللىقاچان كۆكتە ئۇچقان بولسىمۇ، خەلقىمىز بۇنىڭلىق بىلەن قانائەتلىنىپ قالمىدى، ئۇچۇشقا بولغان قىزىقىش قىلچە پەسەيمىدى. ھازىرمۇ بالىلىرىمىز، ياش ئەۋلادلار ئاسمانغا، ئۇچۇشقا، ئۇچقۇغا (ئايروپىلانغا) شۇنچە تەلپۈنىدۇ، ئۇچقۇنى شۇنچە سىرلىق، مۇقەددەس بىلىدۇ. بۇنداق غايەت زور تۆمۈرنىڭ كۆكتە پەرۋاز قىلىشىنى زادىلا ئەقلىگە سىغدۇرالمايدۇ. بۇنىڭ سىرىنى بالىلىرىمىزغا ئېچىپ بېرىشىمىز كېرەك، پەن - تېخنىكىنى قورال قىلساقلا، بۇ مۆجىزىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرالايدىغانلىقىمىزنى بالىلىرىمىزغا بىلدۈرۈشىمىز كېرەك. بۇ ئۇلۇغۋار غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مېنىڭ قولۇمدىن كېلەرمۇ؟ ئەجدادلارنىڭ روھى مېنى يۆلىگەي!»



شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇللا قادىر قىزغىنلىق بىلەن ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئابدۇللا قادىرنىڭ ئايروپىلانغا بولغان مەپتۇنلۇقى ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى قىزىقىش، ھەۋەسكە ئوخشىمايتتى. ئۇ قەلبىگە داۋاسىز، پۈتمەس - تۈگىمەس دەرد تولغان ئاشىق بولۇپ، ئايروپىلان ئۇنىڭ پۈتۈن جان، تېنى بىلەن كۆيگەن مەشۇقى ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ پۈتۈن ئوي- خىيالى، ئەس - يادى شۇ مەشۇقىدا قالغانىدى. پەقەت «مەشۇقى» نىڭ ۋىسالىغا يەتكەندىلا بۇ دەردكە داۋا تاپالايتتى. ئۇ بۇ كۈنلەردە ئۇيقۇنى، تاماقنى، ھەتتا ئەتراپىدىكى پۈتۈن مەۋجۇداتنى تەرك ئەتتى. ئۇ بۇ خىل سەۋدايىلىققا گىرىپتار بولغانلىقىغا ئۆزىمۇ ھەيران ئىدى، بۇ «ئاشىقلىق» تىن قۇتۇلۇشقا ئامالىمۇ يوق ئىدى.

— ئوغلۇم، مۇنداق قاتتىق ئىشلەۋەرسەڭ ئۆزۈڭنى يوقىتىپ قويىسەن! مۇۋاپىق ئارام ئېلىپ، غىزالىنىپ، ئاندىن ئىشلىسەڭ كېرەكتە! — دەيتتى ئاتىسى قادىر ئاخۇن ئوغلىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىچىنىپ. دېمىسىمۇ ئابدۇللا مۇشۇ بىر يىلدىن بېرى يازلىق، قىشلىق تەتىل مەزگىللىرىدە، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە تىنىماي ئىشلىمەكتە ئىدى. ئۇ بۇ جەرياندا ئويروپىلانغا دائىر تۈرلۈك ماتېرىياللارنى توپلىدى، رەتلىدى. «دۇنيادىكى تۇنجى ئايروپىلاندىن ھازىرقى

زامان هاۋا قاتنىشىغا نەزەر» ، «فىزىكىلىق قانۇنىيەت ۋە ئالەم ئاۋىئاتسىيە قاتنىشى» ، «جۇڭگونىڭ ئاۋىئاتسىيە ئالەم قاتنىشى تارىخى» ، «دۇنيادىكى تۇنجى ماتورلۇق ئايروپىلان» قاتارلىق 30 نەچچە خىل كىتاب - ماتېرىيال ۋە ماقالىلارنى بىرمۇبىر ، خەتمۇخەت ئوقۇپ چىقتى. ئۆزى مۇهىم دەپ بىلگەن مەزمۇن، چېرتيوژلارنى ئايرىم خاتىرىگە كۆچۈردى. بۇ ماتېرىياللار ئىچىدىن ئايروپىلان ياساش ۋە هاۋا بوشلۇقىغا قويۇپ بېرىش توغرىسىدىكى نۇرغۇن ئەمەلىي بىلىملەرنى ئىگىلىدى.

ئابدۇللا قادىرنىڭ باراڭلىق هويلىسىنىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكىگە جايلاشقان بەش كۋادرات مېتىرمۇ كەلمەيدىغان كىچىككىنە قىستاڭ ئۆي ئۇنىڭ تەتقىقات ئورنى بولدى. ئوتتۇرىغا قويۇلغان تار ياغاچ كارىۋات بەزىدە ئۇنىڭ ئۈستەلى بولسا، بەزىدە ئارام ئالىدىغان تۆشىكى بولدى. ئاشۇ كىچىككىنە تارغىنە ئۆيدە ئابدۇللا قادىر قانچە كېچىلەرنى كىرپىك قاقماي ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى. كۈندۈزى مەكتەپكە بارسا، ئىشتىن چۈشكەن هامان بۇ «تەتقىقات مەركىزى» گە بېكىنىۋېلىپ، تەتقىقات بىلەن مەشغۇل بولدى. ئۆزى دەسلەپتە «تۇلپار» دەپ ئات قويغان، كېيىنچە ئىسمىنى «تۇرپان 1 - نومۇرلۇق» قا ئۆزگەرتكەن ئايروپىلانىنىڭ دەسلەپكى چېرتيوژ ، مودېللىرىنى، بۇ هەقتىكى مۇكەممەل نەزەرىيىلىرىنى مۇشۇ كىچىككىنە ئۆيدە بارلىققا كەلتۈردى. بۇ كىچىككىنە ئۆي خەلقىمىزنى هەيران قالدۇرىدىغان ئۇلۇغ مۆجىزىنىڭ يارىتىلىشىغا ئاساس بولدى.

ئۇ كۈندۈزلىرى مەكتەپتە ئوقۇتۇش ۋە ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانسا، كېچىلىرى ۋە دەم



ئېلىش كۈنلىرىدە ئايروپىلان تەتقىقاتى بىلەن مەشغۇل بولاتتى. بەزىدە تەتقىقات بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئارام ئېلىشنى، هەتتا تاماق يېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتى.

مانا بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. تەتىل مەزگىلى بولغاچقا، ئابدۇللا قادىر كىچىككىنە ئۆيىگە بېكىنىۋېلىپ، پەقەت هاجەت قىلىش ئۈچۈن سىرتقا چىققانىنى هېسابقا ئالمىغاندا ئۈچ كۈندىن بۇيان سىرتقىمۇ چىقىپ قويمىدى. تاماق تەييار بولغاندا ئايالى ياكى بالىسى تاماقنى ئەكىرىپ بېرەتتى، ياكى قەدىردان ئاتىسى «تاماق يەۋال» دەپ كىرەتتى. ئەمما، ئۇنىڭ بۇ ئىشلار بىلەن پەقەت كارى يوق ئىدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا پەقەت مەشۇقى - «تۇرپان 1 - نومۇرلۇق» ئايروپىلانلا بار ئىدى. مانا ئۇ نەچچە يىلدىن بېرى كۆرۈپ بولغان كىتابلىرىنى تىزىۋىدى، بويىغا تەڭلىشىپ قالدى، سىزغان، ئۆزگەرتكەن جەدۋەل، چېرتيوژلىرىنى يىغىۋىدى بىر دۆۋە بولدى. چېرتيوژ ، سىخېما، جەدۋەللىرى بىر - بىرىدىن ئىنچىكە، بىر - بىرىدىن ئىشەنچلىك ئىدى. ئايروپىلان مودېللىرى بولسا، بىر - بىرىدىن كۆركەم، بىر - بىرىدىن هەيۋەتلىك ئىدى. هەر خىل گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن، ئۈزۈم باراڭلىق، مېۋىلىك باراقسان هويلىنىڭ هەممىلا يېرى - تاملار، بۇلۇڭلار، تۈۋرۈكلەر ئايروپىلان مودېللىرى بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى.

مانا بۈگۈن ئەڭ ئاخىرى ئابدۇللا قادىرنىڭ كۆز ئالدىدا قاناتلىرىنى كېرىپ تۇرغان، بېشى بۇلۇتنى تېشىپ ئۆتۈشكە هازىرلانغان، خۇددى قانات كېرىپ تۇرغان بۈركۈتكىلا ئوخشايدىغان يېپيېڭى شەكىلدىكى ئايروپىلان مودېلى تەييار بولدى. ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن قانچە كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى - هە!

ئابدۇللا قانچە ئۇنلىغان چېرتيوژ، سىخېما، جەدۋەللەر-
نىڭ ئىچىدىن ئۆزى ئەڭ ئىشەنچلىك دەپ قارىغان نۇسخىنى
ۋە ئۇنىڭ مودېلىنى تاللاپ ھېلىقى ئۇستەلنىڭ ئۈستىگە
قويدى. جەدۋەلدە تۆۋەندىكىلەر بار ئىدى: بۇ ئايروپىلان
«تۇرپان 1 -نومۇرلۇق» ئايروپىلان دەپ ئاتىلىدۇ. تەتقىق
قىلىش، ئىشلەش، قۇراشتۇرۇش، سىناق قىلىپ ئۇچۇشقى-
چە 10 يىلدىن 12 يىلغىچە ۋاقىت كېتىدۇ. دەسلەپكى قە-
دەمدە ئىككى كىشىلىك، ئېغىرلىقى 180 كىلوگرام ئەتراپىدا
بولىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 7.5 مېتىر، قانات ئۇزۇنلۇقى 11.5 مېتىر
بولۇپ، 25 . 86 كۋادرات مېتىر مەيداننى ئىگىلەيدۇ. ئې-
گىزلىكى 2.5 مېتىر بولىدۇ. ياساشقا تەخمىنەن 50 مىڭ
يۈەندىن 80 مىڭ يۈەنگىچە خىراجەت كېتىدۇ.

ئابدۇللا يۇقىرىقى بىر تۈرلۈك لايىھىنى ئۆزىنىڭ ئەڭ
ئاخىرقى قېتىم بېكىتىلگەن بىرىنچى تۈرلۈك لايىھىسى قىلى-
غان ئاساستا ئىككىنچى، ئۈچىنچى تۈرلۈك لايىھىلىرىنىمۇ
ئارقا - ئارقىدىن كۆرۈپ چىقتى. بۇ لايىھىلەر ئاساسەن
بىر - بىرىگە يېقىن بولۇپ، ھەممىسىلا ئىشەنچلىك كۆرۈ-
نەتتى، ئابدۇللا ئۆزىنىڭ لايىھىلىرىنى ئاخىرقى قېتىم كۆز-
دىن كۆچۈرۈپ، بېكىتكەندىن كېيىن خاتىرجەم بولۇپ، يې-
نىك نەپەس ئالدى. ئۆزىنىڭ باشقىلارغا قويۇپ بېرىشتىن
نومۇس قىلىدىغان، ئەمما ئۇزۇن يىلدىن بۇيان ھەم كارىۋات
ھەم ئورۇندۇق، ھەم كۆرپە قىلىپ ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان
كىچىككىنە ياغاچ ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ، بېشىنى ھېلىقى
تىكارىۋاتقا قويغىنىچە ئۇيقۇغا كەتتى. . .

ئابدۇللا قادىر ئۇخلاپلا بىر چۈش كۆردى، چۈشىدە ئۇ
شاھزادە خانتەڭرىگە ئايلىنىپ، كىشمىش يەيدىغان تۇلپارنى



مىنىپ، ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. ئۇ شۇنچىلىك خۇشال بولۇپ
كەتتىكى، قۇلاق تۈۋىدىن ۋىشىلداپ ئۆتكەن شاماللار، ئەترا-
پىدا لەيلەپ يۈرگەن ئاپئاق بۇلۇتلار، ئۇنىڭغا ھەيرانلىق
بىلەن ئەگىشىپ كېلىۋاتقان قۇشلارنىڭ ھەممىسىگە قول
پۇلاڭلىتىپ چىقتى. يەردىكى بارلىق مەۋجۇداتلار ئۇنىڭغا
شۇنچىلىك كىچىك، سۈرەتتەك گۈزەل كۆرۈنەتتى. شۇ ئارى-
دا ئۇ سەل پەسلەپ، بوستانلىق بىر مەھەللىنى، يېشىلزار-
لىق ئىچىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مۇنارنى كۆردى - دە، بۇ
يەرنىڭ ئۆز يۇرتى باغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، مۇنارنى
كۆزلەپ تۆۋەنلەشكە باشلىدى. مۇنارنىڭ سەيناسىدا ئەخمەت
غوجامنىياز ئوغلى قۇسۇرى، ھەمدۇللا داموللام، مەخسۇت
مۇھىتى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىق مۆھتەرەم زاتلار ئىل-
مىي مۇتائىلە قىلىشىۋاتاتتى. ئابدۇللا تۇلپارنى سەيناغا قون-
دۇرۇپ، بۇ زاتلارغا تەزىم بەجا كەلتۈردى. ئۇلار ئورۇنلى-
رىدىن تۇرۇشۇپ، سالامنى ئىلىك ئالغاندىن كېيىن ئابدۇللا
قادىرغا مۇنداق دېدى:

— ياخشى، بىز سېنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭدىن خە-
ۋەردار بولۇپ تۇرۇۋاتىمىز. سەن ناھايىتى ئۇلۇغ بىر ئىشقا،
ھەممىمىزنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى مۇجەسسەملەنگەن بىر
تەتقىقاتقا تۇتۇش قىلدىڭ، بىزمۇ خەلقىمىزنىڭ ئۇچۇشنى
ئارمان قىلىپ، بۇ ھەقتە نۇرغۇن گۈزەل تەسەۋۋۇرلارنى
قىلىشتۇق، ئەسەرلەرنى يېزىشتۇق. مانا بىز ئويلىغان ئىشنى
سەن ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىسەن، بىز سې-
نىڭ روھىڭغا قىزغىن مەدەت بېرىمىز. تۆمۈر قۇشنى ئۆ-
زۈڭ ياساپ، ئۇچۇش ۋەزىپىسى سېنىڭ زىممەڭگە يۈكلەن-
دى، سەن بۇ ئىشنى چوقۇم ئورۇندىيالايسەن. بىزدە گەرچە

ئۇچقۇنى ئۆزىمىز ياسىمىغان بولساقمۇ، ئۇچۇش جەھەتتە باشقىلارغا ئۇستاز بولغۇدەك نەمۇنىلەرنى ياراتقان ئوغلانلار بار.

ئۇلار شۇنداق دېگىنىچە ئۇيغۇر ئۇچقۇچىسى ئەخمەت توغرىلىق سۆزلەپ بەردى. ئەخمەت ئەينى يىللاردا ئۇچۇش تېخنىكىسىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن زور شۆھرەت قازانغان، ھەتتا خەنزۇ ئۇچقۇچىلارغا ئۇچقۇچىلىق تېخنىكىسى ھەققىدە دەرس بەرگەن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن ئۇچقۇچىلارنىڭ ياردەمچىسى بولغان ئۇيغۇر ئۇچقۇچىسى ئىدى.

ئەخمەت ئەسلى خوتەنلىك بولۇپ، 1920 - يىللارنىڭ باشلىرىدا دادىسى بىلەن تىجارەت قىلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەلگەن ۋە ياڭ زېڭشىن ئاچقان شۆتاڭدا ئوقۇپ، خەنزۇ تىل-يېزىقىنى پۇختا ئىگىلىگەنىدى. شۇ يىللاردا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى گېرمانىيىدىكى مەشھۇر رونكى ئاۋىئاتسىيە شىركىتى بىلەن ياۋروپا - ئاسىيا ھاۋا يولى ئېچىش توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزالىدى. 1929 - يىلى بۇ كېلىشىمگە ئاساسەن قۇمۇل، ئۈرۈمچى، چۆچەكلەردە ئايرودروم ياسالدى. 1932 - يىلى (مىنگونىڭ 21 - يىلى) 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ليۇسى دېگەن ئۇچقۇچى ھەيدىگەن «يونكىر» ناملىق يولۇچىلار ئايروپىلانى سىناق تەرىقىسىدە ئۈرۈمچىگە تۇنجى قېتىم قوندى. شۇنىڭدىن كېيىن جىن شۇرېن ئۇچقۇچى تەربىيىلەش مەقسىتىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۇچقۇچى تەكلىپ قىلىپ، ئاۋىئاتسىيە مەكتىپى قۇردى. بۇ مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچىدە خەنزۇ تىلىنى پىششىق بىلىدىغان، زېرەك، ئىستېداتلىق ئەخمەت ئىسىملىك بىرلا ئۇيغۇر ياش بار ئىدى. ئەخمەت ئۇچقۇچىلىققا قوبۇل قىلىنغاندىن



كېيىن، تېخنىكىنى تېزلا ئۆگىنىپ، ساۋاقداشلىرىنىڭ ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردىكى ئۇچقۇچى بولۇپ قالدى ۋە شىنجاڭ خەلقىنىڭ سوۋېيۈەن ئالدىنقى سېپىگە قىلغان ئىئانە ياردەملىرىنى ئايروپىلان بىلەن لەنجۇغا يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى. 1938 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇچقۇچىلار ئەترىتىگە ئەۋەتكەن 43 كۇرسانتتىن لۇي لىپىڭ (ئەسلى ئىسمى لى ۋەنشەن) باشلىق 25 كىشى ئۇچقۇچىلار سىنىپىغا ئوقۇشقا كىردى. لۇي لىپىڭ سىنىپ مۇدىرى بولدى، ئۇيغۇر ئۇچقۇچى ئەخمەت بۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ئۇلارغا ئۇچقۇچىلىق تېخنىكىسى ۋە ئۆزىنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىسىنى ئاساس قىلىپ دەرس ئۆتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن ئاۋىئاتسىيە تېخنىكىسىدىن دەرس بېرىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ياردەمچىسى بولدى. 1939 - يىلى 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى شىنجاڭ خەلقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئالدىنقى سېپىگە ئىئانە قىلغان «شىنجاڭ» ماركىلىق ئون ئايروپىلاننى ئالدىنقى سەپكە يەتكۈزۈپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى.

شېڭ شىسەي ئەخمەتنىڭ ئىقتىدارى ۋە جامائەت ئىچىدىكى شۆھرىتىنى كۆزدە تۇتۇپ ئۇنى توققۇز ئايروپىلاننى باشقۇرىدىغان ئۇچقۇچىلار چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى قىلىپ ئۆستۈردى. ئەخمەت ھەر قېتىم ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەندە ئۈرۈمچى ئاسمىنىدا بىر قانچە مىنۇت ماھارەت كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ماھارىتى ھەممەيلەننىڭ قايىللىقىنى قوزغىغانىدى. 1939 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى قېتىملىق ھەربىي مانېۋىردا ئەخمەت ناھايىتى يۇقىرى ئۇچۇش ماھارىتىنى نامايان قىلدى. ئۇ ئايروپىلاننى ھەيدەپ

لاچىنداك ئاسمانغا تىك ئۆرلەپ، يەرگە قاراپ شۇڭغۇپ، يەنە ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەندە يەردىكى توپىلار قۇيۇن ئۇچقاندەك ھاۋاغا كۆتىرىلدى. تۆۋەندە تۇرغان خەلق قىزغىن ھۇررا توۋلاپ ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇشتى. شىبىك شىسەي خەلقىنىڭ ھۇررا ئالقىشىدىن چۆچۈپ، ئەتىسىلا ئەخمەت قاتارلىق بىر قانچە ئىلغار ئۇچقۇچىنى يوقىلاڭ باھانە - سەۋەب بىلەن قولغا ئالدى. (ئۇيغۇر ئۇچقۇچىسى ئەخمەت ھەققىدىكى بايانلار شىرىپ خۇشتارنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى 9 - ئايدا نەشر قىلغان «شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەر» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى) .

ئابدۇللا قادىر ئۇيغۇر ئۇچقۇچىسى ئەخمەت توغرىسىدىكى بايانلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىردىنلا ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمەت - ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تاشتى ۋە ئۇنىڭ روھىدىن ئۆگىنىشكە ئىرادە باغلاپ، ئۇستازلار بىلەن خوشلىشىپ، تۇلپارغا مىنىپ يولغا راۋان بولدى...



## مۇشەققەت باياۋىنىدا

ئابدۇللا قادىر ئۆزى ئىرادە باغلىغ بۇ ئىشنىڭ ئىنتايىن مۇشەققەتلىك ئىكەنلىكىنى، مۇساپىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى بىلەتتى، لېكىن ئۇ ھەرگىزمۇ يېرىم يولدىن قايتىدىغان، قىيىنچىلىقلاردىن قورقۇپ، ئىرادىسىنى سۇندۇرىدىغان ئادەملەردىن ئەمەس ئىدى. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى لايىھىنى بېكىتكەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ بېكىتكەن لايىھىلىرىنى ياخشى مەسلىھەت بېرەلەيدىغان دوستلىرىغا، ئۇستازلىرىغا كۆرسىتىپ باقتى. ئۇلارمۇ بىردەك ئابدۇللانىڭ لايىھىسىگە قوشۇلدى. ئابدۇللا قادىر ئىشەنچلىكرەك ئاساسقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا سارىيىدىكى جۇرئەت ئەپەندىگە لايىھىلىرىنى كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى پىلانلىرىنى بىرمۇ بىر تونۇشتۇردى. جۇرئەت ئەپەندى ئاۋىئاتسىيە بىلىملىرىنى چوڭقۇر بىلىدىغان، ئىقتىدارلىق، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ لايىھىلىرىنى كۆرۈپ، پىلانلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا قىزغىن مەدەت بەردى. لايىھە، چېرتيوژلار ئىچىدىن ئابدۇللا تاللىغان بىرىنچى شەكلىنى بېكىتىپ، ئۇنى ھاۋا بوشلۇقىغا دائىر بىر مۇنچە ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى، مۇھىم تېخنىكلاردىن، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ھەقتىكى سىياسەتلىرىدىن ئۇنى خەۋەردار قىلدى.

لايىھە بېكىتىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى يولغا قويۇش كېرەك ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭغا كېتىدىغان خىراجەتنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك؟ بۇ مەسىلىدە ئابدۇللا قادىرنىڭ بېشى

قاتتى. ئۆزىگە تايىناي دېسە، ئۈچ بالىسى، ياشىنىپ قالغان ئاتا - ئانىسى بار، ئەر - ئايال ئىككىسىنىڭ مائاشى مەڭ يۈەنگە يەتمەيدىغان بۇ ئائىلىنىڭ بۇ چىقىمنى ئۈستىگە ئېلىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. دۆلەتكە تايىناي دېسە، شەھەر يېزىنىڭ مالىيىسى ناھايىتى جىددىي بولۇپ، شۇ يىللاردا ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىغا ئارانلا كاپالەتلىك قىلالىۋاتاتتى. ئىئانە توپلاي دېسە، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن ئەمدىلا قەددىنى رۇسلىغان كىشىلەرنىڭ يانچۇقىدىن يېتەرلىك مەبلەغكە ئېرىشىش بەسى مۇشكۈل ئىش ئىدى.

ئابدۇللا قادىر ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى پەن - تېخنىكا تارماقلىرىنى ئىزدەپ، تۆۋەن ئۆسۈملۈك ياكى ئۆسۈمسىز قەرز پۇلى ئېلىش قارارىغا كەلدى. بىراق، ئۇنىڭ بۇ خىيالى ئۇنىڭغا پۇل تۇرماق بىرمۇنچە ئازابلارنى ئېلىپ كەلدى. يۇقىرى تۆۋەن، ئىشىكمۇ ئىشىك قاتراپ ئۇنىڭ ئايىغىنىڭ چەمى تېشىلدى.

مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت تورىنىڭ سىرلىق يوللىرىدا ئىشلار يۈرۈشىدىغان ھازىرقى جەمئىيەتتە «ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى» بولغان ھاراق، تاماكا دېگەنلەردىن قەتئىي ھەزەر ئەيلەيدىغان ئابدۇللا قادىرنىڭ «كاتتىۋاشلار» دىن دوست تۇتالىشى، ئۇلاردىن ئىش ھەل قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، بولۇپمۇ ئابدۇللا قادىردا باشلىقلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتالايدىغان «ھۈنەرلەر»، «قۇيرۇق شىپاڭلىتىدىغان» ئادەتلەر ئەسلا يوق ئىدى. خەنزۇ تىلىدا ئوقۇغانلار ئەتىۋارلىنىدىغان، خەنزۇچە سەۋىيىسى ياخشى كىشىلەر ئۆزىنىڭ زۇۋانىدازلىقىغا تايىنىپ باشلىقلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە نائىل بولالايدىغان، ھەر خىل ئىمتىيازلار-



دىن بەھرىمەن بولالايدىغان بۈگۈنكى دەۋردە خەنزۇچە، ئىنگلىزچە سەۋىيىسى يۇقىرى بولغان ئابدۇللا قادىرنىڭمۇ مۇناسىۋەت تورىدىكى ھەر قانداق سىرلىق ئىشىكنى ئاچالايدىغان ئىقتىدارى بار ئىدى. بىراق، ئابدۇللا قادىرنىڭ غۇرۇرلۇق، ئۆز ئىززىتىنى ساقلايدىغان خاراكتېرى ئۇنىڭ بۇنداق يولغا مېڭىشىغا يول قويمايتتى. ئۇ باشلىقلارنى كۆرسە خۇشامەت قىلىپ، قۇيرۇق شىپاڭلىتىپ قىلىدىغان قىلىق تاپالمايدىغان كىشىلەرنى ئىنتايىن ئۆچ كۆرەتتى. «نېمىگە مۇشۇنچىۋالا قىلىدىغاندۇ. شۇنچە قىلىپ ئېرىشىدىغىنى كىچىككىنە ئەمەل ياكى ئىككى ئېغىز ماختاش سۆزىغۇ ئاخىر. تەڭرى ئىنسان دەپ ياراتقانىكەن، ئۆزىنىڭ ھالال مېھنىتى بىلەن، ئىززەت - نەپسى بىلەن ياشىسا بولمامدۇ؟ ئۇلار مۇشۇ قىلىقلىرى بىلەن ئاز ساندىكى ئىمتىيازلىقلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشكەن بىلەن كۆپ ساندىكى خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۆز - ئۆزىنى قەدىرلەپ، غۇرۇرى بىلەن ياشىغان بولسا، ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ نەزەر پەشتىقىغا چىقالمىغىنى بىلەن كۆپ ساندىكى ئاۋامنىڭ ھۆرمىتىگە نائىل بولالاتتىغۇ؟» دەپ ئېچىنىپ كېتەتتى. بىر قېتىم ئۇ مەلۇم پەن - تېخنىكا تارمىقىغا كىرگەندە بۇ ئىدارىنىڭ مەسئۇلى ئۇنىڭغا: «ساڭا پەن - تېخنىكىنى كېڭەيتىمەن، تەشۋىق قىلىمەن دەپ نېمە جاپا، تىنچ ئۆزۈڭنىڭ تەتقىقاتىڭنى قىلىپ، ئەمەلىي نەپ ئېلىپ كېلىدىغان تېخنىكىلارنى ئىجاد قىلىپ، پۇل تاپساڭ بولمامدۇ» دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئابدۇللا قادىر بۇ باشلىققا يۈز - خاتىر قىلماستىن دەرھال رەددىيە بېرىپ: «سىز پەن - تېخنىكىنى كېڭەيتىدىغان ئورۇننىڭ مەسئۇلى تۇرۇپ بۇ گەپ قانداق

ئاغزىڭىزدىن چىقتى، يېڭى تېخنىكىلارنى ئىجاد قىلىپ، پۇل تاپسام پەقەت مەنلا مەنپەئەتلىنەلەيمەن، ھازىر قىلىۋاتقان ئىشىمدىن بولسا پۈتۈن جەمئىيەت، ئەۋلادلار مەنپەئەتلىنىدۇ، پەن - تېخنىكىنى كېڭەيتىش ئىشى ھەرگىز سىزنىڭ ياكى مېنىڭلا ئىشىم ئەمەس بەلكى، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئورتاق مەجبۇرىيىتى» دېدى. ھېلىقى باشلىق دەرھال چۆچۈپ: «خاپا بولما، مەن مۇنداقلا دەپ قويدۇم» دېدىيۇ، كەينىدىن ئابدۇللا قادىرغا غوم ساقلاپ، ئۇنىڭ تەتقىقاتىغا پاسسىپ پوزىتسىيە تۇتتى. دېمەك، ئابدۇللا قادىر مۇشۇ خىل خاراكتېرى بىلەن نۇرغۇن ئىمتىيازلاردىن قۇرۇق قالدى، مۇناسىۋەت قەسىرىنىڭ نۇرغۇن ئىشىكلىرىنى ئاچالمىدى، بىر قىسىم كاتتىۋاشلارغا سەت كۆرۈنۈپ قالدى. لېكىن، ئۇ مەيلى قانچە زىيان تارتىشقا رازى ئىدىكى، ئۆزىنىڭ پاكىز تەبىئىتىگە خىلاپ ئىش قىلىشنى خالىمايتتى.

ئابدۇللا قادىرغا ئەلەم قىلغىنى جاپاسىغا يارىشا ئىككى ئېغىز تاتلىق گەپكىمۇ ئېرىشەلمىگەنلىكى بولدى. بىر قىسىملار ئۇنىڭ ئايروپىلان ياساش ھەققىدىكى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ «بۇ ئادەم ساراڭمۇ، ساقمۇ» دېگەندەك ئۇنىڭ ئۇستىۋېشىغا قايتا - قايتا قاراپ كەتتى. بىر قىسىملار ئۇنىڭ گېپىنىڭ بېشىنى ئاڭلاپلا قول سىلكىدى. ھەتتا بىر جاناب ئۇنى مەسخىرە قىلىپ: «سەن نېمىنى پىلانلاپ كەلدىڭ؟ سەن ئۆزۈڭچە ئايروپىلان ياسىماقچىمۇ؟ ئايروپىلان دېگەن سەن شۇنچە ئاسان ياساپ ئۇچۇرۇپ ئوينايدىغان لەگلەكمەتى! ئايروپىلان ياسىيالايدىغان ئادەم رايونىمىزدا تېخى تۇغۇلمىدى» دېدى.

ئابدۇللا قادىر ئۇلارنىڭ پوزىتسىيىسىدىن، سۆزلىرى-



دىن ئاچچىقلاندى، بوغۇلدى، قاتتىق ئىزتىراپقا چۈشتى: «‹يېقىندىكى موللام با موللام، يىراقتىكى موللام دا موللام›، دېگەندەك ئۇلار نېمىشقا ئۆز خەلقىنىڭ، ئۆز ئەتراپىدىكى ئادەملەرنىڭ ئىستىبداتىغا، ئەقىل - پاراسىتىگە ئىشەنمەيدىغاندۇ؟ ئەگەر باشقا جايدا، باشقا مىللەتتىكى بىرسى ئايروپىلان ياسىغان بولسا، ئۇلار چوقۇم بۇ پاكىتقا ئىشەنگەن، ھەتتا بۇ ئىشنى زوق - شوق بىلەن سۆزلەپ يۈرگەن بولاتتى. مەن ئۇيغۇر بولۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈنلا ئايروپىلان ياسىمالىقىم، ياسىيالماسلىقىم كېرەكمىكەن؟ ‹باشقىلارنىڭ ئېيىبى بىزنىڭكىدىن يورۇق›، دېگەن مۇشۇ ئاخىر؟ خەپ، مۇشۇنداق دېگىنىڭلارغا بولسىمۇ، ئايروپىلاننى ياساپ، ئۇچۇرمايدىغان بولسام، ئاتامنىڭ بالىسى بولماي كېتەي» !

بۇ ئىشنى خېلى چۈشەنگەن قوللاش پوزىتسىيىسىدە بولغان بىر قىسىم كىشىلەرمۇ: «ئايروپىلان دېگەن يېڭى شەيئى ئەمەس، ئۇ ئاللىقاچان ياسىلىپ، ئومۇملىشىپ بولدى. سەن ئايروپىلان ياسايمەن دەپ، كۈچۈڭنى، زېھنىڭنى خوراتقۇچە، ئەمەلىي ئىشلەتكىلى بولىدىغان، دەرھال ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتقىلى بولىدىغان تېخنىكىلارنى ئىجاد قىلساڭ، ياسىساڭ بولمامتى؟ يەنە بىر تەرەپتىن ئايروپىلان دېگەننى دۆلەت ياسايدۇ، ئۇنى ياسايمەن دەپ ساڭا نېمە كەپتۇ، سەن ياسىساڭمۇ نېمىگە ئىشلەتكىلى بولىدۇ؟» دېيىشتى. مۇشۇ مەزمۇندىكى گەپنى ئۇ ئايروپىلان تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان ئون نەچچە يىل جەريانىدا ئىزچىل ئىشىتىپ كەلدى.

توغرا، ئايروپىلان دېگەن يېڭى شەيئى ئەمەس، ئۇنى باشقىلار ئاللىقاچان ياساپ، ئىشقا كىرىشتۈرۈپ بولغان.

لېكىن، بۇ يەردە شۇنى قەيت قىلىش زۆرۈركى، بىزنىڭ مۇنازىرە قىلىدىغىنىمىز ئابدۇللا قادىرنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىدا ئەمەس بەلكى، ئۇنىڭ قانداق روھنى نامايان قىلىۋاتقانلىقىدا، قانداق ئىدىيىنى تەشەببۇس قىلىۋاتقانلىقىدا، قانداق ئېتىقادنى جارى قىلدۇرۇۋاتقانلىقىدا! ئايروپىلان كۆپلىگەن پەنلەرنىڭ يىغىنچاقلىنىشى، يۇقىرى پەن - تېخنىكىنىڭ مۇجەسسەمى بولۇش سۈپىتى بىلەن غايەت زور ئىلمىيلىكنى، ئەقىل - پاراسەتنى تەلەپ قىلىدىغان ھاۋا قاتنىشى ۋاستىسى. ئۇنى پەقەت زامانىۋى ئەسلىھەلىرى تولۇق بولغان زاۋۇتلاردىلا ياسىغىلى بولىدۇ. بىراق، ئاددىي ئوقۇتقۇچى بولغان ئابدۇللا قادىر تۇنجى ئايروپىلاننى ياسىغان ئامېرىكىلىق ئاكا - ئۇكا رايتلاردىن 95 يىل كېيىن ئۇچۇش ۋەزىپىسىنى تاماملىيالايدىغان يېنىك تىپتىكى ئايروپىلاننى قول بىلەن ياساپ چىقىپ، دۇنيادىكى قول بىلەن ئورۇنداش تەس بولغان ئەڭ مۇشەققەتلىك ئىشلارنىڭ بىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ يۈكسەك ئەقىل - پاراسەتىنى نامايان قىلماقچى، ئۇيغۇرلارنىڭ پەن - تېخنىكا ساھەسىدىمۇ ئۇتۇق قازىنالايدىغانلىقىنى دۇنياغا بىلدۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ! بۇ روھنى قەدىرلەشكە، قوللاشقا ئەرزىمەمدىكەن!

ئايروپىلان باشقا مىللەتلەر ئۈچۈن ئاللىقاچان «كونا شەيئى» گە ئايلىنىپ قالغان بولسىمۇ، خەلقىمىزنىڭ ئايروپىلاننىڭ «سىرلىق ۋىسالى» غا بولغان قىزىقىشى قىلچە پەسىيىپ قالمىدى. بۇ بەلكىم خەلقىمىزنىڭ ئايروپىلان بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىنىڭ ئاز بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇ؟ شۇ سەۋەبتىن بوۋىلىرىمىز ھازىرمۇ «ياغاچ ئات»، «ئۇچار گىلەم» ھەققىدىكى چۆچەكلەرنى ئېيتىشنى ئۇنتۇپ



قالمىدى، ئاسماندا غارقىراپ ئۇچۇپ ئۆتكەن «تۆمۈر قۇش» نى كۆرگىنىدە باقىلىرىنى چىشلىشىپ، ئېغىر ئۇھ تارتىپ، باشلىرىنى چايقاشتى. باللىرىمىز كىچىكىدىن قەغەزدىن ئۇچقۇ (ئايروپىلان) ياساپ، لەگلەك ئۇچۇرۇپ چوڭ بولدى. دېمەك، ئۇلار ئايروپىلاننى شۇ قەدەر سىرلىق، سېھىرلىك، ساماۋى تۇستە خىيال قىلىشتى، ئۇلارنىڭ ئەڭ گۈزەل چۈشلىرى ئايروپىلان بىلەن باغلاندى. ئابدۇللا قادىر خەلقىمىزنىڭ دەل مۇشۇنداق «گۈزەل چۈش» نى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش، خەلقىمىزگە، ياش - ئەۋلادلارغا ئايروپىلاننىڭ «سىرلىق چۈمپەردىسى» نى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن تىرىشتى. پەن - تېخنىكىنىڭ غايەت زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى پەرزەنتلىرىمىزگە، ئوقۇغۇچىلىرىمىزغا بىلدۈرۈش، ئىلىم ئۆگەنگەندىلا تۆمۈرنىمۇ ئاسماندا ئۇچۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى ئۇلارغا ئىسپاتلاپ بېرىش ئۈچۈن ئىزدەندى. ئەجەبا، بۇ خىل روھنى قەدىرلەشكە، قوللاشقا ئەرزىمەمدىكەن؟!

ئىنساننىڭ قىزىقىشى، ھەۋىسى شۇنداق بىر تەبىئىي تاللاشكى، ئۇنى ھەرگىزمۇ ئۆزگەرتىۋەتكىلى، باشقا نىشانغا بۇرىۋەتكىلى بولمايدۇ. ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئۆزگىچىلىك دەل مۇشۇ خىل قانۇنىيەتنى شەكىللەندۈرگەن، ھەتتا بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ قىزىقىشى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە غايەت زور بالايىئاپەت كەلتۈرىدىغانلىقى ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئىسپاتلانغان تەقدىردىمۇ، بۇ كىشى تۇغما، تەبىئىي تاللىشى تۈپەيلىدىن بۇ خىل قىزىقىشىدىن ۋاز كەچمەسلىكى مۇمكىن. بىز ھەرگىزمۇ بۇ كىشىنى «ئۇنى قىلما، بۇنى قىل، ئۇنىڭغا قىزىقما» دېيىش ئارقىلىق ئۇنى نىيىتىدىن ۋاز كەچ-

تۇرەلمەيمىز. پەخىرلىك ئوغلىمىز ئابدۇللا قادىرنىڭ تۇغما
تاللىشى، قىزىقىشى ئايروپىلانغا مەركەزلەشكەن تۇرسا، ئۇ-
نىڭ ئۈستىگە بۇ خىل تاللاش مىللىتىمىزنىڭ روھىنى ناما-
يان قىلىدىغان، خەلقىمىزگە مەنىۋى مەدەت بېرىدىغان، ئەۋ-
لادلارنى تەربىيىلەيدىغان ئۇلۇغ ئىجابىي تاللاش تۇرسا، ئۇ-
نىڭ ئېتىقادىغا نېمىشقا سوغۇق سۇ سېپىمىز؟ بۇ خىل
تاللاش قەدىرلەشكە، قوللاشقا ئەرزىمەمدىكەن!

ئابدۇللا قادىر ئاخىرى ئايروپىلان ياساشقا كېتىدىغان
مەبلەغ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۆزى ئىشلەۋاتقان
مەكتەپنىڭ مەسئۇللىرى، دوستلىرىنى ھويلىسىغا چاقى-
رىپ، مەسلىھەت ئالدى. تۇرپان دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى-
نىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مۇھەممەت جېلىل ئابدۇللا قادىرنىڭ
پىلانلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئەڭ بۇرۇن سۆز قىلىپ
مۇنداق دېدى:

— ئابدۇللا ئۇكام، سىز مەكتىپىمىزنىڭ تايانچ ئوقۇت-
قۇچىسى، سىزنىڭ پىلانلىرىڭىزنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن تە-
سىرلىنىشتۇق. شۇغىنىسى مەكتىپىمىزنىڭ ئىقتىسادىي
ئەھۋالى ئانچە ياخشى ئەمەس، بۇنى سىزمۇ بىلىسىز. سىزگە
ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشكە ئامالسىزمىز، لېكىن
دەرسكە تەسىر يەتكۈزمەسلىك شەرتى ئاستىدا تەتقىقات ئېلىپ
بارسىڭىز، سىزگە ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىمىز. سىز-
دىن باشقىلاردىن تەلەپ قىلغاندەك مەكتەپتە سەككىز سائەت
تۇرۇشىڭىزنى تەلەپ قىلمايمىز.

— ئوغلۇم، — دەپ گەپ باشلىدى خېلىدىن بېرى ياندا
ئولتۇرۇپ بولۇنغان گەپ - سۆزلەرگە قۇلاق سېلىۋاتقان
قادىر ئاكا، — باشلىقىڭمۇ سېنى يېقىندىن قوللايدىغانلىقىنى



ئېيتتى. ئۇ دېگەندەك مەكتەپتىكى خىزمىتىڭنى ئورۇنداپ
بولۇپ، تەتقىقاتىڭنى داۋاملاشتۇرساڭ، يەنە بىر تەرەپتىن
بوش ۋاقىتلىرىڭدا تەك يېرىگە ئىشلەشكە ياردەملەشسەڭ،
تەكتىن چىققان كىرىمنىڭ ھەممىسىنى ساڭا بېرىمەن. ئاپاڭ
بىلەن ئىككىمىزنىڭ يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالدى. كۆرىدى-
غاننى كۆرۈپ، يەيدىغاننى يەپ، كىيىدىغاننى كىيىپ بول-
دۇق. بىزمۇ سېنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭنىڭ بالدۇرراق بىر
باشقا چىقىپ، ئايروپىلانىڭنىڭ ئۇچۇشىغا تەشنا. مەن گەرچە
ئايروپىلانغا چۈشۈپ ئۇچالمىسام‌مۇ، ئەمما ئايروپىلانىڭنىڭ ئۇچۇ-
شىنى كۆرگۈم بار. قېنى، قانداق دېدىم ئاپىسى؟ — دېدى ياندا
ئولتۇرۇپ دوپپىغا كەشتە تىكىۋاتقان ھەسەلخانغا قاراپ.
ھەسەلخان قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، كۈلۈمسىرەپ بې-
شىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— مەن بىر مەسلىھەت بەرسەم قانداق، — دېدى خېلى-
دىن بېرى باشقىلارنىڭ پىلان، مەسلىھەتلىرىنى ئاڭلاپ ئول-
تۇرغان ئابدۇللا ئىمىن، — مۇھەممەت مۇئەللىممۇ، قادىر
ئاكامۇ ناھايىتى ياخشى مەسلىھەتلەرنى بەردى. ھەممىسى-
نىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق پايدىسى، ئاساسلىرى بار. مېنىڭچە
ئابدۇللا رەھبەرلىرى ھەم ئائىلىسى قوللاۋاتقان مۇشۇنداق
شارائىتتا ھەم قىزىقىشى، تەتقىقاتىغا ماس كېلىدىغان، ئۆ-
زى پىششىق بىلىدىغان، ھەم ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئۈنۈ-
مى بولغان بىر ئىشنى قىلسۇن. ئابدۇللا ھازىرغا قەدەر
خەنزۇچە، ئىنگلىزچە ئۆگەندى، ئاساسلىق قىلىپ فىزىكا،
ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى.
شۇڭا، ئۇ بىر ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش
دۇكىنىنى يۇرۇشتۇرسە، بۇنىڭدىن مەلۇم كىرىمگە ئېرىشە-

لەيدۇ، شۇندافلا بىر فانچە شاگىرت تەربىيىلىگىلى بولىدۇ.
بۇنىڭ بىلەن ئابدۇللانىڭ ئايروپىلان تەتقىقاتى ئۈچۈن ئىقتىد-
سادىي كۈچ ۋە ئادەم كۈچى مەسىلىسى ھەل بولۇشى مۇم-
كىن. مۇھەممەت جېلىل مۇئەللىم ۋاقىت بىلەن تەمىن
ئەتسە، يېنىشىمگەن راسخوتنى قادىر ئاكام تەكتىن چىققان
كىرىم بىلەن تولۇقلاپ بەرسە، ماتاش بىلەن تۇرمۇش قامدال-
سا ئىشلار ھەل بولماسمۇ؟

ھەممەيلەن بىر ئېغىزدىن سۆز قىلىپ بۇ پىلاننى قول-
لاشتى، بېشى قېتىپ تۇرغان ئابدۇللامۇ بۇ تەكلىپنى رازى-
مەنلىك بىلەن قوبۇل قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئانچە ئۇزۇنغا
قالمايلا، ئابدۇللا قادىرنىڭ بەش كۋادرات مېتىر غىمۇ يەتمەي-
دىغان «تەتقىقات مەركىزى» ئۆيىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى
چوڭ يول بويىغا يۆتكەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن «مۇنار يولى»
دەپ ئاتىلىدىغان بۇ يولنىڭ بويىدا چىرىغى كېچە - كۈندۈز
يېنىپ تۇرىدىغان بىر ئۆي پەيدا بولدى. بۇ چىراغ گەرچە
ئاددىي ھەم غۇۋا بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئەسىر ئاخىرىدىكى
ئۇلۇغ ئىشلارنىڭ بىرىگە ئاساس سېلىنىۋاتقان، دېڭىزدىكى
ماياك كەبى كەلگۈسىگە نىشان كۆرسىتىۋاتقان ئۆچمەس چى-
راغ ئىدى.



# مۇنار ئاستىدىكى تۇنجى ئۇچقۇ

ئابدۇللا بېشىنى كۆتۈرسىلا يۈزلىنىدىغان مەشھۇر تارى-
خىي يادىكارلىق، ھەيۋەتلىك سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى ئۇنىڭغا
غايەت زور روھىي مەدەت، مەنىۋى كۈچ بېغىشلىدى. ئۇ ھەر
قېتىم مۇنارغا قارىغىنىدا، ئەجدادلار ئۇنى ئۇنىسىز يۆلەۋاتقاند-
دەك ھېس قىلاتتى. ئابدۇللا قادىرنىڭ بارلىق مېھنەت سە-
پىرىدە مۇنار خەلقى ئۇنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىدى. ئۇ
ھەر قېتىم ئايروپىلان ياساشقا كىرىشكەندە، ئۇچۇش مەشى-
قىگە چىققاندا، مۇنارلىقلار ئۇنىڭغا ھەمدەمدە بولۇپ، ئاپتو-
موبىل تېپىپ بىللە ئۇچۇش ئورنىغا چىقىپ، ئۇنىڭ قىز-
غىنلىقىغا مەدەت بېرىپ تۇردى. قېرىنداشلىرىنىڭ بۇ خىل
روھىدىن تەسىرلەنگەن ئابدۇللا قادىر ئۇلارغا لايىقىدا جاۋاب
قايتۇرۇش ئۈچۈن، ئۆز كەنتىدىكى دېھقانلارنىڭ سۇ پومپى-
سى، ترانسفورماتور ۋە ھەر خىل ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى-
نى تالاي قېتىم ھەقسىز رېمونت قىلىپ بەردى، نەچچە يۈز
دېھقان ياشنى توك تېخنىكا بىلىملىرى بىلەن تەربىيىلەپ،
ئۇلارنى چىقىش يولىغا ئىگە قىلدى. نەچچە ئون نەپەر مېيىپ
ياشقا ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى رېمونتچىلىقىنى ئۆگىتىپ
قويدى. ئۇ مۇنارغا، مۇنار خەلقىگە رەھمەت ئېيتىش يۈزى-
سىدىن، ئۆزى ياساپ ئۇچقان ئايروپىلانغا ھەيۋەتلىك مۇنار-
نىڭ سۈرىتىنى چۈشۈردى. مۇنار روھى، تىرىشچان، ئىزدى-
نىش روھىغا باي خاراكتېرى ئۇنىڭغا مۇناسىپ شان - شە-
رەپلەرنى بەخش ئەتتى. 1988 - يىلى 12 - ئايدا، ئاپتونوم
رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئۇنىڭغا «مۇنەۋۋەر كەس-

پىي تېخنىكا خادىمى» دەپ نام بەردى. 1998- يىلى 9-
ئايدا، ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەرە-
پىدىن «ئىلغار خىزمەتچى» بولۇپ باھالاندى ۋە «شىنجاڭنى
ئېچىش - گۈللەندۈرۈش مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى. 1998 -
يىلى 12 - ئايدا، ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى بىلەن
مائارىپ كومىتېتى ئۇنىڭغا «مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا يېتەك-
چىسى» دەپ نام بەردى. 1999 - يىلى 3 - ئايدا ئۇ شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا يېتەكچىلىرى جەم-
ئىيىتىنىڭ ئالاھىدە يېتەكچىلىكىگە تەكلىپ قىلىندى ۋە
شىمالىي شىنجاڭنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش پۇرسىتىدىن بەھ-
رىمان بولدى.

*** ***

ئابدۇللا قادىر ئايروپىلان تەتقىقاتىغا كىرىشىپ كەتتى،
كىرىشكەندىمۇ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا بېرىلىپ كەتتى. ئۇ
گىرەلىشىپ كەتكەن ئىشلار، مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى
ئۆز يولىدا بىر تەرەپ قىلمىسا بولمايتتى. ھەر كۈنى خىز-
مەتكە بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆتەتتى، مەكتەپتە ۋا-
قىت چىقىرىپ ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش تەتقىقاتى بىلەن
شۇغۇللىناتتى. ئۆيگە قايتقاندا ئاتا - ئانىسىغا ياردەملىشىپ،
باغقا كىرىپ تەك يېرىگە ئىشلەيتتى. تەكلىكتىن قايتىپ
كېلىپلا ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش دۇكى-
نىغا بېرىپ، شاگىرتلىرىغا ياخشى يېتەكچىلىك قىلىپ،
خېرىدارلارنى رازى قىلىپ ئۇزىتاتتى. ئەڭ مۇھىمى ئۆزى-
نىڭ ۋەتەن، خەلققە شەرەپ كەلتۈرىدىغان ئۇلۇغ ئىرادىسى-
نىڭ مەھسۇلى بولغان «تۇرپان 1 - نومۇرلۇق» ئايروپىلان
تەتقىقاتىغا كىرىشىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆزى مەش-



غۇل بولۇۋاتقان ئىشقا چەكسىز مۇھەببەت، يۈكسەك ئېتى-
قاد، سۇنماس ئىرادە بولغاچقىلا، بۇ جاپالار ئۇنىڭغا قىلچە
ئېغىر كەلمەيتتى.

پەن - تېخنىكىنىڭ قۇدرىتىگە، ئۆزىنىڭ پولاتتەك ئى-
رادىسىگە شۈبھىسىز ئىشىنىدىغان ئابدۇللا قادىر 1985 -
يىلىدىن باشلاپ ئايروپىلان ياساشنى قارار قىلىپ، ئىشنى
رېمونت زاۋۇتلىرىغا بېرىپ مۇۋاپىق كېلىدىغان تۆمۈر -
تەسەكلەرنى يىغىپ ماتېرىيال توپلاشتىن باشلىدى. ئىككى
يۈز يۈەنگە بىر دانە ئىستانوك سېتىۋالدى ۋە دەسلەپكى قەدەم-
دە بىر قانچە ئايروپىلان مودېلىنى ياسىدى. ئىچكىرى ئۆل-
كىلەردە چىقىدىغان ئاۋىئاتسىيە، ئايروپىلان توغرىسىدىكى
خەنزۇچە، ئىنگلىزچە گېزىت - ژۇرناللارغا مۇشتەرى بو-
لۇپ، ماتېرىيال توپلاپ ئۆزىنىڭ تەتقىقاتىنى باشلىۋەتتى.
كېيىن ئۇ تېلېۋىزوردىن ئېگىزدىن پەسكە ئۇچىدىغان ئۈچ
بۇرجەكلىك ماتورسىز ئايروپىلاننى، ۋېلسىپىتكە ئوخشاش
تېپىپ ئۇچىدىغان ئايروپىلانلارنى كۆرۈپ، مۇشۇنىڭغا ئوخ-
شاش ئايروپىلانلارنى ياساپ سايغا ئېلىپ چىقىپ سىناق
قىلدى. بۇ ئايروپىلانلار يەردە ماڭغان بولسىمۇ، لېكىن
ئۇچمىدى. بۇ چاغدا تاماشا كۆرگىلى چىققان بەزى كىشىلەر
ئۇنى مازاق قىلىپ: «ئايروپىلان دېگەننى دۆلەت ياسايدۇ،
ئابدۇللا قادىرنىڭ كاللىسى ئېلىشىپ قاپتۇ» دېيىشتى.

ئابدۇللا قادىر بۇ مەغلۇبىيەتتىن گاڭگىراپ قالماي،
بىلىمنى تېخىمۇ مەھكەم باغلىدى ۋە ماتور ئىشلىتىلىدىغان
قاناتلىق، چاقپەلەكلىك ئايروپىلان ياساشقا تۇتۇش قىلدى.
بىراق ئۇ دورا چېچىش ماشىنىسى، موتسىكلىت، مىكرو
تىپلىق ماشىنا قاتارلىقلارنىڭ ماتورىنى كۆپ قېتىم سىناق

قىلىپ باققان بولسىمۇ، ئايروپىلاننىڭ ماتور مەسىلىسىنى
زادى ھەل قىلالمىدى. چۈنكى، بۇ ماتورلار ئايروپىلان ئۇ-
چۇن لايىھىلەنمىگەچكە، ئات كۈچى تۆۋەن، ئۆزى ئېغىر
ئىدى. ئۇنىڭ ئىشلەتكەن ماتېرىياللىرىمۇ تۆمۈر، ياغاچ،
رەخت قاتارلىقلار بولۇپ، ئايروپىلاننىڭ ماتېرىياللىرى ئە-
مەس ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئايروپىلاننى نەچچە ئون قېتىم
ياساپ، ياسىغان ئايروپىلاننى ئاپتوموبىلغا بېسىپ سايغا،
تۈزلەڭلىكلەرگە ئېلىپ چىقىپ 40 قېتىمدىن ئارتۇق سىناق
قىلدى. كۈنلەر ئايلارنى، ئايلار يىللارنى قوغلىشىپ ئۆتى-
ۋەردى. ئابدۇللا قادىرنىڭ مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپلا قىلى-
دىغان ئىشى بۇزۇپ تۈزەش، ئۆزگەرتىش بولۇپ قالدى. ئۇ
ھەر بىر كىچىك تەجرىبىدىن يېڭى بىر ئىلھام ئالاتتى، قايتا-
قايتا سىناق قىلىپ، قايتا - قايتا چۇۋۇپ ياسايتتى. بۇ
يىللاردا ئۇ ئايروپىلان ياساشنىڭ ھەقىقەتەن «بارسا كەل-
مەس» يول ئىكەنلىكىنى، ئۆزى ئارزۇ قىلغان ئىشنىڭ
تەسەۋۋۇر قىلغىنىدىنمۇ غايەت زور دەرىجىدە مۈشەققەتلىك
ۋە قىيىن، نازۇك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. بىراق، ئىش-
نىڭ يېرىمىدا بەل قويۇۋېتىشكە بولمايتتى. 1993 - يىلى
بازارلارغا ئاليۇمىن بىرىكمە ماتېرىيال كىرگەندىن كېيىن،
ئۇ يەنە ئىككى يۈز يۈەنلىك ماتېرىيال سېتىۋالدى. بۇ يىللار-
دا ئۇنىڭ دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان چېغىدىكى
دوستى، كۆپ قېتىم ئايروپىلان، پلانېر ياساپ نەتىجە ۋە
تەجرىبىگە ئېرىشكەن ئىقتىدارلىق ئوقۇتقۇچى ئەركىن خو-
جابدۇللا ئۇنىڭ ئايروپىلان ياساش ئىشلىرىغا ياردەملىشىشكە
باشلىدى. كېيىن، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ
خەنزۇ تىلى كەسپىنى پۈتتۈرگەن، ئاۋىئاتسىيە كەسپىگە،



ئايروپىلان ياساش ئىشلىرىغا ئوتتەك ئىشتىياق باغلىغان ۋە
بۇ ھەقتە نۇرغۇن نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى ئىگىلىگەن، قەل-
بىگە گۈزەل ئارزۇلارنى پۈككەن ياش ئوقۇتقۇچى ئۆمەر
قۇربانمۇ ئۇلارنىڭ سېپىگە قوشۇلدى.

نۆۋەتتىكى مۇھىم مەسىلە ماتور مەسىلىسى بولۇپ قال-
غانىدى. تۇرپان كونا سايمانلارنى يىغىۋېلىش ئورنىنىڭ
مەسئۇلى لاۋۋاڭ ئۇلارنىڭ تەتقىقاتىدىن تەسىرلىنىپ، 20
ئات كۈچىگە ئىگە تۆت سىلىندىرلىق ماتوردىن ئىككىنى
ئۇلارغا ھەقسىز ياردەم قىلدى. بۇنىڭ بىلەن 1994 - يىلى
«تۇرپان 1 - نومۇرلۇق» ئايروپىلاننىڭ ئاساسىي گەۋدىسى
پۈتتى. لېكىن، ھەر قېتىم ئايروپىلاننى ئۇچۇرغاندا، ئايرو-
پىلان ئازراق مېڭىپلا قاناتلىرى يۆكلىشىپ، چاقى كېرەك-
تىن چىقىپ كېتەتتى. بۇ ئەھۋالغا قارىتا ئابدۇللا قادىر
ئۈرۈمچىدىن يەنە 1500 يۈەنلىك بىرىكمە ئاليۇمىن ماتېرى-
يال ئېلىپ كەلدى ۋە ئايروپىلان قاناتلىرىنى قايتا ياسىدى.
ئايروپىلان ياسىلىۋاتقان جاي دەل يول بويىدا بولغاچقا، يول-
دىن ئۆتكەن - كەچكەنلەر: «ئابدۇللا قادىر تازا بىر ئايروپى-
لان سارىڭى ئىكەن، ئۇ مۇشۇ ئىش بىلەن ھەپىلىشىۋاتقىلى
ئون يىل بولۇپ قالدى، تېخى ئازراقمۇ ئۈنۈمىنى كۆرەلمى-
دى، ئۇنىڭغا نېمە ئاۋارىچىلىكتۇ» دېيىشتى. ئاغىنىلىرىمۇ
ئابدۇللا قادىرغا نەسىھەت قىلىپ: «سەن نۇرغۇن چىقىم
قىلىپ ئۈنۈمىنى كۆرگىلى بولمايدىغان ئىشنى قىلغۇچە، ئە-
مەلىي قوللىنىلىدىغان پەن - تېخنىكا تەتقىقاتى بىلەن شۇ-
غۇللانغان بولساڭ، نۇرغۇن پۇل تېپىپ كەتمەمتىڭ، ئەمدى
بولسىمۇ بولدى قىل» دېيىشتى. بۇ سۆزلەر ئىچى كۈچلۈك
ئابدۇللانىڭ قەلبىگە قامچىدەك ئۇرۇلدى. ئۇ يالغۇز قالغان

ۋاقىتلىرىدا بۇ خىل «نەسىھەت»لەرنى ئويلىسىلا، كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياش ئەگىيتتى، ئاچچىق ئۆرتىنىشتىن قەلبى ئازابلىناتتى. «مەن راستتىنلا ساراڭ بولۇپ قالدىمۇ، راستتىنلا بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا ئېلىپ چىقالماسمەنمۇ؟ ياق، مەن شۇلارنىڭ دېگىنىگە بولسىمۇ ئايروپىلان ياساپ ئۇچۇرىمەن، بۇ جەرياندا قانچە چىقىم تارتسامۇ مەيلى، ئايروپىلاننى ئۇچۇرالىسام، بىرىنچىدىن روھىي بەدەللىرىم تۆلىنىدۇ؛ ئىككىنچىدىن ئايروپىلاننىڭ سىرىنى ياش - ئۆسمۈرلەرگە ئېچىپ بېرەلەيمەن.»

قەتئىي نىيەتكە كەلگەن ئابدۇللا قادىر 1996 - يىلى مەكتىپىدىن 5 مىڭ يۈەن قەرز ئېلىپ، يەنە ماتېرىيال سېتىۋالدى. ئۇ ئېلىپ كەلگەن شامال ئۆتمەيدىغان رەختتىن ئايالى ئايشەمگۈل ئايروپىلان قانىتىنى تىكىپ بەردى. ئابدۇللا قادىردىنمۇ ئېغىر مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالغان، ئۇنىڭغا ياردەملىشىش بىلەن بىرگە، ئائىلىنىڭ پۈتۈن ئېغىرچىلىقىغا مەسئۇل بولۇۋاتقان ئايشەمگۈل كۆپ يىللاردىن بېرى بىر كۈنمۇ ئارام ئالماي، ئازراقمۇ راھەت كۆرەلمەي، يولدىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بېرىۋاتاتتى. گەرچە ئۇنىڭمۇ مەكتەپتە خىزمىتى ئالدىراش بولسىمۇ، ئەمما بەئەينى ماشىنا ئادەمگە ئوخشاش تىنىم تاپماي ئائىلىسى، يولدىشى، بالىلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. سۇباتلىق، پەزىلەتلىك، كۆيۈمچان بۇ ئايال مۇنار مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، گەرچە ئۇلارنىڭ ئائىلىسى نامرات بولسىمۇ، ئۇن نەچچە يىلدىن بېرى ئېجىل - ئىناق ئۆتۈپ كەلدى. ئابدۇللا قادىر ئايروپىلان ياساشقا باشلىغاندىن بۇيان، بۇ ئائىلىنىڭ خاتىرجەملىكى بۇزۇلدى. ھويلىدا ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى، تۈك



ھەرىسى، كەپشەرلەش ئۈسكۈنىسى، ھەر خىل تۆمۈر، ئالyۇمىن، ياغاچ قاتارلىق ماتېرىياللار دۆۋىلىنىپ تۇراتتى. ئۆيلەرنىڭ تاملىرىغا ھەر خىل ئايروپىلان سخېمىلىرى، خەرىتىلەر، كىچىك ئايروپىلان مودېللىرى چاپلاپ، ئېسىپ قويۇلغانىدى. ئابدۇللا قادىر دېگىنىنى قىلىدىغان ئادەم بولۇپ، ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كەتسە، باشقا ھېچقانداق ئىش بىلەن كارى بولمايتتى. ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى، ئۆي ئىشلىرى، ھەتتا ئۇن - ماي قاتارلىقلارنى ئېلىپ كېلىش ئىشلىرىمۇ پۈتۈنلەي بىچارە ئايشەمگۈلگە قالاتتى. ئابدۇللا قادىر ئايالى، بالىلىرى بىلەن گۇڭۇر - مۇڭۇر مۇڭدىشىش، بالىلىرىنى ئويىنىتىش، ئۆگىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلىشقىمۇ ۋاقىت چىقىرالمايتتى. ئايشەمگۈل بىر تەرەپتىن ئابدۇللانىڭ ياشىنىپ قالغان ئاتا - ئانىسى، بالىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئازغىنە مائاشىنى قانداق قىلىپ ئاي ئاخىرىغىچە يەتكۈزۈش ھەلەكچىلىكىدە بولاتتى، ھەتتا بەزى ۋاقىتلاردا ئۆيدە يەيدىغان ئۇن، ماي تۈگەپ قېلىپ، ئامالسىز قولۇم - قوشنىلاردىن قەرز ئېلىشقا مەجبۇر بولاتتى. ئەڭ مۇھىمى ئايشەمگۈلنىڭ قەلبىدىكى ئەنسىزلىك، روھىي بېسىم بولۇپ، ئۇ ئابدۇللانىڭ بىرەر پاجىئەگە يولۇقۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، دائىم دېگۈدەك يۈرىكى تىترەپ، نېرۋىلىرى چىڭقىلىپ كېتەتتى. بەزىدە ئايشەمگۈل مۇشۇ ئەھۋاللار تۈپەيلىدىن ئاچچىقلىنىپ يولدىشىغا تاپا - تەنە قىلىپ كېتەتتى. كېيىن يەنە ئېغىر ئۇھ تارتىپ، «كىم مېنى ئابدۇللانىڭ ئايالى بولۇپ قالسۇن دەپتۇ» دەپ، پەسكويغا چۈشەتتى. «مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئەرنىڭ كەينىدە بىر ئۇلۇغ ئايال بار» دېگەندەك، ئايشەمگۈل دەل شۇنداق

ئاياللارنىڭ تىپى ئىدى. بەزىدە 70 ياشتىن ئاشقان قادىر ئاكىمۇ ئوغلى ئۈچۈن مەشىقى ئېلىپ بېرىۋاتقان سايلىققا باراتتى. ئابدۇللا قادىر ئاتا - ئانىسى، ئايالى، بالىلىرىغا ھېسسىيات جەھەتتىن نۇرغۇن قەرزدار بولۇپ قېلىش بىلەن بىرگە، ئۇلارغا بىر مۇنچە ئىقتىسادىي قەرزنى يۈكلەپ قويغانىدى.

ئابدۇللا قادىر ئايروپىلاننى بىر قېتىم ئۇچۇرۇپ مەغلۇپ بولسا، مەلۇم جايلارنى ئۆزگەرتىپ يەنە سىناق قىلاتتى.

شۇنداق قىلىپ ۋاقىت كۈنلەر ئايلارنى، ئايلار يىللارنى قوغلىشىپ، ئېقىن سۇدەك ئۆتمەكتە ئىدى. ئەتراپتىكى نۇرغۇن نەرسىلەر ئۆزگەردى، ئابدۇللا قادىرنىڭ ئاتىسى قادىر ئاكا ئوغلىغا بولغان ئىشەنچ، كۈيۈنۈش ھەم ئەنسىزلىك ئىچىدە ئاستا - ئاستا مۈكچىيىپ، قېرىلىققا قەدەم باستى، ئايالى ئايشەمگۈل ئۆزىنىڭ سۇباتلىق رۇخسارىنى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا يولدىشى ۋە ئائىلىسى ئۈچۈن بەخشەندە قىلدى، ئۇنىڭ ئۈچ بالىسى چوڭ - كىچىك ئايروپىلان مودېللىرى، قاتىلاڭ تەتقىقات مۇھىتى ئىچىدە ئابدۇللا قادىرغا ئوخشاشلا ئايروپىلانغا ئىشتىياق باغلاپ، پەن - تېخنىكا ئۆگىنىشنىڭ يېڭى ۋارىسلىرى بولۇپ چوڭ بولدى. ئابدۇللا ئۆزىنىڭمۇ چاچلىرىنىڭ ئاقىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، چىرايىدىكى قورۇقلارنىڭ كۆپەيگەنلىكىنى تۇيمايلا قالدى. بۇ يەردە پەقەت ئۆزگەرمىگىنى ئۇنىڭ پولاتتەك ئىرادىسى، ئېگىلمەس - سۇنماس روھى، تىنىم تاپماس، قىزغىن خاراكتېرى ئىدى ...

ئابدۇللانىڭ ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش دۇكىنى ئاچقانلىقى دەسلەپتە ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى



قوزغىمىغان بولسىمۇ، كېيىن دۇكاننىڭ ئالدىدا ئايروپىلان مودېلىنىڭ ئەمەس بەلكى، خېلى چوڭ بىر ئايروپىلاننىڭ پەيدا بولغانلىقى كىشىلەرنى ھەيران قالدۇردى. ئەزەلدىن ئۇچقۇ دېگەننى كىنولاردا ياكى ئاسماندىن غارقىراپ ئۇچۇپ ئۆتكەندە كەپتەرچىلىك چوڭلۇقتا كۆرۈپ، كىتابلاردىن ئوقۇپلا كەلگەن، رەسمىي ئايروپىلاننى تېخى كۆرۈپ باقمىغان كىشىلەر ئۆز مەھەللىسىدىكى بىر ياش بالىنىڭ ئايروپىلان ياساۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىدە كۆزلىرىگە زادىلا ئىشەنمەي قېلىشتى، ھەتتا بەزى كىشىلەر خۇددى شاش ھايۋانلارنى سىلاپ كۆندۈرۈۋالماقچى بولغاندەك ئايروپىلاننىڭ باش قىسمىنى، قانات، قۇيرۇقلىرىنى ئاستا سىلاپ قوياتتى. بىر قىسىم كىشىلەر بۇنىڭغا زادىلا ئىشىنەلمەي، مۇشۇ تۆمۈرمۇ ئاسماندا ئۇچالارمۇ، دەپ ئابدۇللا قادىردىن سوراپ قوياتتى.

ئابدۇللا بۇ ۋاقىتتا بەزى كىشىلەرگە ئايروپىلاننىڭ قانۇنىيەتلىرىنى چۈشەندۈرسە، بىر قىسىم كىشىلەرگە قىزىقچىلىق قىلىپ: «ئەگەر بۇ ئايروپىلان ھەقىقەتەن ئۇچالىسا، شۇنداقتا بۇنى ئايروپىلان دەيمىز، ئەگەر ئۇچالمىسا ئېشەك ھارۋىسى دەيمىز» دەپ قوياتتى.

# «ئۇچماققا قانات يوق، لېكىن ئۇچقايمەن!»

— جالالىدىن رۇمى

بۈگۈن ئابدۇللا قادىر شاگىرتلىرى بىلەن «تۇرپان 1 - نومۇرلۇق» ئايروپىلاننى سىناق قىلىپ ئۇچۇرۇش ئۈچۈن ھارۋىنىڭ كەينىگە چېتىپ ئېلىپ ماڭدى. ئايروپىلاننى مەھەللە ئىچىدە ئۇچۇرۇش مۇمكىن بولمىغاچقا، بۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم ئايرودروم بولمىغاندىمۇ، شۇنىڭغا سەل ئوخشاپ كېتىدىغان تۈزلەڭ سايىنى تېپىش كېرەك ئىدى. ئايروپىلانغا «يول باشلاپ» كېتىۋاتقان ھارۋىنى قادىر ھاجىم ھەيدىگەن بولۇپ، ھارۋىدا ئابدۇللا قادىر ۋە ئۇنىڭ بىر قانچە شاگىرتلىرى، دوستلىرى بىللە ئىدى. ھارۋا بەشكوچا، باغىر يولى، مۇنار يوللىرىدىن ئۆتكەندە ھارۋىنىڭ كەينىگە بىر مۇنچە كىشىلەر، باللار ئەگەشتى. شۇ ئارىدا ئابدۇللا قادىرنى ئىزچىل قوللاپ كېلىۋاتقان دوستلىرىدىن مۇھەممەت ۋە ئابلىمىتلار ئۆزلىرىنىڭ «130» تىپلىق ماشىنىسىنى ھەيدەپ كېلىپ، ئەگىشىپ كېلىۋاتقان كىشىلەرنى ماشىنىغا سېلىپ ماڭدى. ئايروپىلان ۋە ماشىنىلار شەھەر ئىچىنى كېسىپ ئۆتۈپ، يار يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىدىكى يول بىلەن غەربىي جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلىدى. بۇ يەردە سەئىد دېھقان دەپ ئاتىلىدىغان بىر كونا ئايرودروم بار بولۇپ، بۇ يەردە ئايرودروم دەپ ئاتالغىنى ئەمەلىيەتتە كونا زامانلاردىن قالغان بىر تاشلاندۇق تۈزلەڭ ساي ئىدى، تاساددىپىي ھادىسىگە ئۇچرىغان ئايروپىلانلارنىڭ قونۇش ئېھتىماللىقىنى ھېسابقا



ئالمىغاندا بۇ يەرگە ئايروپىلانمۇ قونمايتتى. پەقەت بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىن قالغان بىر كونا ساقچى قاراۋۇلخانىسىنىڭ ئىزىلا بۇ يەرنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردا ئانچە - مۇنچە ئىشلىتىلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. سايىنىڭ شەرق تەرىپىدە يار يېزىسىغا قاراشلىق سەئىد دېھقان كەنتى دېھقانلىرىنىڭ چەكسىز كەتكەن ئېتىزلىقلىرى، جەنۇب تەرىپىدە يارغول سۇ ئامبىرىنىڭ ئېقىن سۇ ئېرىقى، ئايدىڭكۆل يېزىسىنىڭ يەرلىرى، قاتار - قاتار كەتكەن كارىزلار، شەرقىي جەنۇب تەرىپىدە دېڭىز يۈزىدىن 154 مېتىر تۆۋەن، ئىچكى قۇرۇقلۇقتىكى دۇنياغا مەشھۇر تۇزلۇق كۆل ئايدىڭكۆل بار ئىدى. غەربتە يىپەك لېنتىدەك يالتىراپ تۇرغان تۇرپان - توقسۇن تاشيولى، غەربىي شىمالدا ئىدىقۇت تېغى بەلبېغىنىڭ غەربىي قىسمى بولغان تۇزلۇق تاغ يىلان كەبى سوزۇلۇپ ياتاتتى.

ئابدۇللا ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى تۇرپان شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئەركىن غوجابدۇللا، تۇرپان شەھەرلىك 5 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئۆمەر قۇربان ۋە ئىلمخۇمار ياش ئابدۇراخمانلار نەچچە كۈنلەردىن بۇيان بۇيلۇقنىڭ ئاراتاغ بېشى، باغىرنىڭ شەرقىدىكى قۇلاڭ، ئىدىقۇت تېغى باغرىدىكى سىرلىق بۇلاق ئاچىلى، تاغ ئۈستىدىكى تۈزلەڭلىك، قۇرۇنقا سېيى قاتارلىق جايلارنى بىرمۇ - بىر كۆزدىن كەچۈرۈپ، يەر باشقۇرۇش، ھاۋا رايى، سۇ رايى پەن - تېخنىكا تارماقلىرىدىن ئەھۋال ئىگىلەپ ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا مۇشۇ سەئىد دېھقان سېيىنى ئايروپىلان كۆزنىتىش، ئۇچۇرۇشتىكى سىناق مەيدانى قىلىپ بېكىتكەنىدى.

ئايروپىلان ۋە مەدەت بەرگۈچىلەر توپى سەئىد دېھقانغا

سائەت ئۇنلار بىلەن يېتىپ كەلدى. ئابدۇللا ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى بىر قانچە كۈندىن بۇيان يەر شارائىتىنى ياخشى كۆزەتكەنلىكىگە قارىماي، ئۇچۇش رايونىنى يەنە بىر قېتىم كۆزدىن كۆچۈرگەندىن كېيىن مەلۇم دائىرە بەلگىلەپ، كۆرگۈچىلەرنى بۇ دائىرىنىڭ سىرتىغا چىقىرىۋەتتى. ئايروپىلاننىڭ ھەر بىر قۇرۇلمىسىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قايتا تەكشۈرۈپ، ئىشەنچ باغلىغاندىن كېيىن ئۇچۇشقا تەييارلاندى.

ھەممەيلەننىڭ كۆزى ئابدۇللا قادىردا. لاچىن كەبى مەغرۇر قەد كېرىپ تۇرغان ئايروپىلاندا بولۇپ، بۇ يەردىكى ئالامان تەقەززالىق، ھاياجان، ئىپتىخار تۇيغۇلىرى بىلەن ئايروپىلاننىڭ قوزغىلىشىنى كۈتمەكتە ئىدى. ئۇلار ئايروپىلان ئىجاد قىلىنىپ، 90 يىلدىن كېيىن ئۆزلىرى ياسىغان ئايروپىلاننىڭ كۆككە كۆتۈرۈلۈشىگە ئىنتىزار بولماقتا ئىدى.

مانا ئايروپىلان ئاستا ئايلىنىپ ئۇچۇش لىنىيىسىگە كىردى، بۇ چاغدا ئابدۇللا قادىر كۆپچىلىككە قاراپ:

— ھەممىڭلار بىلىسىلەر، مەن تۇنجى قېتىم ئۇچۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمەن، بەلكىم بۇ ئۇچۇشۇم مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىمۇ، مەغلۇبىيەتلىك بولۇشىمۇ مۇمكىن. لېكىن، خاتىرجەم بولۇڭلار، مەن بۇ قېتىمقى ئۇچۇشقا ئىنتايىن ئۇزۇن ۋە پۇختا تەييارلىق قىلدىم، شۇڭا، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدىغانلىقىمغا ئىشەنچىم كامىل.

ئۇ شۇنداق دەپ ماتورنى ئوت ئالدۇردى. شۇ مىنۇتلاردا توپ ئىچىدە تۇرغان قادىر ھاجىم «ئوغلۇم» دېگىنىچە يۈگۈرۈپ چىقىپ كەلدى ۋە ئابدۇللانى باغرىغا بېسىپ باش-كۆزىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— ئوغلۇم، سەن مېنىڭ بىر ئاللا بالام ئىدىڭ، كۆز



نۇرۇم ئىدىڭ! ئەسلى بۇنداق خەتەرلىك ئىشقا تەۋەككۇل قىلمىساڭ بولاتتى. ئەمما، ئۇلۇغ ئاللا مۇشۇنداق كوينى قەلبىڭگە سالغانىكەن، بىز بەندىلەرنىڭ بويسۇنماقتىن ئۆزگە ئامالىمىز يوق! مانا نەچچە ئون يىل تىرىشىپ ئايروپىلاننىمۇ ياساپ پۈتتۈردۈڭ. ئەمدى ئۇچۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتىسەن. ساڭا ئاقىۋول تىلەيمەن! ھەممىنى بىلگۈچى شاپائەتلىك ئاللا مۇشكۈلۈڭنى ئاسان قىلغاي، سېنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، ئامىن! — دېگىنىچە كۆزلىرىدىن مونچاق-مونچاق ياشلارنى تۆكۈپ، دۇئاغا قول كۆتۈردى. ئابدۇللا قادىرمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، كۆزلىرىدىن توختاۋسىز تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى سۈرتكىنىچە: «ئاتا خاتىرجەم بول، مەن چوقۇم سالامەت قايتىپ چۈشىمەن» دېدى. ئامىن، ئامىن... ئەتراپتا تۇرغان پۈتكۈل ئاۋام قادىر ھاجىمغا ئەگىشىپ، دۇئاغا قول كۆتۈردى. بۇ ھەيۋەتلىك سادا ئۇزاق يىللاردىن بۇيان سۈكۈت ۋە ئۇيقۇ ئىچىدە ياتقان تاشلىق ساينى لەرزىگە كەلتۈردى. مانا بۇ ساداغا خەلقنىڭ ئابدۇللا قادىرغا بولغان ئەڭ سەمىمىي تىلىكى، ئىشەنچ-ئارزۇسى مۇجەسسەملەنگەنىدى. ئابدۇللا قادىرنىڭ قەلبى كىچىكىدىن ئاڭلاپ چوڭ بولغان بۇ ھەيۋەتلىك، سىرلىق سادادىن بىردىنلا ئىشەنچ، خاتىرجەملىككە تولۇپ، بىر خىل مۇقەددەس تۇيغۇ ئىچىدە ماتورنى ئوت ئالدۇردى...

بۇ قېتىمقى سىناق ئابدۇللا قادىر ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. ھاۋا بوشلۇقىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان بۇ سىناقتا مەغلۇپ بولسىلا باشقا تاللاش يولىمۇ يوق ئىدى، ئۇ مۇقەررەر ھالدا ئۆز ھاياتىنىڭ قاتىلى بولۇپ قالاتتى. لېكىن، ئۆزىنىڭ ھايات-ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان، جانغا تاقى-

لىدىغان ھەر قانداق پاجىئەنىڭ يۈز بېرىشى كۆزگە كۆرۈنۈپلا
تۇرىدىغان بۇنداق تەۋەككۈلچى سىناقلارغا كۆنۈپ كەتكەن
ئابدۇللا قادىرنىڭ ھازىر ئويلايدىغىنى ئۆلۈم ئەمەس بەلكى،
چەكسىز مۇھەببەت، تەگسىز ئىشق ئىدى. ئۇ مەيلى شۇنداق
قىسمەتكە دۇچار بولغان تەقدىرىدىمۇ، پەقەت ئۇچالىسىلا،
ئۆزىنىڭ روھىنى ئىسپاتلىيالىسىلا، ئارمانسىز كېتىشكە
ئالللىقاچان تەييارلىنىپ قويغانىدى. ئەلۋەتتە مۇشۇنداق قىمە-
مەتلىك روھ، سۇناس ئىرادە ھەر قانداق ئادەمنى ئۇچۇرۇ-
شى مۇمكىن، ھەر قانداق مۆجىزىنى يارىتىشى مۇمكىن!
ماتور ئوت ئېلىپ، چاقپەلەك ئايلىنىپ، ئايروپىلان
ئورنىدىن قوزغالدى ۋە يۇگەندىن ئايرىلغان توسۇن ئاتتەك
تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلەپ، ئاستا ھاۋا بوشلۇقىغا كۆتۈرۈل-
دى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئون نەچچە
مېتىر ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلۈپ، 60 كىلومېتىر تېزلىك
بىلەن ئۇچۇشقا باشلىدى. پەستە تۇرغان كىشىلەر ھاياجانلان-
غانلىقىدىن بۆكلىرىنى ئاسمانغا ئېتىشىپ، ئىسسىق ياشلى-
رىنى سۈرتكىنىچە ھەدەپ ئاسماندا ئۇچۇۋاتقان ئابدۇللاغا
قول پۇلاڭلىتىشقا باشلىدى. ئۇلار كۆزلىرىگە، بۇ رېئاللىققا
زادىلا ئىشىنەلمەي قېلىشۋاتاتتى، بىر - بىرىنى تەبرىكلە-
شىپ، «بىزنىڭ ئابدۇللا ئۇچتى، راستتىنلا ئۇچتى» دېيىـ-
شەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئىدىقۇت دىيارىدا بىر مۆجىزە
يارىتىلدى.

لېكىن، پەستە تۇرغان كىشىلەرنىڭ خۇشاللىقى ئۇزۇن-
غا بارمىدى. بىر قانچە مىنۇت ئۇچقان ئايروپىلان قونماقچى
بولۇپ، تۆۋەنلىدىيۇ، تويۇقسىزلا كونتروللۇقىنى يوقىتىپ،
ئوق تەككەن كەپتەردەك يەرگە قاراپ چۈشۈشكە باشلىدى.



كىشىلەرنىڭ خۇشاللىقى يۈزلىرىدە قېتىپ قالدى. ئۇلار
«ۋاي خۇدايىم» دېيىشىپ باقىلىرىنى تۇتۇپ بولغۇچە، ئايرو-
پىلان يەرگە ئۇرۇلۇپ، ئاستى قىسمى پاچاق - پاچاق بولۇپ
كەتتى. قادىر ھاجىم باشچىلىقىدىكى كىشىلەر توپى قىيا -
چىيا قىلىشقىنىچە ئايروپىلان چۈشۈپ كەتكەن جايغا قاراپ
يۈگۈردى. ھەممىنىڭ قەلبىدە قاتتىق ئەنسىزلىك، ئۆكۈ-
نۈش دەريا بولۇپ ئاقماقتا ئىدى. لېكىن، ئۇلار جىنىنىڭ
بارىچە يۈگۈرۈپ يېتىپ كەلگىنىدە ئالدىدا باشقىچە مەنزىرە
تۇراتتى: ئايروپىلاننىڭ پاچاقلىنىپ كەتكەن سۇنۇقلىرى ۋە
توپا - چاڭ باسقان ئورەكنىڭ ئىچىدە ئابدۇللا قادىر چىرايىدا
چەكسىز ھاياجان ۋە تەسۋىرلىگۈسىز خۇشلۇق جىلۋىلەنگەن
ھالدا تۇراتتى. ئۇ ئايروپىلاننىڭ ئۇچقانلىقىدىن، ئۆزىنىڭ
دەسلەپكى سىنىقىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىدىن ئالەم-
چە خۇشلۇققا چۆمۈپ، ئايروپىلاننى تېخىمۇ ياخشى ئۇچۇرا-
لايدىغانلىقىغا ئىشەنچىسى تولۇپ، ھاياتىغا تاقالغان خەۋپ -
خەتەرنى، يارىلىنىپ، پۈتۈن بەدىنى ئاغرىۋاتقانلىقىنى ئۇن-
تۇپ قالغانىدى. بەختكە يارىشا ئابدۇللا قادىر ئانچە ئېغىر
زەخىملەنمىگەن بولۇپ، قادىر ھاجىم باشلىق كىشىلەر ئىسـ-
سىق ياشلىرىنى تۆككىنىچە ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋېلىشتى.

بەزى كىشىلەر بەلكىم «مۇشۇنىمۇ ئۇچتى دېگىلى بولا-
مدۇ» دېيىشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، كەسپىي خادىملارغا نىس-
بەتەن بۇنى ئۇچۇش دېگىلى بولمايدۇ، لېكىن ھېچقانداق
تېخنىكا، ئۈسكۈنە يوق شارائىتتا، ئۆزى مۇستەقىل ئىپتى-
دائىي قوراللار بىلەن ياسىغان ئايروپىلانغا نىسبەتەن بۇنى
مۇقەررەر ھالدا «ئۇچتى» دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ، بولۇپمۇ
كېيىن مۇتەخەسسىسلەر «تېخنىكا نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا بۇن-

داق ئايروپىلاندا قەتئىي ئۇچۇشقا بولمايدۇ، لېكىن سەن ئۇچۇپسەن، بۇنى ھەقىقىي مۆجىزە دېيىش كېرەك» دەپ ئېيتقىنىدەك، ھېچقانداق ئۆلچەملىك كۆرسىتىش، نىشان سىستېمىسى، رادار، پاراشوتقا ئوخشاش بىخەتەرلىك تەدبىرى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئون مېتىر تۇرماق بىر مېتىر ئېگىزلىكتە ئۇچۇشنىمۇ «ئۇچتى» دېيىشكە بولىدۇ، ھەتتا بۇ ھەقىقىي مەنىدىكى ئۇچۇش، يەنى روھنىڭ ئۇچۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەنە بىر قېتىملىق بۆسۈش، كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان تەجرىبىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بولۇپ، ئۇ ئون مېتىر ئېگىزلىكتە ئۇچقان ئىكەن كېيىن چوقۇم 100 مېتىرمۇ، 1000 مېتىرمۇ بولىدۇ. ئابدۇللا قادىر مۇشۇ ئىش ئۈچۈن نەچچە مىڭلىغان كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى، مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ئادەتتىكى ئادەملەر بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ھايات - ماماتلىق سىناقلارغا بەرداشلىق بەردى، مۇشۇ ئىش ئۈچۈن تالاي ۋاقتىنى، ھېسسىياتىنى، مېھنىتىنى سەرپ قىلدى. ئۇ نۇرغۇن قېتىملىق تاپا - تەنىلەرگە، خورلۇق، بېسىملارغا ئۈن - تىنسىز قارشى تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىرادىسىنى، روھىنى ئىسپاتلىدى. ئۇ يازنىڭ تومۇز ئىسسىقلىرىدا، قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقلىرىدا، ھەرە، پالتا، ئىكەك قاتارلىق ئىپتىدائىي سايمانلار بىلەن تۆمۈر، ئاليۇمىن، ياغاچ قاتارلىق ماتېرىياللارنى ئېگىپ، كېسىپ، تۇزلەپ، ئۇلاپ، ئويۇپ، ئاخىر 12 ئات كۈچىگە ئىگە، ئىككى چاقپەلەكلىك، ئۇزۇنلۇقى 5.11 مېتىر كېلىدىغان، چاقپەلىكى مىنۇتىغا 4000 قېتىم ئايلىنىدىغان، ئون مېتىر ئېگىزلىك، يۈز نەچچە مېتىر يىراقلىققا ئۇچالايدىغان ئايروپىلاننى ياساپ چىقتى...



ئابدۇللا قادىر ئايروپىلان تەتقىقاتىغا قايتا كىرىشتۇ!

ھەقىقەتەن قەيسەر ئىرادىلىك، ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايدىغان ئوغلان ئىكەن!

— ھەي... يالتىيىپ قالسىمۇ بوپتىكەن! ئۆتكەن قېتىم ھېلىمۇ ساق قاپتۇ، ئەمما بىرەر چاناق چىقسا قانداق قىلىدۇ؟ يا بۇنى ھۆكۈمەت ئورۇنلاشتۇرغان ئىش بولمىسا...

— ئېشەك چېغىدا پۇتى بىر قېتىم كۆۋرۈككە كىرىپ كەتسە، ئۇ يەردىن قايتا ماڭمايدۇ؟

— تازىمۇ ئەخمەق بالىكەن ئەمەسمۇ، تۆمۈرنىڭ ئۇچقىنى نەدە بار؟ ئا كۈنى ئۇچتى دەيدۇ، ئۇنى كىم كۆرۈپتۇ؟

. . .

مانا بۇ بەشكوچا، مۇنار يولى ۋە پۈتۈن تۇرپان رايونىدا ئابدۇللا قادىر ھەققىدە بولۇنۇۋاتقان گەپ - سۆزلەر ئىدى. بۇ خىل گەپ - سۆزلەر ئابدۇللا قادىرنىڭ ئىرادىسىنى بوشاشتۇرۇش تۈگۈل تېخىمۇ چىڭىتىۋەتتى. «نېمىلا بولمىسۇن خەق ماڭا، ئايروپىلانغا كۆڭۈل بۆلىدىكەن، بۇ ئىشنى چوقۇم كىشىلەرنى قايىل قىلغۇدەك دەرىجىدە ئاخىرلاشتۇرمىسام بولمايدۇ. ئىشقىلىپ ئايروپىلاننى ئۇچۇرۇش مەقسىتىگە يەتتىم، گەرچە چۈشۈش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىغان بولسىمۇ، قوزغىلىش، ئۇچۇش غەلىبىلىك بولدى. دېمەك يەنە ئازراقلا كۈچىسەم، ماتورنى ئالماشتۇرۇپ، تېخنىكىنى يەنە بىر ئاز يېڭىلىسام، چوقۇم مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇچالايمەن، كىشىلەرنىڭ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشەلەيمەن».

ئابدۇللا قادىر مۇشۇنداق نىيەتكە كېلىپ تۇرغاندا ئۇنىڭ

شاگىرتلىرى، دوستلىرىمۇ ئىككىلىنىپ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى:

— ئۇستام، نەچچە يىللىق ئەجرىمىز بىكار كەتمىگەن، ياسىغان ئايروپىلانىمىز ئۇچقان بولسىمۇ، بۇ بەك خەتەرلىك ئىش ئىكەن، — دېدى بىر شاگىرتى ئۇنىڭغا. - ھېلىقى كۈنى بىز ئۆزلەدىن بەكمۇ ئەنسىرىدۇق، بىرەر خەتەرلىك ئەھۋال چىقسا قانداق قىلىمىز؟ شۇڭا تەتقىقاتىمىزنى مۇشۇ يەردە توختاتقان بولساق...

ئابدۇللا قادىرنى ئىزچىل قوللاپ كېلىۋاتقان ئابدۇللا ئىمىنمۇ سۆز قىلىپ:

— سىز ناھايىتى چوڭ ئىشقا تۇتۇش قىلغان، ھەممىيلەن ئىزچىل قوللاپ كەلگەن ئىدۇق. چۈنكى، بۇ ئېلىمىزگە، مىللىتىمىزگە، خەلقىمىزگە شەرەپ كەلتۈرىدىغان چوڭ ئىش ئىدى. بۇنداق ئىشنى سىزگە ئوخشاش قورقماس يۈرەك، قەتئىي ئىرادىلىك، باتۇر ئەزىمەتلا قىلالايتتى ھەم قىلدى. سىز نېمىلا بولمىسۇن مۇۋەپپەقىيەت قازاندىڭىز. ئەمدى بولدى قىلسىڭىز بولىدىغاندەك تۇرىدۇ، چۈنكى بۇ ئىش بەك خەتەرلىك ئىكەن، بۇ قېتىم سىز چۈشۈپ كەتكەن بولسىڭىزمۇ، ئېغىر يارىلانماپسىز، لېكىن ئاتا - ئانىڭىز، ئائىلىڭىزدىكىلەر بەك قورقۇپ كېتىپتۇ. ھېچبولمىسا، نارەسىدە ئۈچ بالىڭىزنى ئويلىمىسىڭىز بولمايدۇ - دە! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايروپىلاننى يەنە ئۆزگەرتىمەن دېسىڭىز يەنە 30 - 40 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىشقا توغرا كېلىدىكەن. بۇ پۇلنى تەييارلاشمۇ بەسى مۇشكۈل ئىش!

ئابدۇللا قادىر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بىر ھازا ئولتۇرۇپ قالغاندىن كېيىن دوستى ئابدۇللا ئىمىنغا قاراپ ۋەزمىن



ھالدا سۆز باشلىدى:

— باشقىلارغۇ مەيلى، سىز ماڭا ئىزچىل مەدەت بېرىپ كېلىۋاتقان ئادەمغۇ! ماڭا ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ياردەمغۇ مۇھىم، لېكىن ئەڭ مۇھىمى روھىي جەھەتتىكى قوللاش، سىزمۇ مېنى چۈشەنمىسىڭىز باشقىلارنىڭ چۈشىنىشى مۇمكىنمۇ؟ مەن بانكا بىلەن ئالاقىلىشىپ قويدۇم، 35 مىڭ يۈەن قەرز بېرىدىغان بولدى. مۇشۇ پۇلنى مەبلەغ قىلىپ، ئايروپىلاننى ھەممە كىشى قايىل بولغۇدەك راۋۇرۇس بىر ئۇچۇرىمەن! مۇشۇ تاپتا غولىچى تۈگەپ غېرىچى قالغاندا، ئازراقلا كۈچىسەم زەپەر دەرۋازىسىنىڭ ئىشىكىدىن ئۇچۇپ كىرىدىغانلىقىم مۇقىملىشىپ قالغاندا توختاپ قالسام قانداق بولىدۇ؟!

ئۇ بىر ئاز ھاياجانلىنىپ توختاپ دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— يېقىندا بىر ماتېرىيالدا كۆرۈشۈمچە، ئامېرىكا ئالەم ئۇچقۇچىلىرى 60 -، 70 - يىللاردا ئاي شارىغا 12 قېتىم چىقىپ، ئۇ يەردىن 382 كىلوگرام تاش ماتېرىيال ۋە تۇپراق ئېلىپ چۈشۈپ تەتقىق قىپتۇ. ئاي شارى بىلەن يەر شارىنىڭ ئارىلىقى 380 مىڭ كىلومېتىر كېلىدىكەن. ئالەمنى ئېچىپ پايدىلىنىش تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بۇ ئالىملارنىڭ مۆلچەرىچە، 2017 - يىلىغىچە ئاي شارى شەھىرىنى قۇرۇپ چىققىلى بولىدىكەن. بۇ گەرچە كىتابتا ئېيتىلغان سۆز بولسىمۇ، ئەمما ئىلىم- پەن، تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بۇنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئەمما بىزچۇ، قانداق قىلىۋاتىمىز؟ ئازراق قىيىنچىلىققا ئۇچرىساقلا، ئىرادىمىزدىن يېنىۋالىمىز! ئامېرىكى-

لىقلار 90 يىل بۇرۇنلا ئايروپىلان ياساپ ئۇچقان، مانا ھازىر ئۇلار ئاي شارىغا يۈرۈش قىلىۋاتىدۇ. بىز بولساق يەردىمۇ ئوڭلاپ ماڭالمايۋاتىمىز. 90 يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە بىز ھېچبولمىسا، ئۇلارغا ئوخشاش ئۆزىمىز ئايروپىلان ياساپ، ئۇچۇشنى بولسىمۇ رويابقا چىقىرىپ باقايلى!

ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى ئەتراپتىكىلەرنى بىر تەرەپتىن خىجىل قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن قاتتىق قايىللىقىنى قوزغىدى. ئابدۇللا ئىمىن دوستىنىڭ قولىنى چىڭ قىسىپ تۇرۇپ:

— بولدى دوستۇم، مەن روھىڭىزدىن يەنە بىر قېتىم تەسىرلەندىم، سىزنى ئاخىرغىچە قوللايمەن، بىزنى ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر شائىرىمىز ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ روھى يۆلىسۇن! — دېدى ۋە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شېئىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىشقا باشلىدى:

ئوت ھارۋىسى بىلەن ياكى ھاۋا كېمە بىلەن،
يول يۈرۈش يۈرمەك يولىن تاپقانىڭكى.
چۆل ئارا غىچىڭلىتىپ، يول ئۈستىگە تىنماي سىيىپ،
ئارقىدا قالماق ھارۋىغا كالا قاتقانىڭكى.

... ... ...

ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلغان ئۇچار كۆكتە، ئۈزەر سۇدا،
مىنىشكە قوتۇر ئېشەك يوق، پىيادە قالغانىمىز باردۇر.

... ... ...

باشقىلار كۆكتە ئۇچۇپ، سۇدا ئۈزۈپ كەتتى يىراق،
مەن مىسالى يالاڭ ئاياغ، دەسسەپ تىكەن ماڭارىمەن.

ئابدۇللا قادىر بۇ شېئىرنى ئاڭلاپ، — بۇ شېئىر دائىم ماڭا ئىلھام بېرىدۇ. «تۇرپان 1 - نومۇرلۇق» ئايروپىلانىنى چوقۇم ئۇچۇرمىسام بولمايدۇ! — دېدى.



# ئاز سانلىق مىللەتلەر ياسىغان تۇنجى ئايروپىلان

ئاۋغۇست ئېيى. تۆت تەرىپى تاغلار بىلەن ئورالغان، يەر شەكلى خۇددى كۆمتۈرۈپ قويغان قازانغىلا ئوخشايدىغان، «ئوت يۇرتى» دەپ ئاتالغان تۇرپان دىيارى ئىنتايىن ئىسسىپ كەتكەنىدى. ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 48 سېلسىيە گرادۇسقا، يەر يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 75 سېلسىيە گرادۇسقا يېتىدىغان بۇ قەدىمكى زېمىنىنىڭ بۇ يىلقى ئىسسىقىغا بۇ يەردە ئەزەلدىن ياشاپ كېلىۋاتقان كىشىلەرمۇ چىدىيالماي قېلىۋاتاتتى. كۈندۈزنىڭ ئىسسىقى تۈگۈل، كېچىنىڭ ئىسسىقمۇ جاننى ئالغۇدەك قاتتىق بولۇۋاتقان بۇ مەزگىلدە يۇرتتىكى قېرى - ياش، ئەر - ئاياللار ئېرىق بويلىرىدىكى سايىۋەن جايلارغا، كارىز تىلىمىسىدىكى سالقىن بوش يەرلەرگە بېرىۋېلىشقانىدى. بۇ كۆرۈنۈش شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ 1922 - يىلى يازغان تۆۋەندىكى شېئىرىنىڭ دەل ئۆزى ئىدى:

نېمىدېگەن ئىسسىق، نېمىدېگەن دىمىق،
نېمىدېگەن تىنجىق تۇرپان كېچىسى.
بوغۇلدى نەپەس، بۇرۇقتۇم قەپەس،
تەرلىتەر چىپ - چىپ تۇرپان كېچىسى.

سايلاردىن سوقسا ئىسسىق شاماللار،
يىغلار بۆشۈكتە تەرلەپ بالىلار.
ئەللەي ئېيتىدۇ، بەزلەپ ئانىلار،
نېمىدېگەن تىنجىق تۇرپان كېچىسى.

تۇرار جىمىرلاپ كۆكتە يۇلتۇزلار،
باغلاردا سولغان گۈللەر - قۇندۇزلار.
يەلپۈگۈچ قولدا، زارلانغان سۆزلەر:
نېمىدېگەن تىنجىق تۇرپان كېچىسى.

جۇجەملەر گويا تامچىلىغان ياش،
يىغلاۋاتقاندەك يۇرتتا قىرى - ياش.
قاچان چىقاركىن، قۇياش ئېتىپ قاش؟
دەھشەت قاراڭغۇ، تۇرپان كېچىسى.

قاچان نۇر چېچىپ ئاتار ئالتۇن تاڭ،
ئاتامدىكىن دەپ، بولمىغىن هاڭ - تاڭ.
سۇبھى يورۇدى، يورۇدى بۇ تاڭ،
بەربىر ئۆتەر تۇرپان كېچىسى.

چەكسىز كەتكەن يىپەك لېنتىدەك ئاسفالىت يولدا تومۇز ئىسسىق دەستىدىن پەيدا بولغان ئېزىتقۇ ئالۋۇن كىشىلەرنى دەم تارتىپ كېتىۋاتقان ئەجدىهادەك تولغىنىپ تۇراتتى. دەل مۇشۇ ئالۋۇننىڭ ئىچىدە ئۇچىسىغا ئاق كوپتا، كۆك رەڭلىك خوتەن ئەتلىسىدىن چىرايلىق، كەڭ ئېتەكلىك يوپكا كىيگەن، ئارابوي، خۇش پىچىم چوكان ئون ياشلار چامىسىدىكى بىر قىزنى يېتىلەپ، ئاستا چىقىپ كەلدى. بۇ چوكان ئابدۇللا قادىرنىڭ ئايالى ئايشەمگۈل بولۇپ، ئۇ بىر قانچە كۈن ئىلگىرى ئازراق ئوزۇقلۇق بىلەنلا چىقىپ كېتىپ، ئۆيگە قايتماي، ئايروپىلان ئۇچۇرۇش مەشىقى قىلىۋاتقان يولدىشى ئابدۇللا قادىرغا تاماق ئېلىپ كېتىۋاتاتتى.



ئۇ قىزى رىزۋانگۈلنى ئەگەشتۇرۇپ، باغ ئارىلاپ، مۇنار يولىغا چىقىپ، ئۇچ چاقلىق كىرا موتسىكلىتىغا ئولتۇرۇپ شەھەرگە كىردى. ئاندىن كوچا ئاپتوبۇسى بىلەن يېڭىشەھەر بارىرىغا كەلدى. ئۇ بۇ يەردە بولدىشى مەشغۇلات قىلىۋاتقان سەئىد دېهقانغا كىرا ماشىنىسىنىڭ بار - يوقلۇقىنى سورۇشتۇردى. بۇ يەردىكى قاتناش ۋاسىتىلىرى سەئىد دېهقان دەپ ئاتىلىدىغان سايلىقنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، ئايدىڭكۆل يېزىسىغا قاتنىسىمۇ، ئۇ يەرگە بىۋاسىتە قاتنايدىغانلار ياكى يول يېرىدىغىچە ئادەم سىلىنۋالىدىغانلار يوق ئىدى. بەلكىم ئۇ ئۆزىنىڭ ئابدۇللا قادىرنىڭ ئايالى ئىكەنلىكىنى، يولدىشىنىڭ سايلىقتا ئايروپىلان ئۇچۇرۇش سىنىقى ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئېيتقان بولسا، ياخشى نىيەتلىك شوپۇردىن بىرەرسى چىقىپ ئۇنى مەنزىلگە ئاپىرىپ قويغانمۇ بولاتتى. بىراق، يولدىشىغا ئوخشاشلا ئۆزىنى كۆرسىتىشنى خالىمايدىغان ئايشەمگۈل قەتئىي نىيەتكە كېلىپ پىيادە مېڭىش قارارىغا كەلدى. ئۆزى ياخشى كۆرۈپ تۇرمۇش قۇرغان، ئۇماق ئۇچ پەرزەنتىنىڭ ئاتىسى، ئۆزىنىڭ تايانچىسى، غەمخورچىسى بولغان، خەلقى ئۈچۈن بەدەل تۆلەۋاتقان يولدىشىغا قانچە قۇربان بەرسە ئەرزىيتتى. ئايشەمگۈل نەچچە كۈندىن بېرى ئىسسىق تاماقسىز قالغان يولدىشىغا ئۆز قولى بىلەن ئەتكەن، ئۇ ياخشى كۆرىدىغان مەززىلىك پولونى ۋاقتىدا ئېغىز تەگكۈزۈش ئۈچۈن يول بويلاپ پىيادە يۈرۈپ كەتتى. بۇ يول دېمەككە ئاسان بولغىنى بىلەن تۆت - بەش كىلومېتىرغا يېقىن كېلىدىغان يول ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە هاۋا ئىسسىق بولۇپ، سەئىددېهقانغا يېقىنلاشقانچە، پاناهلانغۇدەكمۇ سايە يوق تاقىر سايلىقتا مېڭىشقا توغرا كېلىۋاتاتتى. ئايشەمگۈل

ئىككى سائەتتىن ئارتۇقراق ماڭغاندىن كېيىن يول ئۈستىدە ئۇچرىغان كىشىلەردىن سوراشتۇرۇپ، سەئىد دېھقان دەپ ئاتىلىدىغان سايغا يېقىنلاشقانلىقىنى بىلدى ۋە بىر تۆپىلىككە چىقىپ، ئەتراپقا نەزەر سالدى.

جەنۇبتا چەكسىز كەتكەن ساي، غەرب تەرەپتە يىلان باغرى تولغىنىپ ياتقان ئىدىقۇت تېغىنىڭ غەربىي قىسمى بولغان تۇزلۇق تاغ، شەرقى شىمالدا چەكسىز كەتكەن بوستانلىق. ئايشەمگۈل ئابدۇللا ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرىنىڭ مۇشۇ ساي ئىچىدە ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى مۆلچەرلەپ، تاشلىق ساي تەرەپكە قەدەم تاشلىدى. يەر، ئاسمان، تاشلار ئوت پۈركۈپ تۇرغان تومۇز ئىسسىقتا، ئىنسۇ جىن ۋە ھېچقانداق گىياھ بولمىغان سايلىقتا ئادەمنىڭ قانچىلىك بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەس. بۇ يەردە ئايشەمگۈلگە كۈچ ئاتا قىلىۋاتقىنى مۇھەببەت، يولدىشىغا بولغان سەمىمىي مۇھەببەت ئىدى. ئۇ تومۇز ئاپتاپىنىڭ ئوتتەك كۆيدۈرۈشىگە، ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇققا بەرداشلىق بېرىپ، ھېرىپ قالغىنىغا قارىماي سايلىققا قاراپ مېڭىۋەردى. لېكىن، ئەمدىلا ئون نەچچە ياشقا كىرگەن مەسۇم قىز بۇ مۇشەققەتكە قانداق چىدىسۇن؟ ئەڭ يامان يېرى سايلىقتىكى ئالۋۇننىڭ ئېزىقتۇرۇشى بىلەن ئۇلار يولدىن ئېزىپ قالدى ۋە ماڭا - ماڭا يەنە تۇرپان - توقسۇن تاشيولىغا چىقىپ قالدى. بۇ چاغدا بىچارە رىزۋانگۈلگە ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىپ ھەدەپ قەي قىلىشقا باشلىدى. دەل شۇ چاغدا ئېشەك ھارۋا ھەيدەپ شەھەر تەرەپكە كېتىۋاتقان بىر بوۋاي ئۇلارنى ھارۋىسىغا سېلىۋالدى:

— ھەي قىزىم، ئانا - بالا ئىككىلىرى بۇ يەردە نېمە



ئىش قىلىپ يۈرۈيدىلا؟ - دەپ سورىدى بوۋاي مۇلايىملىق بىلەن.

— ئۆزلىرى ئاڭلىغان بولغىيتىلىمىكىن، قىزىمنىڭ ئاتىسى ئايروپىلان ياساپ، ئۇچۇشنى مەشىق قىلىش ئۈچۈن مۇشۇ سايغا كېلىۋالغىلى نەچچە كۈنلەر بولدى، ئازراق ئوزۇق بىلەنلا ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن. نەچچە كۈنگىچە قورزۇقنان غاجىلاپ يۈرسە بولماس. شۇڭا، بۈگۈن ئۇ ياخشى كۆرىدىغان تاماقنى ئېتىپ، مېنىڭ بىر مۇشەققەتتە بۇ يەرگە كەلگەن ئىدۇق. بىراق نىشاندىن ئادىشىپ قېلىپ، دادىسىنى تاپالمىدۇق.

ئۇنداق بولسا قىزىم، مەن ھارۋىنى قايتۇراي، سايىنىڭ ئىچىنى ئىزدەپ باقايلى، — دېدى بوۋاي ھۆرمەت ۋە كۆيۈنۈش ھېسسىياتى بىلەن.

— رەھمەت بوۋا، مەن باشقا بىر كۈنى كېلەرمەن. قىزىمغا ئىسسىق ئۆتۈپ قالغاندەك تۇرىدۇ، تېزرەك دوختۇرخانىغا ئاپارمىسام بولمىغۇدەك.

— بۇ گېپىڭىزمۇ توغرا قىزىم، ئۇ كىشى ئەر كىشى بولغاندىن كېيىن قورسىقىنى بىر ئامال قىلىپ تۇرار. بۇ كىچىك قىزىمغا يامان بوپتۇ، سىزنى تېزرەك دوختۇرخانىغا يەتكۈزۈپ قوياي، — بوۋاي شۇنداق دېگىنىچە ئېشىكىنى دېۋىتتى.

ئايشەمگۈل يولدىشى ئابدۇللا بىلەن تۇرپان دارىلمۇئەللىمدە بىرگە ئوقۇغان كۆڭۈللۈك چاغلىرىنى، مەكتەپنىڭ دەرەخلىك كوچىلىرىدا مۇھەببەتنىڭ تۇنجى لەززىتىگە چۆمۈلگەن رومانتىك مىنۇتلىرىنى ئەسلىگىنىچە شەھەرگە قاي-

ھاق كىرىپ قالغانلىقىنى تۇيمايلا قالدى. . .

*************************

ئابدۇللا قادىر زاپچاسلارنى ئالماشتۇرۇش، قايتا - قايتا سىناق قىلىش ئارقىلىق ئاخىرى «تۇرپان 1 -نومۇرلۇق» كىچىك تىپلىق ئايروپىلاننى رەسمىي ئۇچۇش ئۆلچىمىگە يەتكۈزدى ۋە نەچچە مىڭلىغان تاماشىبىننىڭ ئالدىدا يەنە بىر قېتىم سىناق قىلىپ ئۇچۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. بۇ قېتىم ئايروپىلان 70 مېتىر ئېگىزلىكتە، 80 كىلومېتىر سائەتلىك سۈرئەت بىلەن 15 مىنۇت ئۇچۇپ، بىخەتەر ھالدا يەرگە قوندى.

ئابدۇللا قادىرنىڭ ئايروپىلان ياساپ ئۇچقانلىقى ئاخبارات ۋاستىلىرىدە تەشۋىق قىلىنغاندىن كېيىن جۇڭگو ئاۋىئاتسىيە مۇزېيى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، ئابدۇللا قادىرغا بىر پارچە خەت ئەۋەتتى. ئۇلار خېتىدە ئابدۇللا قادىرنىڭ ئايروپىلانىغا يۇقىرى باھا بېرىپ: «ئايروپىلان كۆپ خىل تېخنىكىنىڭ، بىر قانچە خىل پەننىڭ يىغىندىسى. بۇ ئايروپىلان جۇڭگو تارىخىدا ئاز سانلىق مىللەتلەردىن تۇنجى بولۇپ ئۆزى لايىھىلەپ، ئۆزى ياساپ، ئۆزى ئۇچقان ئايروپىلان بولۇپ، بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىللىق، ئىستېداتلىق، جاپادىن قورقمايدىغان مىللىي روھىنىڭ ئىپادىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ناھايىتى زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە» دەپ يازغانىدى. ئابدۇللا قادىر مۇزېيدىكىلەر بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشكەندە، ئۇلار بۇ ئايروپىلاننى جۇڭگو ئاۋىئاتسىيە مۇزېيىغا قويۇلسا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇنجى ئايروپىلانى سۈپىتىدە مىللەتنىڭ روھىغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئايروپىلانىنى ئۆزلىرىگە سېتىپ بېرىش ئۈمىدىنىڭ



بار - يوقلۇقىنى سورىدى. بىر پۈتۈن مىللەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان مۇشۇنداق بىر مۆجىزە خاراكتېرلىك ئىجادىيەتنى ئۇلارغا پۇلغا ساتسام قانداق بولىدۇ؟ ياق، پۇلغا سېتىشقا بولمايدۇ. ئالدىمىزدا شىياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىدەك زور ئىش تۇرۇۋېتىپتۇ، مەن بۇ ئايروپىلاننى تۇرپاندىكى 530 مىڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، شۇنداقلا پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ شىياڭگاڭغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە سۇنىغان سوۋغىسى سۈپىتىدە ئاۋىئاتسىيە مۇزېيىغا ھەقسىز تەقدىم قىلاي. مۇشۇنداق قارارغا كەلگەن ئابدۇللا قادىر ئايروپىلاننى قايتا بىر قۇر رېمونت قىلىپ، ئايروپىلان گەۋدىسىگە «7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى» دېگەن خەتلەرنى چوشۇرۇپ پۈتتۈردى. بۇ چاغ 1997 - يىلى 6 - ئايغا ئۇلىشىپ قالغانىدى.

مىلادىيە 1997 - يىلى 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، بۈگۈن بەشكوچىنىڭ غەربىگە جايلاشقان ئابدۇللا قادىرنىڭ ھويلىسى ئادەم بىلەن لىق تولغانىدى. بۇ كىشىلەر شىياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىگە تەقدىم قىلىنىدىغان ئۇلۇغ سوۋغات «تۇرپان 1 -نومۇرلۇق» ئايروپىلاننى ئۇزىتىش ئۈچۈن بۇ يەرگە جەم بولغانىدى. چوڭ كىشىلەر ھەۋەس ۋە قايىللىق ئىلكىدە ئايروپىلان ھەققىدە بەس - مۇنازىرە قىلىشسا، بالىلار چوڭقۇر ھاياجان ۋە قورۇنۇش ئىلكىدە ئايروپىلاننى ئاستا تۇتۇپ باقاتتى. شۇ ئارىدا ئابدۇللا قادىرنىڭ بىرگە ئويناپ چوڭ بولغان دوستى، ھازىرقى ئۈزۈمچىلىك يېزىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاھارجان سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى:

— ئابدۇللا قادىرنىڭ ئايروپىلان ياسىغانلىقى ناھايىتى ئۇلۇغ ئىش، بۇ يېزىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك

قورۇلۇشىدىكى زور ئىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دۆلىتى-
مىزدىكى 50 نەچچە ئاز سانلىق مىللەتنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر
مىللىتىمىزنىڭ هاياتىدىكى تارىخىي نامايەندە، ئۇچمەس مۆ-
جىزات. بىز ئايروپىلان ياساش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ هاياتىنى
بېغىشلىغان ئەقىل - ئىدراكلىق، جىگەرلىك ئوغلانىمىز
ئابدۇللا قادىردىن، ئۇنىڭ ئۇلۇغ روهىدىن پەخىرلىنىمىز.
ئۇنى هۆرمەتلەيمىز، قەدىرلەيمىز. ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئاب-
دۇللا قادىرنىڭ قورقماس، ئېگىلمەس - سۇنماس روهىدىن،
يۈكسەك غەيرىتىدىن، ئۆزلۈكسىز تىرىشىپ ئۆگىنىشتەك
خىسلىتىدىن ئىلهام ئېلىپ، كۆنسېرى يۇقىرى ئۆرلىشىنى
ئۈمىد قىلىمىز.

قاهارجاننىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن هويلىدىكى چوڭ -
كىچىك، قېرى - ياش هەممەيلەن گۈلدۈراس ئالقىش ياڭرى-
تىپ، ئابدۇللا قادىرنى قۇتلۇقلىدى. چاۋاك بېسىلغاندىن
كېيىن ئۈچىسىغا ئاق كۆينەك، كۆل رەڭ ئىشتان، بېشىغا
كەشتىلەنگەن دوپپا كەيگەن ئابدۇللا قادىر سۆز قىلدى.
ئۇنىڭ ئاۋازى گەرچە بوش چىققان بولسىمۇ، هەممەيلەن
دىققىتىنى يىغىپ ئاڭلاۋاتقان بولغاچقا، يەنىلا ئوچۇق ئاڭلى-
نىپ تۇراتتى:

— قېرىنداشلىرىم! ئەڭ ئالدى بىلەن ماڭا مەدەت بەر-
گەنلىكىڭلارغا، قوللىغانلىقىڭلارغا چىن يۈرىكىمدىن رەھ-
مەت ئېيتىمەن! هەممەيلەننىڭ خەۋىرىدە بولسا كېرەك،
مەن كىچىكىمدىن تارتىپ ئايروپىلانغا قىزىقاتتىم. يېقىنقى
11 يىلدىن بۇيان مەن ئىزچىل تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، 30
نەچچە قېتىم سىناق قىلىش ئارقىلىق، 70 مىڭ يۈەنگە
يېقىن چىقىم قىلىپ، ئاخىرى «تۇرپان 1 - نومۇرلۇق»



ئايروپىلاننى ياساپ پۈتتۈرۈپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك سىناقتىن
ئۆتكۈزدۇم. دۆلەتلىك ئاۋىئاتسىيە مۇزېيى بۇ ئىشتىن خەۋەر
تېپىپ، بۇ ئايروپىلانغا يۇقىرى باها بەردى، ئاۋىئاتسىيە
مۇزېيىنىڭ باشلىقى ئالايىتەن ماڭا تېلېفون بېرىپ، ئايروپى-
لاننى مۇزېيغا قويۇش خىيالىنىڭ بارلىقىنى، ئايروپىلاننى
ئۆزلىرىگە سېتىپ بېرىشكە موشۇلىدىغان ياكى قوشۇلمايدى-
غانلىقىمنى، ئايروپىلانغا قانچە باها قويىدىغانلىقىمنى سورى-
دى. ئۇلارنىڭ ئېيتىقىنىدەك بۇ ئايروپىلان هەقىقەتەن ئۇلۇغ
مىللىي روهنىڭ ئىپادىلىنىشى بولسا، بۇ خىل روهنى قان-
داقمۇ پۇل بىلەن ئۆلچىگىلى بولسۇن؟! ئۇلار ئايروپىلانى-
مىزغا يۇقىرى باها بېرىپ، ئۇنى دۆلەتلىك مۇزېيدا ئۇيغۇر-
لارنىڭ ئىپتىخارى سۈپىتىدە مەڭگۈ ساقلاشنى، دۇنيانىڭ
هەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ساياهەتچىلەرگە كۆرسىتىش-
نى، تونۇشتۇرۇشنى نىيەت قىلىۋاتسا، مەن موشۇنداق خا-
سىيەتلىك ئىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئايروپىلاننى پۇلغا
ساتسام قانداق بولىدۇ؟! شۇڭا، مەن كۆپ ئويلىنىش ئارقى-
لىق ئون نەچچە يىللىق قان - تەرىم، نەچچە ئون مىڭ يۈەن
ئىقتىسادىي بەدىلىم سىڭگەن بۇ ئايروپىلاننى دۆلەتكە هەقسىز
تەقدىم قىلىش، بۇ ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ شەخسىيەتسىز
روهىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلىش قارارىغا كەلدىم. مانا
بۈگۈن بۇ ئىش ئەمەلگە ئېشىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. مەن
بۇ يەردە مېنى تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەن، قوللىغان ۋەتەنگە،
ئانا تۇپراققا، ئاتا - ئانا، ئۇستازلىرىمغا، دوست - ياران،
شاگىرتلىرىمغا يەنە بىر قېتىم ئېهتىرام بىلدۈرىمەن.

ئابدۇللا قادىرنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن كۆپچىلىك يەنە
بىر قېتىم گۈلدۈراس ئالقىش ياغدۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئاپىرىن

ئوقۇشتى.
ئارقىدىنلا قىزغىن ئۇزىتىش سادالىرى ئىچىدە ئايروپە-
لان ئاستا قوزغالدى. چوڭ يولغا چىققاندا ئايروپىلان يىغىم-
چاق قىلىپ، ماشىنىغا جايلاشتۇرۇلۇپ، داخېيەن پويىز
ئىستانسىسىغا يولغا سېلىندى.
ئابدۇللا قادىر «ئاۋىئاتسىيە مۇزېيىغا تەقدىم قىلىش»
دېگەن سۆزنىڭ كەينىگە نۇرغۇن ئاۋارىچىلىكلەرنىڭ يوشۇ-
رۇنغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. ئەلۋەتتە، ئايروپىلان
ھەقسىز تەقدىم قىلىنىدىغان بولغاچقا، ئايروپىلاننى ئېلىپ
كېتىش ئىشىغا مۇزېي ئىگە بولسىمۇ بولاتتى. بىراق، ئا-
دۇللا قادىرنىڭ مۇزېيدىكىلەرگە بۇنداق دېيىشكە غورۇرى
يول قويمىدى. ھەقسىز بولغىنىكەن، باشتىن - ئاخىر خالىس
بولۇشى كېرەك، دەپ ئويلىغان ئابدۇللا قادىر 500 يۈەنگە
ماشىنا كىرا قىلىپ، ئايروپىلاننى داخېيەن ۋوگزالىغا ئې-
لىپ چىقتى. لېكىن، ۋوگزالدىكىلەر بۇنداق نەرسىنى تو-
شۇپ باقمىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن مەخسۇس بىر ۋاگون
ئاجرىتىش لازىملىقىنى، ۋاگوننى ئۆزلىرىنىڭ تەستىقلىيال-
مايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئايروپىلاننى ياغاچ سان-
دۇققا قاچىلاپ ئوراش لازىملىقىنى ئېيتتى. ئابدۇللا قادىر
داخېيەن ۋوگزالىغا، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمى-
گە، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىگە، ئاپتونوم رايونلۇق
خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىغا نەچچە ئون قېتىم بېرىپ
كەلدى. بەزىدە «ھەقسىز تەقدىم قىلىمەن دەۋاتساممۇ نېمە
تۈگىمىگەن ئاۋارىچىلىك» دەپ، ئۆز - ئۆزىگە ئاچچىقلاپ
كېسىلىپ كېتەتتى. ۋاقىت 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگە بارغانچە
قىستاپ كېلىۋاتاتتى. ئابدۇللا قادىر گەرچە ئايروپىلاننى



ۋاگونغا قاچىلاش ئىجارەتنامىسىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، كىرا
ھەققى جەھەتتە قىلچىمۇ ئېتىبارغا ئېرىشەلمىدى. ئابدۇللا
قادىر تۆمۈر يول ئىدارىسىدىكى خادىملارغا بۇ ئىشنىڭ ئەھ-
مىيىتىنى، ئۆزىنىڭ قىيىنچىلىقىنى قانچە چۈشەندۈرگەن
بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار دۆلەتكە ھەقسىز تەقدىم قىلىش بە-
لەن كىرا ھەققىنىڭ ئايرىم - ئايرىم ئىككى ئىش ئىكەنلىكىدى-
نى، كىرا ھەققى تۆلەنمىسە، ھېچقانداق نەرسىنى يۆتكەشكە
بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. دەل مۇشۇ ئايروپىلان
ئۈچۈن پۈتكۈل ئىقتىسادىنى سەرپ قىلىپ، قاقسەنەم بولۇپ
كەتكەن، بوينىغىچە قەرزگە بوغۇلغان ئابدۇللا قادىردا نەدىمۇ
كىرا ھەققىگە تۆلىگۈدەك ئون نەچچە مىڭ يۈەن پۇل بول-
سۇن؟ ئابدۇللا قادىرنىڭ بېشى قېتىپ تۇرغاندا بەختكە يارد-
شا بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى
مۇھەممەت رەجەپ دەرھال مالىيە ئىدارىسىغا تېلېفون بې-
رىپ، بۇ پۇلنى ھەل قىلىپ بېرىشنى ئورۇنلاشتۇردى.
مالىيە ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى ياسىن روزى ئاكا مەرىپەتپەر-
ۋەر، غورۇرلۇق كىشى بولۇپ، ئۇ بۇ ئىشقا ئەستايىدىل
قاراپ، ئابدۇللا قادىرغا تېزلا 17 مىڭ يۈەن پۇلنى ھەل
قىلىپ بەردى. شۇنداق قىلىپ، «تۇرپان 1 - نومۇرلۇق»
ئايروپىلان 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى بېيجىڭغا قاراپ «يولغا
چىقتى». بۇ كۈنى سەھەردىن باشلاپلا تەرلەپ - پىشىپ
كەتكەن ئابدۇللا قادىر ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرىدىن ئۆمەر
قۇربان، ئابلىمىت ئۇستا، ئابدۇراخمانجانلار داخېيەن پويىز
ئىستانسىسىدا ئۇزاپ كېتىۋاتقان ۋاگونلارغا قاراپ، خۇددى
جانجىگەر قېرىندىشىنى يولغا سېلىپ قويغاندەك قايغۇ ئىچىدە
قول پۇلاڭلىتىپ قالدى.

ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتۈپ 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بېيجىڭدىن كىشىنى خۇشاللاندۇرىدىغان خۇش خەۋەر كەلدى. 1997 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تاڭ سەھەردە جۇڭگو ئاۋىئاتسىيە مۇزېيى مەملىكىتىمىز بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىن چىققان ئىقتىدارلىق پەن - تېخنىكا خادىمى ئابدۇللا قادىر ياسىغان «تۇرپان 1 - نومۇرلۇق» ئايروپىلانى شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى تەبرىكلەش سوۋغىسى سۈپىتىدە خۇشاللىق بىلەن تاپشۇرۇپ ئالدى. دۆلەتلىك ئاۋىئاتسىيە مۇزېيى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىن چىققان بۇ بىردىنبىر ئايروپىلان ياسىغۇچىنى مۇزېينىڭ ئالىي ھەددە مەسلىھەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلدى.

ئۇزاق ئۆتمەي ئابدۇللا قادىر مۇزېينىڭ تەكلىپنامىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا دەسلەپىدە نەچچە ئون پارچە، كېيىن نەچچە يۈز پارچە تەبرىك، خەت - ئالاقە تاپشۇرۇپ ئالدى. خەتلەرنىڭ مەزمۇنى بىر - بىرىدىن چوڭقۇر، بىر - بىرىدىن مەنىلىك، بىر - بىرىدىن قىزغىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئابدۇللا قادىرنىڭ روھىغا ئاپىرىن ئوقۇشقان، ئۇنىڭ ئىشلىرىغا مەدەت بەرگەنىدى. خەتلەرنىڭ بەزىلىرى ھەۋەسكارلاردىن كەلگەن بولسا، بەزىلىرى ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىدىن، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن، بەزىلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن كەلگەنىدى. ھەتتا ياش قىزلاردىن كەلگەن، شېرىن - شەربەت سۆزلەر بىلەن تولغان خەتلەرمۇ بار ئىدى. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى دېڭىز ئارمىيە قىسمى ئۇچقۇچىلار ئىنستىتۇتىدىكى ۋاڭ مىڭ مۇنداق يازغانىدى:

ئابدۇللا مۇئەللىم، ياخشىمۇ سىز!



مەن ئالدى بىلەن سىزنى ۋە سىزنىڭ «تۇرپان 1 - نومۇرلۇق» ماملىق ئايروپىلانىڭىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا كۆككە پەرۋاز قىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن. سىزنىڭ ئىلىم - پەنگە بولغان چەكسىز قىزغىنلىقىڭىز ۋە مۇۋەپپەقىيىتىڭىزدىن مەن قاتتىق تەسىرلەندىم ۋە ھاياجانلاندىم.

مەن بىر ئايروپىلان ھەۋەسكارى ئېنىقراق ئېيتقاندا بىر ئۇچقۇچى. مەن ئوقۇتقۇچىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە تەخمىنەن 100 سائەتكە يېقىن ئۇچتۇم. ھەر قانداق ئادەم قەتئىي ئىرادە بىلەن ئۆگەنگەندىلا ۋە ئۈزلۈكسىز يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارغاندىلا، كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلەيدىكەن. مەن بۇنى سىزنىڭ ئەمەلىيىتىڭىزدىن ھېس قىلدىم. مەن سىزنىڭ كېيىنچە تۇرپان يىپەك يولى ئاۋىئاتسىيە كۇلۇبى قۇرۇش پىلانىڭىزنى قىزغىن قوللايمەن، بۇ بىر ياخشى تۇر. شىنجاڭ گۈزەل زېمىن، مەن شىنجاڭغا بېرىپ ساياھەت قىلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن، شۇنداقلا سىزنىڭ ئوقۇغۇچىڭىز بولۇشنى، ئاۋىئاتسىيە كۇلۇبىنىڭ مېھمىنى بولۇپ، شىنجاڭنى چۈشىنىشنى خالايمەن.

مۇبادا سىز بۇنىڭدىن كېيىنكى ئايروپىلان تەتقىقاتى جەريانىدا نېمە قىيىنچىلىققا ئۇچرىسىڭىز سىزگە چىن يۈرىكىم بىلەن ياردەم قىلىشقا تەييارمەن. چۈنكى، مەن ئاۋىئاتسىيە، ھاۋا قاتنىشى نەزەرىيىسى جەھەتتە نىسبەتەن سىستېمىلىق تەربىيە ئالغان ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزگەن. ئېھتىمال سىزنىڭ تەتقىقات خىزمىتىڭىزگە قارىتا ئەھمىيەتلىك تەكلىپلەرنى بېرەلىشىم مۇمكىن. ئەلۋەتتە بۇ جەھەتتە مەن ھەقسىز مۇلازىمەت قىلىشنى خالايمەن.

گۇاڭجۇدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى

لى لىشىشىن ئۆز خېتىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

ئابدۇللا مۇئەللىم ياخشىمۇ سىز! مەن بىر نولۇقمىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى. مەنمۇ كىچىكىمدىن باشلاپلا ئايروپىلانغا قىزىقاتتىم. سىزگە ئوخشاش ئايروپىلان ياساشنى، ئۆزۈم ھەيدەپ ھاۋا بوشلۇقىدا ئۇچۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم. مەندە قەتئىي ئىرادە بولسىمۇ، بۇ جەھەتتە ھېچقانداق بىلىمىم يوق. بىر كۈنى چۈشلۈكى تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرۇپ، تېلېۋىزوردىن سىزنىڭ ئايروپىلان ياساپ بوشلۇقتا پەرۋاز قىلغانلىقىڭىزنى كۆرۈپ قاتتىق ھاياجانلاندىم ۋە خۇشال بولدۇم. تەسىرلىنىپ دەرھال قولۇمغا قەلەم ئالدىم. ئابدۇللا مۇئەللىم ئارىمىز شۇنچە يىراق بولسىمۇ، مېنى ئوقۇغۇچىلىققا قوبۇل قىلسىڭىز، ماڭا يېتەكچىلىك قىلسىڭىز. مېنى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپ بەرسىڭىز مەنمۇ كىچىك تىپتىكى ئايروپىلانلارنى ياساپ باقسام. سىز شۇنچە يىراقتىكى بىر ئوقۇغۇچىغا ئۇستاز بولۇشنى خالامسىز؟

مەملىكىتىمىزدىكى ئاھالىسى ئەڭ كۆپ بولغان، ئۆلكە دەرىجىلىك شەھەر چۆڭچىڭدىن، قېرىنداش تۇجيا مىللىتىدىن بولغان بىر ياش ئۆز خېتىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

سىزنىڭ ئۆز قولىڭىز بىلەن 11 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ياساپ چىققان ئايروپىلانىڭىز بىلەن ئۇچقانلىقىڭىزدىن خەۋەر تېپىپ ، بەكمۇ ھاياجانلاندىم ۋە تەسىرلەندىم. مەن بىر ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ياش بولۇش سۈپىتىم بىلەن سىزنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن، سىزگە ئاپىرىن ئوقۇيمەن. بۇ تۆھپە يالغۇز سىزنىڭ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەرىپى بولۇپلا قالماستىن بەلكى، مەملىكىتىمىزدىكى بارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ شان - شەرىپى. بىز سىزدىن



پەخىرلىنىمىز، ئۆگىنىمىز. پۇرسەت بولسا شىنجاڭغا بېرىپ شىنجاڭنى، جۈملىدىن سىزنى زىيارەت قىلىشنى خالايمىز. سىزنىڭمۇ يۇرتىمىزغا كېلىپ مېھمان بولۇپ كېتىشىڭىزنى چىن يۈرىكىمىزدىن ئارزۇ قىلىمىز...

ئابدۇللا قادىر بۇ خەتلەرنى تاپشۇرۇپ ئالغىنىدا ئۆزىنى يېنىكلەپ قالغاندەك، نەچچە يىللىق ھاردۇقى بىراقلا چىقىپ كەتكەندەك ھېس قىلدى. قىلىۋاتقان ئىشىغا بولغان ئىشەنچىسى تېخىمۇ ئېشىپ، يەنىلا ئۆزىنى چۈشىنىدىغان، قوللايدىغان ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكىدىن قاتتىق تەسىرلەندى. ئۇرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ئانا زېمىنغا، ياردەم قولىنى سۇنغان بارلىق ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرگە ئۈنسىز رەھمەت ئېيتىش بىلەن بىرگە، ئۆزىنى مەسخىرە قىلغان، ھاقارەت قىلغان، تەتقىقاتىغا پۇتلىكاشاڭ بولغان كىشىلەرگىمۇ رەھمەت ئېيتتى. چۈنكى، كېيىنكى خىلدىكى كىشىلەرنىڭ پىتنە - پاساتلىرىغا جاۋاب قايتۇرۇش ئىرادىسى ئابدۇللا قادىرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا پەلەمپەي بولغان ئەمەسمۇ؟

لېكىن، ئابدۇللا قادىر بۇنىڭلىق بىلەن مەغرۇرلىنىپ قالمىدى. ئابدۇللا قادىرنىڭ خاراكتېرىدە مەغرۇرلىنىپ قالىدىغان، تەكەببۇرلۇق قىلىدىغان، بوشىشىپ قالىدىغان مەجەزلەرمۇ ئەسلا يوق ئىدى. ئابدۇللا قادىردا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان، ئىختىيارسىز قايىل قىلىدىغان شۇنداق بىر ئالاھىدىلىك بار ئىدىكى، ئۇ ئەزەلدىن بىر ئىشقا بوشىشىپ قالغان، چۈشكۈنلىشىپ باققان ئەمەس ئىدى. ئۇ مەيلى بېشىغا تاغ يىقىلسىمۇ، ئۆزىنى ئازادە تۇتۇشنى، خۇشال كۈلۈشنى بىلەتتى. ھەر قانداق پىتنە - پاسات، ھاقارەتلەر ئۇنىڭ روھىنى چۈشۈرەلمەيتتى. ئابدۇللا قادىر ئۇيغۇر جەم-

ئىيىتىدىكى كىشىنى ئەڭ خاراب قىلىدىغان قۇرۇق سۆز يوقىلاڭ بەتنام، چاكىنا غەيۋەتلەرنىڭ ھوجۇمىغا ئەڭ كۆپ ئۇچرىغان بولسىمۇ. لېكىن ئۇ بۇ ھوجۇملارنى ئەمەلىي ھەرىكىتى، نەتىجىسى، ئىرادىسى بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا مەغلۇپ قىلدى. ئۇ نەچچە ئون مىڭ يۈەن قەرز، ئېغىر خىزمەت، تەتقىقات بېسىمى، كەينى - كەينىدىن بولۇۋاتقان ئوڭۇشسىزلىق ئىچىدىمۇ شۇنچىلىك خاتىرجەم، ئۈمىدۋار، ئەستايىدىل ھالدا ئۆز ئىشىنى داۋاملاشتۇردىكى، كىشىلەر ئۇنىڭغا قايىل بولماي تۇرالمىدى. كىشىلەر دائىم ئۇنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغانلىقىنى، ھەر قانداق كىشىگە ناھايىتى قىزغىن، ئوچۇق - يورۇق مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى. ئۇ ھازىرغا قەدەر مۇشۇ خىل مىجەز بىلەن تىنىم تاپماي ئىشلەپ، ئاددىي - ساددا ئەمما ئەركىن - ئازادە، ئوچۇق - يورۇق ياشاپ، تەتقىقاتىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. تاشقى مۇھىتنىڭ بېسىمىغا ئۇچرىمايدىغان، ناھايىتى ئاز سانلىق ئادەملەردىلا بولىدىغان، خۇددى تاشقا ئوخشاش مەزمۇت، بەردەم، سوغۇق قان بۇ خىل خاراكتېر ئابدۇللا قادىرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى ئەڭ مۇھىم ئەڭگۈشتەر ئىدى.

1999 - يىلى 7 - ئايدا، ئابدۇللا دۆلەتلىك ئاۋىئاتسىيە مۇزېيىنىڭ تەكلىپى بىلەن بېيجىڭغا بېرىپ، بۇ يەردە مۇزېيغا قويۇلغان شەخسلەر ياسىغان بىردىنبىر ئايروپىلاننى، ئاز سانلىق مىللەتلەر تۇنجى ياسىغان ئايروپىلاننى، يەنى ئۆزىنىڭ ئايروپىلانىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. مۇزېيدىكىلەر ئۇنىڭغا، ئېكسكۇرسىيىچىلەرنىڭ بۇ ئايروپىلاننى بىر ئۇيغۇرنىڭ ياسىغانلىقىنى بىلگىنىدە ھەيران قالغانلىقىنى، ئۇ-



نىڭ نامىنىڭ تارىخ بېتىگە پۈتۈلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئابدۇللا قادىر مۇشۇنداق ئەھۋالدا يەنىمۇ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، خەلقىنىڭ ئۆزىنى ئۇلۇغلىغانلىقىغا، ھۆرمەتلىگەنلىكىگە ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش ئىرادىسىگە كەلدى. ئۇ بۇ جەھەتتە قاتتىق ئويلىنىپ، شىنجاڭنىڭ جۈملىدىن تۇرپاننىڭ ئەمەلىيىتىگە ماس كېلىدىغان، ھەم يېزا ئىگىلىكىگە، ھەم ساياھەتچىلىككە ئىشلەتكىلى بولىدىغان، ئىلگىرى ياساپ مەلۇم باسقۇچقا ئاپىرىپ قويغان «تۇرپان 2 - نومۇرلۇق» ئايروپىلاننى ياساش، ھەممە كىشى قايىل بولغۇدەك تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇچۇش قارارىغا كەلدى.

# بېسىمدىن تاۋلانغان ئىرادە

ئەلۋەتتە، ئايروپىلاننى مۇزېيغا قويۇپ قويۇش بىلەنلا ئىش پۈتمەيتتى. ئابدۇللا قادىر ئۆزىمۇ «بىر قېتىملىق مۇۋەپپەقىيەت مەڭگۈلۈك مۇۋەپپەقىيەتتىن دېرەك بەرمەيدۇ. قانچىلىك بەدەل، قۇربان بېرىشتىن قەتئىينەزەر، ھەممە كىشى قايىل بولىدىغان، تېخىمۇ يىراققا، يەنىمۇ ئېگىزگە ئۇچالايدىغان ئايروپىلاننى ياساپ چىقالىشىم كېرەك» دەپ ئويلايتتى. شۇ نىيەتكە كەلگەن ئابدۇللا قادىر ئىككىنچى ئايروپىلاننى ياساشقا تۇتۇش قىلدى. ئۇ ئەمدىلا تۆلەپ بولغان 35 مىڭ يۈەن قەرزنىڭ ئۈستىگە ئۆز مەكتىپى ۋە بانكىدىن، دوستلىرىدىن بولۇپ يەنە 30 مىڭ يۈەن قەرز ئېلىپ ئىشقا كىرىشتى، ئالدى بىلەن نۇرغۇن ئۇقۇشۇش، ئالاقىلىشىش ئارقىلىق، 25 مىڭ يۈەنگە بىر دانە ئايروپىلان ماتورى سېتىۋالدى. ئەر - ئايال ئىككىسىنىڭ مائاشى ئارانلا 1000 يۈەندىن ئاشىدىغان، مۇشۇ مائاش بىلەن ئالتە جانلىق بىر ئائىلىنى باقىدىغان ئابدۇللا قادىر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ يەنە بىر قېتىملىق زور ئىقتىسادىي بېسىم ئىدى. ئابدۇللا قادىر چىشىنى تېخىمۇ مەھكەم چىشلەپ، تاشقى مۇھىتنىڭ ھەر قانداق تەسىرى بىلەن كارى بولماي، ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇپ كەتتى. ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا سارىيىدىن جۇرئەت ئەپەندىم، ئۈرۈمچى شۇيمىگۇ رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەتچىسى، ئۈرۈمچى ئاۋئاتسىيە كۇلۇبىنىڭ مەسلىھەتچىسى جىن لياڭ ئەپەندى قاتارلىق كىشىلەر ئابدۇللا قادىرنىڭ روھىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭ ماتېريال



سېتىۋېلىش، ئالاقىلىشىش ئىشلىرىغا يېقىندىن ياردەم بەردى. جۇرئەت ئەپەندىم ئۇنىڭغا ئىشتىن چىققان چوڭ پىلانېردىن بىر نەچچىنى ھەقسىز تەقدىم قىلدى.

ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئۈزلۈكسىز بېسىپ كېلىۋاتقان تەتقىقات خىراجىتى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئابدۇللا قادىر دوستلىرى ۋە ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن «تۇرپان ئاۋئاتسىيە كۇلۇبى» قۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىپ، تەستىقلاشقا ئېرىشتى، شۇنداقلا دەسلەپكى قەدەمدە ئاۋئاتسىيە كۇلۇبىنىڭ ئورنى، كۆلىمى، ساياھەت لىنىيىسى قاتارلىقلارنى بېكىتىپ، سىخېمىسىنى سىزىپ چىقتى. ئۇنىڭ پىلانى بويىچە ئاۋئاتسىيە كۇلۇبىنىڭ ئورنى ئىدىقۇت تېغىنىڭ باغرىدىكى سىرلىق بۇلاقنىڭ تەخمىنەن بىر چاقىرىم جەنۇبىدا بولۇپ كۆلىمى 100 مو ئەتراپىدا بولسا بولاتتى.

ئۇ ئاۋئاتسىيە كۇلۇبى ۋە كۇلۇب ئارقىلىق يولغا قويۇلىدىغان تۈرلەرنى ئويلىغىنىدا بىردىنلا ھاياجانلىنىپ، كۆز ئالدىدا گۈزەل بىر مەنزىرە نامايان بولدى. نەچچە كېچە كىرپىك قاقماي، كۇلۇبىنىڭ ئىستىقبالى ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلىدى. «تۇرپان تارىخى ئۇزۇن، قەدىمكى مەدەنىيەتلىك يۇرتلارنىڭ بىرى، - دەيتتى ئابدۇللا قادىر ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ، — شۇڭا ئالىملار تۇرپاننى ‹ئۈستى ئوچۇق مۇزېي› دەپ ئاتايدۇ. تۇرپاندا مەملىكەت، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىدىنلا ئون نەچچىسى بار. نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە بولغان يارغول قەدىمكى شەھىرى، ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرى، بېزەكلىك مىڭئۆيى، ئاستانە قەدىمكى قەبرىستان-

لىقى، ئۇيغۇر مېمارچىلىقىنىڭ يۈكسەك ئابىدىسى بولغان
سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى، تۇرپان خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى-
نىڭ جەۋھىرى، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى تارىخىدىكى مۆ-
جىزە كارىزلار، قويۇق رىۋايەت تۈسىگە، ئاجايىپ ساماۋى
كۆرۈنۈشكە ئىگە بولغان، يېلىنجاۋاتقان مەشئەلگىلا ئوخشاي-
دىغان ئىدىقۇت تېغى، جەننەت كەبى ساپ ھاۋالىق، گۈزەل
مەنزىرىلىك بۈيلۈق قاتارلىقلار دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا
مەشھۇر بولغاچقا، يىللاردىن بۇيان بۇ جايلار نەچچە ئون
مىڭلىغان، يۈز مىڭلىغان ساياھەتچىنى كۈتۈۋېلىۋاتىدۇ.
تۇرپان ۋىلايىتىمۇ بۇ ئەۋزەللىكتىن پايدىلىنىپ، ساياھەتچى-
لىكنى تۈۋرۈك كەسىپ قىلىپ بېكىتىپ، ساياھەت مۇھىتى-
نى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، ساياھەتچىلىكنى كىرىمنى ئاشۇ-
رۇشتىكى ئاساسلىق مەنبەگە ئايلاندۇردى. يەنە تۇرپاننىڭ
ئۈزۈمى، قوغۇنى، پاختىسى دۇنياغا داڭلىق. بۇ ھەقتە چىڭ
سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن بىر شائىر:

ياپيېشىل تەك شۇڭلىرى لەمپىنى لىق قاپلىغان،
سانجاق - سانجاق ئۈنچە - مارجان مەرۋايىتتەك چاقنىغان.
ئۈزۈمى تاتلىق ئىكەن لىزىنىڭمۇ تەمىدىن،
غەربىي يۇرتتا ھەممە مىللەت مۇشۇ تەمنى ساقلىغان.

دەپ يازغان. دېمەك، مەن ئاۋئاتسىيە كۇلۇبىنى رەس-
مىي ئىشقا كىرىشتۈرۈپ، ئايروپىلاندا ھاۋا بوشلۇقى لىنى-
يىسى ئاچالىسام، ‹ ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز › قويغاندەك
تۇرپاننىڭ ساياھەتچىلىكىگە يېپيېڭى بىر مەزمۇن قوشۇل-
غان، تۇرپاننى دۇنياغا تونۇتۇش جەھەتتە بىر كىشىلىك
ھەسسە قوشۇپ، ئەجدادلىرىمغا ھەقىقىي يۈز كېلەلىگەن بو-
لاتتىم. »



يۇقىرىقىلارنى ئويلىغان ئابدۇللا قادىر قۇرۇلغۇسى ئا-
ۋىئاتسىيە كۇلۇبىدىن تۆۋەندىكى بىر قانچە تۈرلۈك ساياھەت
لىنىيىسىنى لايىھىلەپ چىقتى: 1. ئاۋئاتسىيە كۇلۇبىدىن
دېڭىز يۈزىدىن 154 مېتىر تۆۋەن بولغان ئايدىڭكۆلگە ئايرو-
پىلان ئارقىلىق بېرىپ، ساياھەت قىلىدىغان لىنىيە. بۇ ئەڭ
ئۇنۇملۇك لىنىيە بولۇپ، تارىختىن بۇيان سىرلىق ئايدىڭ-
كۆل دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەرنى
جەلپ قىلىپ كەلدى. لېكىن، ئايدىڭكۆل يىراق چۆلنىڭ
ئوتتۇرىسىدا، ئەتراپ پۈتۈنلەي شورلۇق بىلەن قاپلانغان بول-
غاچقا، بۇ يەرگە بارىدىغان ئاسفالىت يول يوق بولۇپ، ناھا-
يىتى ئاز ساندىكى زىيارەتچىلەرلا، مەخسۇس ماشىنا بىلەن
كېلىپ، نۇرغۇن رىيازەتلەرنى چېكىپ، بۇ كۆلنى كۆرۈش
شەرىپىگە مۇيەسسەر بولالايتتى. ئەگەر ئايدىڭكۆلگە بارىدىغان
ھاۋا يولى ئېچىلسا، ساياھەتچىلەر ئۇچۇن ئاجايىپ زور قۇ-
لايلىقلارنى ئېلىپ كېلەتتى.

2 . ئايروپىلان بىلەن يارغول قەدىمكى شەھىرىنى سايا-
ھەت قىلىش لىنىيىسى، پىچان كۆكيار سۇ ئامبىرىنى،
قۇمتاغ باغچىسىنى، تۇرپاندىكى بۈيلۈقنى، ئىدىقۇت قەدىمكى
شەھىرىنى، بېزەكلىك مىڭئۆيىنى، كۆيۈۋاتقان تاغ دەپ تە-
رىپلىنىدىغان ئىدىقۇت تېغىنى، يەر ئاستى سەددىچىن سېپى-
لى دەپ ئاتىلىدىغان كارىزنى ساياھەت قىلىش لىنىيىسى
قاتارلىقلار.

ئۇنىڭدىن باشقا ئابدۇللا قادىر يەنە ئاۋئاتسىيە كۇلۇبى-
نى مەركەز قىلىپ، تۇرپاننىڭ دەل - دەرەخلىرى، تەك
مەيدانلىرىغا ئايروپىلان ئارقىلىق دورا چېچىش ئارقىلىق،
زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش، پېزا - ئىگىلىكىنى

تەرەققىي قىلدۇرۇش، تۇرپان ۋىلايىتى بۇ ئىش ئۈچۈن ھەر
يىلى سەرپ قىلىدىغان نەچچە ئون مىڭ يۈەن پۇلنى تېجەپ
بېرىشنى پىلان قىلدى. ئۇ بۇ پىلانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش
ئۈچۈن يەنە باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەن 50 مىڭ يۈەن قىمـ
مەتتىدىكى پلانىر ئەكەلدۈردى.

ئابدۇللا قادىرنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرى ۋە تەتقىقاتى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىر قىسىم گېزىت ـ ژۇرنال ۋە تېلېۋىـ
زىيە ئىستانسىلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ھەر قايسى
مەتبۇئاتلاردا ئابدۇللا قادىر ھەققىدە «كۆكتە پەرۋاز
قىلىش»، «ئەرشكە سەپەر»، «ئۇلۇغۋار ئىرادە»، «كۆككە
باغلانغان مۇھەببەت»، «ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆزلىرى ياـ
ساپ ئۇچقان تۇنجى ئايروپىلان» دېگەن تېمىلاردا خەۋەر، ماـ
قالىلەر ئېلان قىلىندى. كىشىلەر جاي ـ جايلاردىن نەچچە
ئون كىلومېتىر، ھەتتا نەچچە يۈز، نەچچە مىڭ كىلومېتىر
يىراق جايلاردىن كېلىپ، ئابدۇللا قادىرنى زىيارەت قىلىشـ
تى، ئۇ ياسىغان ئايروپىلاننى كۆزلىرىگە سۈرتۈشتى. ئابـ
دۇللا قادىر بۇ كۆرۈنۈشلەردىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، ئۆزىـ
نى ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن ـ تېخنىكا ئۈلگىسى بولۇش
ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشقاندەك ھېس قىلدى. بىراق، «بىر
كۈلكىنىڭ بىر يىغىسى بار»، «يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگـ
سە، بۇرنى قاناپتۇ» دېگەندەك ئابدۇللا قادىرنىڭ بۇ خۇشلۇقى
ئۇزۇنغا بارمىدى...

قاش قارايغان چاغدا مەكتىپىدىكى خىزمىتىنى ئاخىرـ
لاشتۇرۇپ، ئۆيىگە قايتقان ئابدۇللا قادىر مۇنار يولىنىڭ
بويىغا توختىتىپ قويغان پلانىرىنىڭ كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىپ
كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قالدى. «بۇ



ئىشنى زادى كىم قىلغاندۇ؟ تاسادىپىي بولغان ئىشمىدۇ ياكى
بىر كىم مەقسەتلىك زىيانكەشلىك قىلغانمىدۇ؟» ئۇ مۇشۇنـ
داق گادىرماش خىياللار بىلەن بۇ يەردە قانچىلىك تۇرۇپ
قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى.

ئۇنىڭ ھويلىسىدا، ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا پلانىرنى قويغۇـ
دەك بوش ئورۇن يوق ئىدى. ئابدۇللا قادىر كېيىنرەك
قورۇسىغا ئىككى ئېغىز ئۆينى كۆپەيتىپ سالغان بولسىمۇ،
كىتابىمىزنىڭ بېشىدا ئېيتقىنىمىزدەك بۇ ئۆيلەر تەتقىقات
سايمانلىرى بىلەن لىق تولۇپ كەتكەنىدى. ئايروپىلان ئۇسـ
كۇنىلىرى يەنە ئۇنىڭ قورۇسىدىكى تەك بارىڭىلىرىنىڭ ئاسـ
تى، باغ ـ ھويلىلىرى، ئۆگزىلىرىنىمۇ ئىگىلەپ بولغان
ئىدى. ئۇ كەنت كومىتېتىغا مۇنار يولى بويىدىن بەش پۇڭ
يەر تەستىقلاپ بېرىشنى، بۇ يەردىكى تەكلەرگە زەخىم يەتـ
كۈزمەي، تەك بارىڭىنى ئېگىز قىلىپ، ئاستىغا ئايروپىلان
قويىدىغانلىقىنى ئىلتىماس قىلغان بولسىمۇ، ھەر بىر نوـ
پۇسقا ئاران بەش پۇڭدىن يەتتە پۇڭغىچە يەر توغرا كېلىدىغان
بۇ كەنتتە ئارتۇق يەر ھەل قىلىش شەھەر ئېلىشتىنمۇ مۇشـ
كۈل ئىش ئىدى. ھەممە يەر ئۆزۈملۈك باغقا ئايلىنىپ
كەتكەن بۇ يېشىل ماكاندا ئۇنىڭ پلانىرىغا ئورۇن چىقمىغاچـ
قا، ئۇ ئامالسىز بۇ «ئەتىۋارلىق جانىۋىرى» نى يول بويىغا
قويۇشقا مەجبۇر بولغانىدى. مانا ئەمدى...

تولا ئويلاپ باشلىرى ئاغرىپ كەتكەن ئابدۇللا قادىر
ئۈمىدىنى قانۇن ئورۇنلىرىغا باغلاپ، بۇ دېلونى مۇناسىۋەتـ
لىك ج خ تارماقلىرىغا مەلۇم قىلدى، بىراق ئۇ قانچە
قاتىرىغان بولسىمۇ، ھېچقانداق دەلىل ـ ئىسپات بولمىغاچقا،
بۇ دېلو بىر سىر پېتى قېلىۋەردى. بانكىدىن قەرز ئېلىپ

ئايروپىلان ياساۋاتقان ئابدۇللا قادىرغا نىسبەتەن 50 مىڭ يۈەنلىك «تەييار ئايروپىلان» نىڭ كۆيۈپ كېتىشى ئېغىر زەربە بولدى.

شۇ ئارىدا ئۇنىڭ «ئاۋىئاتسىيە كۇلۇبى قۇرۇش» پىلانىمۇ سۇغا چىلاشتى. ئابدۇللا قادىر تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ «ساياھەتچىلىكنى ئېچىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىش» چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ ئايروپىلاندا ساياھەت قىلىش تۈرىنى ئېچىش ئۈچۈن ئىدىقۇت تېغى ئەتراپىنىڭ يەر، ھاۋا رايى، سۇ رايى ئەھۋاللىرىنى ئىگىلەپ، تاغنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىلىرىغا بىر قانچە قېتىم چىقىپ، تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن ئاخىرى تاغ باغرىدىكى تاشلىق يەرنى ئاۋىئاتسىيە كۇلۇبىنىڭ ئورنى قىلىپ تاللىغانىدى. ئۇ ئۆز خىيالىدا مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ئەسىرلەردىن بۇيان ئۇيقۇدا ياتقان بۇ تاشلىق سايىنى رەسمىيەت ھەققى ئېلىپلا ئاجرىتىپ بەرسە، بانكىدىن يەنە قەرز ئېلىپ، ئاساسىي قۇرۇلۇشنى تاماملاپ، ئايروپىلان ياساشتا ئىشلەتكەن ئۈسكۈنىلەرنى، تەييار پىلانېرنى، ياساۋاتقان «تۇرپان 2 ـ نومۇرلۇق» ئايروپىلاننى بۇ يەرگە قويماقچى بولغان، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ئالاقىلىشىپ قويغان 150 مىڭ يۈەنلىك كىچىك تىپتىكى ئايروپىلاننى ئەكەلدۈرۈپ، ھاۋا بوشلۇقى ساياھىتىنى يولغا قويماقچى بولغانىدى. ساياھەت تارماقلىرىمۇ ئۇنىڭ بۇ تۈرىنى قىزغىن قوللاپ، نەق مەيدانغا بېرىپ، ئورۇننى تاللاشقا قاتناشقانىدى. بىراق، يەرنىڭ رەسمىيىتىنى بېجىرىدىغان چاغدا بىردىنلا بۇ يەرنىڭ ئىگىسى جىق چىقىپ كەتتى. سايلىقتا قاغجىراپ ياتقان بىكار يەر ئەمدى بىردىنلا «ئالتۇن كان» غا ئايلاندى. مۇناسىۋەتلىك تارماقلاردىكى بىرەيلەن، ھەتتا مەنىلىك قىلىپ: «10



مىليون يۈەن پۇلىڭىز بارمۇ» دەپ سوراپ قويىدى. ئابدۇللا قادىر شۇندىلا ئاۋىئاتسىيە كۇلۇبى قۇرۇشنىڭ، بولۇپمۇ ھۆكۈمەت تارماقلىرى بىلەن بولىدىغان رەسمىيەتلەرنى بېجىرىشنىڭ نەقەدەر تەسلىكىنى، قىيىنچىلىقلارنىڭ نەقەدەر كۆپلۈكىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭدا 10 مىليون تۇرماق، 10 مىڭ يۈەن پۇلمۇ نەدە تۇرۇپتۇ؟ ئاخىرى ئابدۇللا قادىر ئاللىقاچان تەستىقلىنىپ بولغان، لېكىن يەر رەسمىيىتىنى بېجىرىش بەسى مۈشكۈل بولغان ئاۋىئاتسىيە كۇلۇبى قۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ تۈردىن قول ئۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. لېكىن، بۇ ئوڭۇشسىزلىقلار ئابدۇللا قادىرنىڭ «تۇرپان 2 ـ نومۇرلۇق» ئايروپىلاننى ياساش ئىرادىسىنى قىلچە تەۋرىتەلمىدى.

ھېچقانداق تەجرىبىخانىسى، مۇكەممەل سايمىنى يوق ئابدۇللا قادىر يەنە بىر نەچچە ئاي ھەپىلىشىپ، «تۇرپان 2 ـ نومۇرلۇق» ئايروپىلاننى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتۈرۈپ، سىناق قىلدى. لېكىن، ئايروپىلان ئۇچمىدى. ئۇ ئىنچىكە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، رولىنىڭ پىشاڭ ھالىتىنىڭ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلمىغانلىقىنى تېپىپ چىقىپ، ئۆزگەرتىپ قايتا سىناق قىلدى. ئايروپىلان قايتا رېمونت قىلىنىپ، ئېگىزلىكى 2.5 مېتىر، ئېغىرلىقى 300 كىلوگرام، ئىككى قاناتنىڭ ئۇزۇنلۇقى 14.5 مېتىر، لايىھىلىنىشتىكى سۈرئىتى 80 ـ 110 كىلومېتىر، شوپۇر بىلەن ھېسابلىغاندا ئۈچ ئادەم سىغىدىغان «تۇرپان 2 ـ نومۇرلۇق» ئايروپىلان رەسمىي ۋۇجۇدقا كەلدى.

# «سېنىڭ ئۇچقىنىڭ بىر مۆجىزە»

1997 - يىلى ئۆكتەبىرنىڭ باشلىرى، ئۈرۈمچى - تۇرپان تاشيولىدا بىر بولكىۋاي ماشىنا ئۇچقاندەك كېتىپ بارماقتا ئىدى. بولكىۋايدىكى كىشىلەرنىڭ چىراي - شەكلى، كىيىنىشلىرى، ئاقىرىشقا باشلىغان، شالاڭلاپ قالغان چاچلىرىدىن ئۇلارنىڭ مەلۇم ساھەدىكى ئىلىم ئەھلىلىرىدىن ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. بولكىۋاي ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىپ، داۋانچىڭ غول ئېغىزىدىن چىقىپ تۇرپان تەرەپكە قايرىلغاندا بولكىۋاينىڭ ئىچى ئىسسىشقا باشلىدى. ئۆكتەبىر ئېيى كىرىپ قالغان بولسىمۇ، ئىدىقۇت دىيارىنىڭ ھارارەتلىك قۇياشى يەنىلا سېخىيلىق بىلەن نۇر چېچىۋاتقان بولۇپ، بۇ زېمىن خۇددى «ئوت يۇرتى» دېگەن نامىنى نامايىش قىلماقچى بولغاندەك مېھمانلارنى ئۆزىنىڭ قىزىق تەپتى بىلەن قارشى ئالدى. مۈگدەپ بېسىپ ئولتۇرغان مېھمانلارمۇ تۇرپانغا يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىشىپ، ئەتراپتىكى مەنزىرىلەرگە نەزەر تاشلاشقا باشلىدى. بۇ ۋاقىتتا مېھمانلارنىڭ روھىي - ھالىتىنى سەزگەن، بۈگۈنكى سەپەردە يول باشلاپ كېتىۋاتقان جىن لياڭ ئەپەندى كېكىرتىكىنى قىرىپ قويۇپ گەپ باشلىدى. جىن لياڭ ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەتچىسى بولۇپ، ئۇ ئۆزىدىكى ئۈستۈنلۈككە ئاساسەن بوش ۋاقىتلىرىدا ئۈرۈمچى ئاۋىئاتسىيە كۇلۇبىنىڭ مەسلىھەتچىلىكىنى ئۆتەپ كېلىۋاتقان، چىرايىدىن زېرەكلىكى چىقىپ تۇرىدىغان ئارا بوي، سىمىزرەك كەلگەن كىشى ئىدى:



— تۇرپان ۋىلايىتى يېزا - ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان، ساياھەتچىلىكتە ئېچىۋېتىلگەن رايون. تۇرپان ۋىلايىتىگە ئىككى ناھىيە، بىر شەھەر، يەنى تۇرپان شەھىرى، پىچان، توقسۇن ناھىيىلىرى قارايدۇ. تەخمىنەن 550 مىڭ ئاھالىسى بار بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئاساسىي سالماقنى، خەنزۇ، خۇيزۇلار مەلۇم نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. تۇرپان قەدىمدىن تارتىپ يىپەك يولىدىكى مۇھىم ئۆتەڭ بولۇش سۈپىتى بىلەن شىنجاڭ رايونىنىڭ مەدەنىيەت، سىياسىي، ئىقتىساد مەركىزى بولۇپ كەلگەن.

جىن لياڭ مېھمانلارنىڭ ئەستايىدىل ئاڭلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بىز زىيارەت قىلماقچى بولغان ئابدۇللا قادىر ئۇيغۇر مىللىتىدىن بولۇپ، ئۇيغۇر مىللىتى مەملىكىتىمىزدىكى 56 ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ئىچىدىكى تارىخى ئۇزۇن، مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئابدۇللا قادىر تۇرپاندا تۇغۇلۇپ، خەنزۇ تىلى، ئىنگلىز تىللىرىنى پىششىق ئۆگەنگەن، ئۆزلۈكىدىن ئايروپىلان تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، زور نەتىجىگە ئېرىشكەن ئىستېبداتلىق پەن - تېخنىكا خادىمى. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ ئاۋىئاتسىيە تېخنىكىسىغا قىزىقىپ، 1986 - يىلىدىن باشلاپ رەسمىي تەتقىقاتقا كىرىشكەن. 11 يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، 40 قېتىمغا يېقىن سىناق قىلىش ئارقىلىق نۇرغۇن مەغلۇبىيەتلەرنى يېڭىپ، ئاخىرى «تۇرپان 1 - نومۇرلۇق» ئايروپىلانىنى ياساپ پۈتتۈرگەن. بۇ ئايروپىلاندا رەسمىي ئۇچقاندىن كېيىن ئايروپىلاننى شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىگە قىلىنغان سوۋغا سۈپىتىدە دۆلەت ئاۋىئاتسىيە مۇزېيخانىسىغا تەقدىم قىلغان.

بۈگۈن بىز ئابدۇللا قادىر ياساپ پۈتتۈرگەن «تۇرپان 2 - نومۇرلۇق» ئايروپىلاننى كۆرگىلى بارىمىز.

جىن لياڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان مېھمانلار قىزغىن چاۋاك چېلىشىپ، «ياكىشى»، «ئوكېي» دەپ كېتىشتى.

بۇ مېھمانلار ئەسلىدە مەملىكەتلىك پلانىر تەتقىقاتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن مەملىكەتنىڭ ئىچى، سىرتىدىن شىنجاڭغا يىغىلغان مۇتەخەسسىسلەر بولۇپ، ئۇلار يىغىننى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۈرۈمچى ئاۋىئاتسىيە كۇلۇبىنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كۆچۈرگەن ئىدى. بۇ يەردە ئۇلار تۇرپانلىق بىر ئۇيغۇرنىڭ ئايروپىلان ياسىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئالايىتەن ئۇنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن تۇرپانغا كەلگەنىدى. بۇ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىچىدە ياپونىيىلىك ۋە سىنگاپورلۇق ئالىملارمۇ بار ئىدى.

مېھمانلار تۇرپانغا كېلىپ، چۈشلۈك تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن ئالدىراپ - تېنەپ بىر قانچە ساياھەت، مەدەنىيەت يادىكارلىق نۇقتىسىنى كۆردى - دە، چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچلەر بىلەن سەئىد دېھقان نامى بىلەن ئاتىلىدىغان كونا ئايرودرومغا كەلدى. بۇ يەردە ئابدۇللا قادىر ئۇلارغا ماھارەت كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن تەقمۇ تەق بولۇپ تۇراتتى. ئالىملار ئالدىدا تۇرغان قارا چاچ، قارا كۆز، ئارابوي، ئورۇقراق كەلگەن، چاچلىرى تەبىئىي ھالدا بۇدۇرە بولۇپ چىرايىدا ئىللىق كۈلۈمسىرەش ئەكس ئېتىپ تۇرغان ئۇيغۇر ئوغلىنى، ئۇ ياسىغان كۆركەم ئايروپىلاننى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى ۋە ئۇنىڭ ئۇچۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. دەل مۇشۇ مىنۇتلارنى كۈتۈپ تۇرغان ئابدۇللا قادىر قىلچە ھو-



دۇقماستىن ئايروپىلاننىڭ بۆلمىسىگە چىقىپ، ھېچقانداق ئالاقىلىشىش، بىخەتەرلىك ئۈسكۈنىلىرى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا موتورنى ئوت ئالدۇردى - دە، ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. خېلىدىن بېرى ئىشەنمەسلىك پوزىتسىيىسىدە بولۇپ تۇرغان ئالىملار بۇ مۆجىزىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز چاۋاك چېلىپ كېتىشتى. ئابدۇللا قادىر 60 مېتىر ئېگىزلىككە چىقىپ، 5 كىلومېتىر دائىرىدە ئىككى قېتىم ئايلاندى - دە، بىخەتەر يەرگە قايتىپ چۈشتى. مېھمانلار يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ، ئابدۇللا قادىرنىڭ قولىنى چىڭ قىسىقىنىچە، ئۇنىڭغا كەينى - كەينىدىن ئاپىرىن ئوقۇشتى. ئايروپىلاننى تەپسىلىي كۆرۈپ، تەكشۈرۈپ بۇ ئايروپىلانغا يۇقىرى باھا بەردى. مېھمانلارنىڭ ئارىسىدىكى ئوتتۇرا ياشلىق بىر مۇتەخەسسىس مېھمانلارغا ۋاكالىتەن ھاياجان ئىلكىدە سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى:

— بىز بۈگۈن شۇنچە يىراق جايدىن كېلىپ بۇ ھەمراھىمىز بىلەن ئۇچراشتۇق، ئەمەلىيەتتىن مەلۇم بولدىكى بىزنىڭ قەدىمىمىز بىكارغا كەتمەپتۇ. ئابدۇللا ياسىغان بۇ كىچىك تىپلىق ئايروپىلان دۆلىتىمىزدە ھازىر بار بولغان مۇشۇ تىپتىكى ئايروپىلانلارنىڭ ئۆلچىمىگە يېقىنلاشقان. ئايروپىلاننىڭ ھەجمى، كۆتۈرۈش كۈچى، ماتېرىيال ۋە تېخنىكا قۇرۇلمىسى ھەقىقەتەن ئۆلچەملىك لايىھىلەنگەن بولۇپ، ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش سۈرئىتى، ئېگىزلىكى ۋە تېزلىكىمۇ بىز ئويلىغاندىن كۆپ ئېشىپ كېتىپتۇ. ئادەتتە دۆلەت بىر ئۇچقۇچىنى تەربىيىلەش ئۈچۈن 30 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل چىقىم قىلىدۇ. لېكىن، ئابدۇللا قادىر ھېچقانداق ئۇستا كۆرمىگەن، تەربىيىلەنمىگەن، پەقەت ئۆزىنىڭ

ئىرادىسى، تېخنىكىسىغا تايىنىپلا، ئۇچۇش ماھارىتىنى ئۇ-
نۇملۇك ئىگىلىۋالغان، بۇنى ھەقىقەتەن بىر مۆجىزە دېمەي
بولمايدۇ. تەكشۈرۈپ كۆرۈشىمىزچە ئايروپىلاننىڭ چوقۇم
بولۇشقا تېگىشلىك ئۈسكۈنىلىرىدىن رادار، شامال يۆنىلى-
شىنى كۆرسىتىش، تېزلىكنى كۆرسىتىش ئەسۋابلىرى، ئې-
گىزلىك، سۈرئەت، ۋاقىت، يۆنىلىشنى كۆرسىتىش ئۈس-
كۈنىلىرىنىڭ بىرىمۇ يوق ئەھۋالدا بۇنداق ئېگىزلىك، بۇن-
داق تېزلىكتە بىخەتەر ئۇچۇش كەمدىن - كەم كۆرۈلىدىغان
ئىش. بۇ ئالاھىدە تېخنىكىنىڭ، تەبئىي سەزگۈنىڭ، قەيسەر
روھنىڭ خاسىيىتى. مەن بارلىق مۇتەخەسسىسلەرگە ۋاكالە-
تەن ئابدۇللا قادىرنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن، يۇقىرىقى ئۈس-
كۈنىلەرنى تولۇقلىغاندىن كېيىن بۇ ئايروپىلاندا رەسمىي
ئۇچسا بولىدۇ، دەپ قارايمەن، شۇنداقلا ئابدۇللا قادىرنىڭ
بۇنىڭدىن كېيىنكى يىغىنلىرىمىزغا قاتنىشىشىنى تەكلىپ
قىلىمەن.

دەرھەقىقەت بۇ مۇتەخەسسىسنىڭ ئېيتقىنىدەك، ئاب-
دۇللا قادىر ھېچقانداق تەربىيە كۆرمەيلا ئۇچۇشنى ئۆگىنى-
ۋالدى، بۇنى ھەقىقەتەن بىر كارامەت دېيىشكە بولىدۇ.
ئادەم تۇغۇلغاندىن باشلاپ ئەتراپتىكى قېرىنداشلىرىنىڭ تەر-
بىيىلىشى، ئۆگىتىشى بىلەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنى-
دۇ، ھەتتا بوۋاق بالا تەمتىلەپ مېڭىشنىمۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ
تەربىيىسىدە ئۆگىنىدۇ. تەنھەرىكەتچىلەر ئات مىنىشنى، ۋې-
لىسىپىت مىنىشنى مەشقاۋۇللارنىڭ تىنىماي تەربىيىلىشى
ئارقىسىدا پۇختا ئىگىلەپ بارىدۇ. دارۋازلارمۇ ئۇستىلىرى-
نىڭ ئارقىسىدا بىر قانچە يىل يۈرۈپ ئاندىن دار ئۈستىدە
مېڭىشنى ئىگىلىيەلەيدۇ. بۇ يەردە بىزنىڭ يېزىۋاتقىنىمىز



ۋېلىسىپىت مىنىش ياكى ئاپتوموبىل ھەيدەش ئەمەس بەلكى
ئاسماندا ئۇچۇش. ۋېلىسىپىت ياكى ئات مىنىپ مەغلۇپ
بولسا، يەرگە يىقىلىدۇ. تازا يامان ئاقىۋەت يۈز بەرگىنىدە
ئېغىر يارىلىنىش مۇمكىن. لېكىن، ئاسماندا ئۇچۇشتا غەلى-
تە قىلىشقىلا بولمىدۇكى، باشقا تاللاش يولى يوق، مەغلۇپ
بولسا، كۆتۈپ تۇرغىنى پەقەت ئۆلۈمدىنلا ئىبارەت. ئۇچۇش
ئەڭ يۇقىرى تېخنىكا، ماھارەت تەلەپ قىلىنىدىغان مەشغۇ-
لات بولغاچقا، ئۇنىڭغا قويۇلىدىغان تەلەپ ئىنتايىن قاتتىق
بولۇپ، ئادەتتە دۆلەت تەربىيىلەيدىغان باش ئۇچقۇچىلارمۇ
نەچچە ئون مىلك يۈەن پۇل، نەچچە يىل ۋاقىت سەرپ قىلى-
نىپ قاتتىق تەربىيىلەنگەندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۇچۇش پۇر-
سىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، سەھرا-
دا چوڭ بولغان ئابدۇللا قادىر بولسا، بۇنداق تەربىيىلەرنىڭ
شولىسىدىنمۇ بەھرىمەن بولالمىغان. بىراق، ئۇ بالىلىق
مەزگىلىدىن باشلاپلا «ئۇچۇش» تىن ئىبارەت بۇ گۈزەل
چۈشنىڭ ئىچىدە چوڭ بولغان. قەغەز ئۇچقۇلارغا، چىرايلىق
لەگلەكلەرگە، ياغاچ ئاتقا، ئۇچار گىلەمگە «ئولتۇرۇپ ئۇچ-
قان» . ئۇچۇۋېرىپ ئەجدادلىرىنىڭ يۈكسەك ئەقىل - پارا-
سىتى مۇجەسسەملەنگەن كۆپ كۆزلۈك چۈنجىلەرنىڭ، ياپيې-
شىل ئۈزۈم باراڭلىرىنىڭ، ھەيۋەتلىك سۇلايمان ۋاڭ مۇنا-
رىنىڭ ئۈستىدىن ھالقىپ ئۆتكەن. كېيىنرەك ئەقلى توشقان-
دا بولسا، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئەگرى قىلىچلارنى تۇتۇپ،
«ھۇررا» سادالىرىنى تۆۋلاپ ماڭغان يۈگۈرۈك ئاتلىرىنىڭ
ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ئۇچقان. ئاكا - ئۇكا رايتلارنىڭ ئاي-
روپىلانىنىڭ، «بوئىن - 747» تىپلىق ئايروپىلاننىڭ ئىزى-
نى بېسىپ ئۇچقانىدى. ئۇ چۈشىدىمۇ، ئويغىدىمۇ، بالىلىقى-

دىمۇ، ياشلىقىدىمۇ توختىماي ئۇچمۇەردى. ئۇنىڭ ئۇچۇش ئۇچۇش ئېھتىياجى بولمىسىمۇ ئۇچۇش يېگىلىق ئەمەس ئىدى، ئۇچۇش ئۇنىڭغا ئالىلقاچان ئۇدۇم بولۇپ كەتكەنىدى. شۇڭا، ئۇ تۇنجى قېتىم ئايروپىلا-نىنىڭ رولى ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ھاۋاغا كۆتۈرۈلگىنىدە، كۆ-زىنى ئاللىقاچان كۆكنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەندەك ھېس قىلدى. «كۆك، بىپايان ئاسمان. . . ئۇ-زاق ئىپتىدائىي دەۋرلەردىن باشلاپ، بىزنىڭ ئىنتىلىشى-مىزنىڭ، چوقۇنۇشىمىزنىڭ مەركىزى بولۇپ كەلدى. سىر-لىق كۆك قوينىدىكى ساماۋى تەڭرىگە، كۆك تەڭرىسىگە سىغىندۇق. بىزگە ھاياتلىق، ئاسايىشلىق ئاتا قىلىۋاتقان قۇياشقا، ئايغا، يۇلتۇزلارغا ئىتقىتىدا قىلدۇق. سىرلىق كۆك بىزنىڭ ئەڭ ئالىي غايىمىز، ئەڭ پاكىز تەلپۈنۈشىمىز بو-لۇپ كەلدى. مانا مەن ئاخىرى كۆكنى قۇچاغلاپ، كۆكنى سۆيۈپ ئۇچۇۋاتىمەن، قۇياش، يۇلتۇزلار بىلەن قول ئېلى-شىپ كۆرۈشۈۋاتىمەن، كۆك تەڭرىسى بىلەن پىچىرلىشىپ سۆزلىشىۋاتىمەن. بەلكىم بۇ تارىخىي بەخت ماڭا نېسىپ بولغاندۇ، بەلكىم ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق يىللاردىن كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا مۇشۇنداق بىر مۇقەددەس تارىخىي ۋەزىپىنى يۈكلىگەندۇ، بەلكىم بۇ ۋەزىپىنى مەن زىممەمگە ئالغاندۇر-مەن. . . » ئابدۇللا قادىر شۇنداق خىياللارنى سۈرەتتى. ئە-مەلىيەتتە ئۇچقىنى ئابدۇللا قادىر ئەمەس بەلكى بىر سىرلىق روھ، نەچچە مىڭ يىللىق تەلپۈنۈش، ساماۋىي جاسارەت ئىدى. . .

«ئايروپىلاننىڭ يۇقىرى پەن - تېخنىكىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىدەك ئەمەلىيەتتىن، سېنىڭ شۇنچە ئىپتىدائىي قو-راللار بىلەن ئۇچۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالايدىغان ئايروپى-



لانى ياساپ چىققانلىقىڭدەك پاكىتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا سې-نى شەكسىز ئاۋىئاتسىيە مۇتەخەسسىسى، پەن - تېخنىكا ئالىمى دېيىشكە بولىدۇ. ھېچقانداق بىخەتەرلىك تەدبىرى، زۆرۈر كۆرسەتكۈچ ئۈسكۈنىلىرى بولمىغان، ئۇچۇش تېخنى-كىلىق تەلىپىگە ئەسلا يەتمەيدىغان مۇشۇنداق ئايروپىلاندا ئۇچماقچى بولغانلىقىڭغا قاراپ سېنى بىر قارام تەۋەككۈلچى ئىكەن دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن، مۇشۇنداق ئايروپىلاندا سېنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇچقانلىقىڭنى، ھەتتا ئۇچۇش مەشغۇلاتىنى قايتا - قايتا غەلىبىلىك تاماملىغانلىقىڭنى ھە-قىقەتەن كەم ئۇچرايدىغان مۆجىزە، تەسۋىرلىگۈسىز تالانت-نىڭ، ئاجايىپ غەيۇرلۇقنىڭ، يوكسەك ئىرادىنىڭ نەتىجى-سى دېيىشكە بولىدۇ» . مانا بۇ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئابدۇللا قادىرغا بەرگەن باھاسى.

ئابدۇللا قادىر بۈگۈن چەكسىز بەختىيارلىق تۇيغۇسىغا چۆمۈلدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئون نەچچە يىل جاپالىق ئىزدە-نىش ئارقىلىق ياساپ چىققان ئايروپىلانى ئاخىرى مۇشۇ ساھەدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ، كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ مۇ-ئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى. ئۇنىڭغا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق خۇشاللىق، بەخت بولامدۇ؟ ئۇ گەرچە بۇ خىل ماختاشلارنى، مۇئەييەنلەشتۈرۈشلەرنى كۆپ ئاڭلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئالىملارنىڭ باھاسى ئۇنى ئۆزگىچە بىر خۇشاللىققا، خاتىر-جەملىككە، ئۆزىگە ئىشىنىش تۇيغۇسىغا ئىگە قىلغانىدى. چۈنكى، ئۇ ئايروپىلاندا تۇنجى قېتىم ئۇچقاندىلا بارلىق ئار-زۇ - ئارمانلىرى ئەمەلگە ئاشقاندەك ھېسسىياتتا بولغان بولسى-مۇ، يەنىلا كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدە غۇۋا بىر گۇمان، ئىككىلىنىش تۇيغۇسى بار ئىدى. «مېنىڭ ئايروپىلانىم ھە-

قىقىي ئايروپىلانغا ئوخشىغانمىدۇ، ئايروپىلان ھەيدىگەن
چاغدىكى تۇيغۇ مۇشۇنداق بولامدىغاندۇ» دېگەن سۇئاللار ئۇنى
قىينايتتى. ھەقىقىي كەسىپ ئەھلىلىرى ئۇنىڭ ئايروپىلانە-
نى بىرەر قېتىممۇ كۆرۈپ باقمىغاچقا، ئۇ يەنىلا ئۆز -
ئۆزىگە ئىشىنەلمەيتتى. مانا بۈگۈن ئۇ ئاۋىئاتسىيە ساھەسە-
دىكى پېشۋالارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. ھېلىقى ئا-
لىمنىڭ شەرت ئارىلاشقان «ئۇچۇشقا بولىدۇ» دېگەن سۆزى
ئۇنى قاتتىق ھاياجانلاندۇردى.

خوش، ئايروپىلان ئالىملارنىڭ باھالىشىدىنمۇ ئۆتتى،
ئەمدى رەسمىي بىر مۇراسىم قىلىپ، يەر - زېمىننى قايىل
قىلغۇدەك دەرىجىدە بىر ئۇچۇش كېرەكقۇ ئاخىر؟ شۇنداق
قارارغا كەلگەن ئابدۇللا قادىر دوستلىرى بىلەن مەسلىھەتلە-
شىپ، ئايروپىلاننىڭ زۆرۈر ئۈسكۈنىلىرىنى تولۇقلاشقا كە-
رىشتى. لېكىن، بۇنىڭ ئۈچۈن يەنە 30 مىڭ يۈەنگە يېقىن
پۇل كېتەتتى. پۇل، پۇل، پۇل . . . ھەممىنىڭ جاجىسى
پۇل. مەنىۋى بايلىقلىرى تولۇپ تۇرغان ئابدۇللا قادىرنىڭ
پۇلنىڭ گېپى چىقسىلا تىلى تۇتۇلۇپ قالاتتى. راست ئەمەس-
مۇ، نېمىدېگەن تەڭشەلمىگەن جاھان بۇ؟ ئابدۇللا قادىرنىڭ
ئۆزى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخىرلىك ئوغلى، ئۇ ياسىغان ئاي-
روپىلان مىللەتنىڭ مەنىۋى بايلىقى، ئۇنىڭدا مول بىلىم -
قابىلىيەت، يۇقىرى كىشىلىك ساپا، بەختلىك ئائىلە، ئېتىـ-
قادلىق دوست - بۇرادەر، جەمئىيەتتە بىر كىشىلىك نوپۇز
دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى تولۇق، بىراق پۇلى يوق. جەمئىيەتتە
پۇلى بارلارنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئادەمدە بولۇشقا تېگىش-
لىك زۆرۈر مەنىۋى بايلىقلارنىڭ بىرىمۇ يوق! خۇددى «ئوتى
بار يەرنىڭ سۈيى يوق، سۈيى بار يەرنىڭ ئوتى يوق» دېگەن-



دەك. ئەسلىدە ھەممەيلەن بىر - بىرىگە دوستلۇق قولىنى
سۇنۇپ، ئۆزىدىكى ئارتۇق نەرسىلەرنى باشقىلارغا بېرىپ،
كەم نەرسىلەرنى قوبۇل قىلغان بولسا، دۇنيا قانچىلىك گۈ-
زەل بولاتتى - ھە! بىراق رېئاللىق دەل بۇنىڭ ئەكسىچە،
مەدەنىيەت، ئىلىم - پەن بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ پۇلى
يوق، پۇلى بارلار بۇ خىل مەنىۋى ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇل-
لانمايدۇ. شۇڭا، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى قۇرۇلمىسىدا زور
تەڭپۇڭسىزلىق كېلىپ چىققان. نادان، بىلىمسىز ئاز بىر
قىسىم كىشىلەر زور ھەجىمدىكى ئىقتىسادىي بايلىقلارنى
مونوپول قىلىۋالغان. مېھنەتكەش، ئاق كۆڭۈل، ئېتىقاد-
لىق ئاۋام نامراتلىق ھالىتىدە ياشاۋاتقان. . .

ئابدۇللا قادىر ئابدۇللا ئىمىن، دارىلمۇئەللىمىن مەك-
تىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى مۇھەممەت مۇئەللىم، شەھەرلىك
پەن - تېخنىكا كومىتېتىدىكى غوپۇر ئېلى قاتارلىق دوستلە-
رى بىلەن بىر قانچە گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، ئۈرۈمچى، تۇرپان-
دىكى ئۆزىنى بايۋەتچە، خوجايىن، پۇلدار، مەرد، سېخى
دەپ ئاتىۋالغان بىر قىسىم كىشىلەرنى، ئىدارە باشلىقلىرىنى
ئىزدەپ باردى، تونۇش - بىلىشلىرىنى ئارىغا سالدى. ئۇلار-
نى «ئايروپىلان ياساش، ئۇيغۇرنى ئۇچۇرۇش» تىن ئىبارەت
بۇ خاسىيەتلىك، ئۇلۇغ ئىشقا ياردەم قىلىشقا دەۋەت قىلدى.
مىڭ ئەپسۇسكى بۇ كۆرەڭ خوجايىنلار ھەرخىل باھانە -
سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، ئۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى، ھەتتا
بەزىلىرى «20 - 30 مىڭ يۈەن پۇل دېگەن نېمىتتى، لېكىن
بىر چوڭ سودىغا مەبلەغ سېلىپ قويۇپتىمىز، بىر چوڭ
قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە ئېلىپ قويۇپتىمىز. يېنىمىزدا نەق
پۇل يوق» دېيىشىپ، قىپقىزىل يالغانچىلىق قىلىشتى،

قىسقىسى بۇ بايلاردىن بىر پۇڭمۇ پۇل چىقمىدى. ئەسلىدە ئۇلاردىن ئۈمىد كۈتۈشمۇ ئارتۇقچە ئىش ئىدى. ئۇلار بىر ئۇستەللىك زىياپىتى، بىر ئاخشاملىق ئەيش - ئىشرىتى، بىر قېتىملىق ئويۇن - تاماشاسى ئۈچۈن نەچچە ئون مىڭ يۈەن پۇلنى سورۇۋېتىشكە رازى ئىدىكى، مەنىۋى قىممەت يارىتىشقا بىر پۇڭ مەبلەغ سېلىشنى خالىمايتتى. چۈنكى، ئۇلار بۇ ئۇلۇغ ئەمگەكنىڭ قىممىتىنى ئەسلا چۈشەنمەيتتى، چۈشىنىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇلاردا پۇل ئېشىپ - تېشىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ۋىجدان، ئېتىقاد، ساپا كەمچىل ئىدى. ھەقىقىي مەنىدىن ئېيتقاندا ئەڭ نامرات، بىچارە كىشىلەر شۇلار ئىدى.

«يوقسۇل يوقسۇلنىڭ قاياشى» دېگەندەك ئابدۇللا قادىرغا ياردەم قولىنى سۇنغانلار يەنىلا ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئاجىز ئىدارىلەر، ئوقۇغۇچىلار بولدى. ئابدۇللا قادىرنىڭ ئىدارىسى بولغان دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى ۋە بۇ مەكتەپنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى مۇدىرى مۇھەممەت ئىسراپىل كوللېكتىپ نامىدىن مىڭ يۈەن، تۇرپان شەھەرلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ ئىلىم سۆيەر مۇدىرى مۇھەممەتجان ساۋۇت مىڭ يۈەن ياردەم قىلدى. تۇرپان يېزا - ئىگىلىك مەكتىپىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئاتا - ئانىلىرى ياخشى ئوقۇسۇن دەپ ئەۋەتكەن، تاماق پۇللىرىدىن ئىقتىساد قىلغان بەش مو، بىر يۈەن پۇللىرىنى يىغىپ ئابدۇللا قادىرغا ئىئانە قىلدى.

ئابدۇللا قادىر ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ روھىدىن چوڭقۇر تەسىرلەندى، ئۇلارنىڭ پۇللىرىنى تاپشۇرۇپ ئالغىنىدا كۆزلىرىگە ئىختىيارسىز ياش ئولاشتى. ئۇلارنى تەڭقىسلىقتا قويغانلىقىنى ئويلاپ، قاتتىق



خىجىللىق ھېس قىلدى. شۇڭا، ئايروپىلاننىڭ بىخەتەرلىك ئۈسكۈنىلىرى تولۇقلانمىسىمۇ، يەنىلا ئۇچۇش قارارىغا كەلدى. دوست - بۇرادەرلىرى، شاگىرتلىرى ئۇنىڭغا خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ قانچە نەسىھەت قىلسىمۇ، ئابدۇللا قادىر يەنىلا ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇردى. «مەن ئايروپىلانىمغا ئىشىنىمەن، چوقۇم چاتاق چىقمايدۇ. راۋۇرۇس بىر ئۇچۇپ، خەلقىمنىڭ، شۇنچە كۆپ ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ مەندىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلىمىسام بولمايدۇ. بۇ قېتىم مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇچقاندىن كېيىن ئايروپىلان تەتقىقاتىنى ۋاقىتىنچە توختىتىپ تۇرۇپ، ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقى يۇقىرى بولغان تېخنىكىلارنى ياساشقا كۈچ سەرپ قىلسام بولغۇدەك». شۇ نىيەتكە كەلگەن ئابدۇللا قادىر ئاخىرى ئۆز تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ھايات - ماماتلىق سىناققا تەييارلاندى.

# قۇش قانىتى بىلەن ئۇچىدۇ،
# ئادەم ئەقلى بىلەن. . . !

1997 - يىلى 30 - ئۆكتەبىر، پەيشەنبە، ھاۋا ئوچۇق
بولۇپ، سەئىد دېھقان ئايرودرومىغا بالدۇرلا كېلىۋالغان
ئابدۇللا قادىرنىڭ شاگىرتلىرى جىددىي ھالدا ئۇچۇشتىن
بۇرۇنقى تەييارلىقلارنى ئىشلەۋاتاتتى. لېكىن، ئابدۇللا قا-
دىر سەئىد دېھقانغا بارىدىغان قاتناش قورالىنى تاپالماي قال-
دى. ئايروپىلاننى ئۇچۇرۇش مەركىزى ئۆتكۈزۈلىدىغان بۈ-
گۈنكى كۈندە «تويى بولۇۋاتقان شاھزادە» ئابدۇللا قادىر ئون
نەچچە كىلومېتىر يولغا ۋېلسىپىت بىلەن مېڭىپ يۈرسە
بولمايدۇ - دە! ۋىلايەتلىك يېزا - ئىگىلىك مەكتىپىنىڭ
مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلەۋاتقان، ئابدۇللا قادىرنىڭ يې-
قىن دوستى ئابدۇللا ئىمىن ئالدى بىلەن شەھەر باشلىقلى-
رى، مۇناسىۋەتلىك ئىدارە، ئورۇنلار، ئاخبارات، تەشۋىقات
ئورۇنلىرىغا بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدىغان «تۇر-
پان 2 - نومۇرلۇق» ئايروپىلاننى ئۇچۇرۇش مۇراسىمىنى
خەۋەر قىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئابدۇللا قادىرنىڭ قاتناش
ئىشىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بىر قانچە ئىدارىگە تېلېفون
بېرىپ، ماشىنا ئاجرىتىپ بېرىشنى ئۆتۈندى. ئىلگىرى مۇ-
ئاۋىن شەھەر باشلىقى ۋاقتىدا ھەر قانداق تەلىپىنى ئورۇندىي-
دىغان بۇ ئىدارە باشلىقلىرى ئەمدى چىرايلىق سەۋەبلەرنى
كۆرسىتىپ، ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى. بۇنىڭدىن قاتتىق ئەپ-
سۇسلۇق ھېس قىلغان ئابدۇللا ئىمىن «بۈگۈن زادى ئاب-
دۇللا قادىرغا بىر ماشىنا قاراشلىق بولۇپ تۇرمىسا بولماي-



دۇ، ھېچبولمىسا مەن ئۇنى يۆدۈپ بولسىمۇ توشۇيمەن» دەپ
ئويلىدى. شۇ ئاريدا كىچىك ۋاقتىدا ئۇلار بىلەن بىللە ئوي-
ناپ چوڭ بولغان، ھازىر تۇرپان شەھەرلىك سەھىيە كېسەل-
لىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىدا ئىشلەۋاتقان زۇنۇن
باۋدۇن ماشىنىسى بىلەن ئىككى ئابدۇللانى سەئىد دېھقان
ئايرودرومىغا يەتكۈزۈپ قويۇپ، «باشلىق تېز قايتىپ كەل
دېگەن» دەپ كېتىپ قالدى. مۇراسىمنىڭ بىر مۇنچە تەييار-
لىقلىرى تېخى كەم بولۇپ، بۇ تاقىر سايدا نە قاتناش قورا-
لى، نە ئالاقىلىشىش ئۈسكۈنىلىرى يوق ئىدى. بۈگۈن چۈش-
تىن كېيىن رەسمىي ئۇچۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىغان،
مۇراسىمغا بىر قانچە مۇھىم كىشىلەر، رەھبەرلەر، مەركىزىي
تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرلىرى قاتنىشىدىغان تۇر-
سا، شۇنچە چوڭ ئىشقا مۇلازىمەت قىلىدىغان قاتناش، ئالاقە
قوراللىرى بولمىسا قانداق بولىدۇ؟

ئابدۇللا ئىمىن نەق مەيداندىكى ئەھۋاللارنى بىرەر قۇر
كۆزەتكەندىن كېيىن ئابدۇللا قادىرنىڭ توسۇشىغا قارىماي
دەرھال كەينىگە يېنىپ، ئايدىڭكۆل يېزىسىدىن سامان سات-
قىلى ماڭغان بىر دېھقاننىڭ تراكتورىغا چىقتى - دە، شەھەر-
گە قاراپ يول ئالدى. ئۇ يېڭىشەھەر بازىرىغا كىرىپلا، سودا
بازىرىنىڭ ئالدىدا قاتارلىشىپ تۇرۇپ كەتكەن كىرا ماشىنى-
لىرىنى ئارىلاپ، ئازراق تونۇشلۇقى بولغان بىر شوپۇرنىڭ
يېنىغا كەلدى:

— مىجىت، كىراكەشلىك قىلىۋاتامسىز؟
— ھەئە، ئۆزلە بىر يەرگە بارامىلا؟
— بۈگۈن زىيانغا مېڭىشنى خالامسىز؟
— قانداق دەيلا، بىرەر ساۋابلىق ئىش بارمىتى؟

— شۇنداق، بۈگۈن ئابدۇللا قادىر «تۇرپان 2 - نومۇر-
لۇق» ئايروپىلاننى ئۇچۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزمەكچى، شۇ-
ڭا. . .

— بولدى، ماشىنىغا ئولتۇرسىلا، مەن پۈتۈن كۈچۈم
بىلەن خىزمەت قىلاي، ھېچقانداق ھەق ئالمايمەن!

مىجىتنىڭ سەمىمىي، ئىللىق سۆيەر روھى ئابدۇللا ئى-
مىننى سۆيۈندۈردى. شۇنداق، بۇ دۇنيادا ياخشى كىشىلەر
يەنىلا كۆپ، ياخشىلار بولغاچقىلا، بۇ دۇنيا كۈنسېرى ياش-
ناپ بارىدۇ. كۆڭۈللەردىن كۆڭۈللەرگە ئىزگۈلۈك نۇرى
چېچىلىدۇ.

مىجىت ئۇستام ئابدۇللا ئىمىننى ماشىنىسىغا ئولتۇر-
غۇزۇپ كېتىۋېتىپ: «مەن مۇنار يولىدىن نەچچە قېتىم ئۆت-
كەندە ئابدۇللا قادىرنىڭ ئايروپىلان ياساۋاتقانلىقىنى كۆر-
گەن، ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن خۇشال بولغانىدىم. شۇڭا، ئۇنىڭ-
غا ‹ھەرقانداق چاغدا ماشىنا كېرەك بولسا ماڭا دېسىلە›
دېگەنىدىم. مانا بۈگۈن ئۆزلەنى خۇدايىم ئۇچراشتۇرۇپ،
تىلىكىمنى ئىجابەت قىلىدىغان بولدى» دېدى.

مانا ئەمدى قاتناشمۇ ھەل بولدى، تۇرپان شەھەرلىك
قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ ئىنژېنېرى بارىجان ئىككى يانغۇن،
شەھەرلىك ئەمگەك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابلىمىت قادىر
ئىككى تۇغرىلاپ سۆزلىشىش ئاپپاراتى ھەل قىلىپ بەردى.
ئابدۇللا ئىمىن شۇنىڭلا خاتىرجەم بولۇپ، تېزلىك بىلەن
سەئىد دېھقان ئايرودرومىغا يېتىپ كەلدى - دە، بىر قىسىم
مەكتەپ، ئىدارىلەرگە مۇراسىمنىڭ ۋاقتىنى خەۋەر قىلىۋەت-
تى. ياردەمچىلىرى بىلەن ئايروپىلاننىڭ بىخەتەرلىك قۇرۇل-
مىلىرىنى تەكشۈرۈۋاتقان ئابدۇللا قادىر نېمىدۇر بىر ئىش



ئېسىگە كەلگەندەك، شاگىرتلىرىنى تاماق يېيىشكە ئورۇن-
لاشتۇرۇپ قويدى - دە، مىجىت ئۇستامنىڭ ماشىنىسى
بىلەن دوستى ئابدۇللانى ئېلىپ ئۆيىگە كەلدى. ئۇ ئۆيدە
ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن ئېغىر كەيپىيات ئىچىدە چۈشلۈك
تاماقنى بىرگە يېگەندىن كېيىن، كېسەل بولۇپ ئورۇن
تۇتۇپ يېتىپ قالغان ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كىردى. قامەتلىك،
چاققان، تېتىك، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان قادىر
ھاجىم ھازىر بۇرۇنقىغا زادىلا ئوخشىماي قالغان بولۇپ، بىر
تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قالغان گەۋدىسىنى ياستۇققا تاشلاپ
ئارانلا ياتاتتى. ئابدۇللا قادىر ئاتىسىنىڭ قاتاڭغۇر قوللىرى-
نى تۇتقىنىدا بىردىنلا ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، كۆزلىرىگە يىغا
ياماشتى: «ئېھ قەدىردان ئاتا، سىز خۇددى بېشىمدىن ئەگىپ
كېتەلمەيدىغان بۇلۇتقا ئوخشاش بىر ئۆمۈر ماڭا سايىۋەن
بولدىڭىز، پۈتكۈل مېھىر - مۇھەببىتىڭىزنى بېغىشلىدىڭىز،
مېنى ئىزچىل قوللاپ - قۇۋۋەتلەپ كەلدىڭىز. بىراق، مەن
پەرزەنتلىك بۇرچۇمنى ئادا قىلالمىدىم، سىزگە ياخشى قارى-
يالمىدىم، ھالىڭىزدىن خەۋەر ئالالمىدىم، سىزنى تۇرمۇش
مەئىشەتلىرىدىن بەھرىمەن قىلدۇرالمىدىم» ئابدۇللا قادىر
ئۈنسىز نالە قىلماقتا ئىدى. قادىر ھاجىمنىڭ ئورۇق قوللى-
رى تىترەيتتى، كۆز چاناقلىرىدا ياش ئەگىيتتى. ئۇ دېمى
كېسىلگەن ھالدا ئوغلىغا قاراپ ئاستا سۆزلىدى:

— ئوغلۇم، سېنىڭ نېمە ئويلاۋاتقىنىڭنى بىلىمەن،
سەن مېنىڭلا ئوغلۇم ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ ئوغلى. سەن
ئايروپىلانىنىلا ئەمەس، بەلكى ھەممىمىزنى ئۇچۇردۇڭ، شۇ-
ڭا مەن سەندىن پەخىرلىنىمەن. بىزدە «ئەل رازى، ئاتا
رازى» دېگەن گەپ بارغۇ، شۇڭا مەن سەندىن رازى، مىلى

مەرتە رازى. كۆڭلۈڭنى ھەرگىز مالال قىلما ئوغلۇم. بۇ قېتىم مەن ئۇچۇشۇڭنى كۆرەلمەيدىغان، ئۇسىنىگە بارالمايدىغان بولدۇم. خۇدايىمغا ئامانەت، سېنى ئاللاغا تاپشۇردۇم، مەندىن رازى بول ئوغلۇم، ئامىن...

«ئامىن» پۈتۈن ئۆي ئىچىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى دۇئاغا قول كۆتۈردى، بۇ ھەيۋەتلىك ئاۋازدىن ئۆيمۇ تىترەپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. ئابدۇللا قادىر كىچىكىدىن ئاڭلاپ كېلىۋاتقان بۇ ئاۋاز بۈگۈن ئۇنىڭغا ئاجايىپ سۈرلۈك، سېھىرلىك تۇيۇلۇپ، پۈتۈن بەدىنى ئىختىيارسىز جۇغۇلداپ كەتتى. نۇرغۇن گۈزەل تىلەكلەر مۇجەسسەملەنگەن بۇ ئاۋاز يەنە ئۇنىڭغا ئالەمچە خاتىرجەملىك، ئىشەنچ، كۆڭۈل پۈتۈنلۈك تۇيغۇسىنى ئاتا قىلدى. دەل مۇشۇ دۇئالارنىڭ بەرىكىتى بىلەن ئۇ ئۆزىنى خاتىرجەم ئۇچالايدىغاندەك ھېس قىلىپ كەتتى.

قادىر ھاجىم سۈس كۈلۈمسىرەۋاتقان بولسىمۇ، كۆزلىرىدىن سىرغىپ چۈشۈۋاتقان ياشلار ئۇنىڭ ئاپئاق ساقاللىرىنى نەمدىۋەتتى، بۇ كۆيۈمچان ئاتا مۇشۇ مىنۇتلاردا يالغۇز ئوغلىغا قىيالمايۋاتاتتى. ھەسەلخان ئايلىمۇ ئوغلىنى قۇچاقلاپ، ئىسسىق ياشلىرىنى تۆككىنىچە ئۇنى ئۇزىتىپ قالدى. ئابدۇللا قادىر ئۆيدىن چىققاندا بىردىنلا يېنىكلەپ، قەلبى ئىشەنچ ۋە كۈچكە، خاتىرجەملىككە، ئۇلۇغۋارلىققا تولدى، چۈنكى ئاتا دۇئاسى ھەممىنى كۆكلىتىدۇ، «ئاتا رازى، ئەل رازى» ئەمەسمۇ؟

ئۇلار سەئىد دېھقان ئايرودرومىغا قايتىپ كەلگىنىدە بۇ تاشلاندۇق، خىلۋەت سايدا باشقىچە بىر مەنزىرە شەكىللەنگەنىدى. رەڭگا رەڭ كىيىملەرنى كىيىۋالغان ياشلار، ئۇزۇن



يەكتەكلىرى ئۆزگىچە سالاپەت بېغىشلىغان ياشانغانلار، مەكتەپ فورمىسى كىيىۋالغان ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرى، قىزىل گالستۇك تاقىۋالغان ئۆسمۈرلەر، تەرەپ-تەرەپكە چېپىپ، ياخشى ئورۇن تاللاۋاتقان مۇخبىرلار، تەرتىپنى ساقلاۋاتقان ساقچىلار قىسقىسى نەچچە مىڭ ئادەم بۇ سايلىقنى جانلاندۇرۇۋەتكەنىدى. سەئىد دېھقان ئايرودرومىنىڭ غەربىنى كېسىپ ئۆتكەن تۇرپان-توقسۇن تاشيولىدىمۇ نەچچە يۈزلىگەن ماشىنىلار قاتارلىشىپ تۇرۇپ كەتكەنىدى. ئوتتۇرىدا «تۇرپان 2-نومۇرلۇق ئايروپىلانى ئۇچۇرۇش مۇراسىمى» دېگەن خەتلەر يېزىلغان كۆركەم لوزۇنكا مەيدانغا ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى. كۆپچىلىكنى ھەممىدىن بەك جەلپ قىلغىنى ئوتتۇرىدىكى قورساق قىسمىغا قىزىل خەت بىلەن چوڭ ۋە كۆركەم قىلىپ «تۇرپان 2-نومۇرلۇق» دېگەن ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە خەتلەر چۈشۈرۈلگەن، خەتنىڭ كەينىگىرەك بىر ساپاق ئۈزۈمنىڭ سۈرىتى، قۇيرۇق قىسمىغا تۇرپان مۇنارىنىڭ سۈرىتى سىزىلغان تاشلىقتا ئۇچۇشقا تەييارلانغان بوركۇتتەك مەغرۇر قەد كېرىپ تۇرغان ئاق رەڭلىك ئايروپىلان ئىدى. كىشىلەر ئابدۇللا قادىرنىڭ ئۇچۇشىغا تەقەززا بولۇپ، دېڭىزدەك داۋالغۇيتتى. يارىشىملىق دوپپا كىيگەن ئابدۇللا قادىر تەمكىنلىك بىلەن ئايروپىلانغا قاراپ ماڭدى. شۇ پەيتتە ھېچكىم ئويلىمىغان بىر ئىش يۈز بەردى. توپ ئىچىدىن ئىككى ساقچى سوغۇرۇلۇپ چىقىپ ئابدۇللا قادىرنىڭ ئالدىنى توستى:

— سىزنىڭ ھاۋا قاتناش كىنىشكىڭىز بارمۇ؟ — دېدى ئۇلار.

— يوق، — دېدى ئابدۇللا قادىر تېڭىرقاپ.

— بىخەتەرلىك ئۈسكۈنىلىرىڭىز تولۇقمۇ؟

— تولۇق ئەمەس.

— ئۇنداقتا ئۇچۇشقا بولمايدۇ.

ئەتراپتا تۇرغان ئالامان تەۋرەپ كەتتى، كىشىلەر ئايروپىلاننىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ، تالاش - تارتىش قىلىشقىلى تۇردى. ئابدۇللا قادىر نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي، چەتكە ئۆتۈپ تۇرۇپ قالدى. شۇ ئارىدا مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن كەلگەن خەۋەرلەر پروگراممىسىنىڭ رېژىسسورى جاۋ جەنچىڭ كۈلۈمسىرىگىنىچە ئابدۇللا قادىرنىڭ يېنىغا كەلدى:

— مەن ئەسلىدە سىزنىڭ ئايروپىلان ياساش، ئۇچۇش جەريانىدىكى قىيىنچىلىقلىرىڭىزنى خەۋەردە گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، ساقچىلارغا دەپ، ئەتەي مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرغان ئىدىم، يۇقىرىقى كۆرۈنۈشلەرنى سۈرەتكە ئېلىۋالدىم، ئەمدى ئۇچسىڭىز بولىدۇ.

ئابدۇللا قادىر شۇندىلا ئەھۋالنى چۈشىنىپ، زىممىسىدىكى ئېغىر تاغنى غۇلىتىۋەتكەندەك ئۇھ تارتىپ قويدى. لېكىن، ئۇ بۇ ئىشنى ئويلىغانچە، غەزىپى ئۆرلەپ كەتتى. «بۇ ئاسماندا ئۇچىدىغان ئىش تۇرسا، ئۇچۇشتىن بۇرۇن ئۇچقۇچى چوقۇم ساغلام، خاتىرجەم، ئازادە بولغان روھىي كەيپىياتنى ساقلىشى كېرەك، شۇندىلا ئۇچقۇچى بىخەتەر ئۇچۇش مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ. مۇشۇنداق ئىشقىمۇ چاقچاق قىلغان بارمۇ، يا بۇرۇن دەپ قويمىدى» . جاۋ جەنچىڭ ئۇنىڭدىن قايتا - قايتا ئۆزرە سوراپ، ئابدۇللا قادىرنىڭ تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى ياخشى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى قايىل



قىلدى.

«تۇرپان 2 - نومۇرلۇق ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش مۇراسىمى رەسمىي باشلاندى» دەپ ئېلان قىلىنىپ، لېنتا كېسىلىش بىلەن ئابدۇللا قادىر كۆپچىلىكنىڭ ئالقىش سادالىرى ئىچىدە ئايروپىلانغا چىقتى. ئۇ ماتورنى قوزغىتىشتىن بۇرۇن بىر نەرسە دېمەكچى بولغاندەك دوستى ئابدۇللا ئىمىنگە قارىدى، ئابدۇللا ئىمىن ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ دەرھال ئايروپىلاننىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كەلدى.

— مەن ئەگەر بۈگۈن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇچالىسام، ئەسلىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇلغان لىنىيە، ۋاقىت بويىچىلا ئۇچۇپ قالماي، يەنىمۇ كۆپرەك ئايلىنىشىم مۇمكىن. چۈنكى، بىز بۇ قېتىمقى جەڭگە كۆپ تەييارلىق قىلدۇق، مۇراسىممۇ داغدۇغىلىق بولدى، ئاممىنىڭ ئىنتىزارلىقىمۇ بەك كۈچلۈك، شۇنىڭغا يارىشا ئىش قىلمىسام بولماس. بۇ سىرنى پەقەت سىزلا ئۇقۇپ قېلىڭ. باشقىلارغا دەپ سالماڭ.

- بولىدۇ، مەن سىزدىن خاتىرجەم، ئەمما بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىڭ، — دېدى ئابدۇللا ئىمىنمۇ باش لىڭشىتىپ.

ئابدۇللا قادىر ئۇچۇش ئالدىدىكى تەييارلىقلارنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئىشلىدى. ئابدۇللا قادىرنىڭ دۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقان يۈرىكىمۇ ئاستا - ئاستا جايىغا چۈشتى. سائەت دەل ئۈچ بولغاندا، قۇلاقنى يارغۇدەك ماتور ئاۋازى بىلەن تەڭ «تۇرپان 2 - نومۇرلۇق» ئايروپىلان خۇددى راكېتادەك ئۇچۇش يولىدىن چىقىپ، كۆك ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. 10 مېتىر، 20 مېتىر، 30 مېتىر... 70 مېتىر... مۇنچاق- مۇنچاق تەرلەپ تۇرغان ئابدۇللا قادىرنىڭ كۆزى سۈر-

ئەت ئىستىرپلىكىسىغا مىختەك قادالغانىدى. ئۇ رولىنى چىڭ تۇتۇپ، مۇستەھكەم ئۇچۇش ھالىتىنى ساقلىدى. بۇ مۇبارلىق دېھقان ئوغلى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ مۇشۇنچىلىك ئېگىز ئۇچۇپ، رېئاللىقتىكى رىۋايەتنى يارىتىۋاتاتتى. ئابدۇللا قادىر ئېگىز ئۇچۇش مەشىقى قىلىپ باقمىغاچقا، بىر خىل قورقۇنچ پىسخىكىسى ئۇنى ساراسىمىگە سېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن قۇربان بېرىش روھى، غەلىبە تەنتەنىسى ئۇنىڭغا كۈچ ئاتا قىلىۋاتاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئابدۇللا قادىر بۇ قېتىم تەييارلىقنى ناھايىتى پۇختا ئىشلىگەن بولۇپ، ئايروپىلاندىن چاتاق چىقمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئابدۇللا قادىر ئۆزىنىڭ تەڭپۇڭلۇق ھالىتىنى ساقلاپ، خۇددى قارلىغاچتەك ئۇچۇپ، قىرغاۋۇلدەك ھۇجۇم قىلدى. ئۇ سائىتىگە 100 كىلومېتىر تېزلىكتە 20 مىنۇت ئۇچۇپ، بېكىتىلگەن يەرگە چۈشمەستىن قاقاسلىق ئاسمىنىنى تولۇق ئۈچ قېتىم ئايلاندى. مانا بۇ ھەقىقىي مەنىدىكى، ھەر قانداق كىشىنى قايىل قىلالايدىغان ئۇچۇش ئىدى. تۆۋەندە تۇرغان كىشىلەر ھاياجانلانغانلىقىدىن ۋارقىراپ تەنتەنە قىلىپ، بۆكلىرىنى ئاسمانغا ئاتسا، بىر قىسىم كىشىلەر ئەنسىرەپ «ۋاي خۇدايىم، چۈشەلمەيۋاتىدۇ، چاتاق چىقىدىغان بولدى» دېيىشىپ غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى. ئاپئاق ساقاللىق بوۋايلار دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ ئابدۇللا قادىرغا ئامانلىق تىلەشتى. مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، تۇرپان تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرلىرى ئاجايىپ قىممەتلىك كۆرۈنۈشلەرنى سۈرەتكە ئېلىۋالدى.

مۇشۇ تاپتا ئابدۇللا قادىرنىڭ كەيپىياتى پۈتۈنلەي جايىغا چۈشكەن بولۇپ، ئۆزىنى كۆك قەرىدە بىمالال ئۇچۇۋاتقان



ئەركىن قۇشتەك ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇ ئۆرلەپ كېتىۋاتقان ھاياجىنىنى بېسىپ، تۆۋەندە ئۆزىگە تەنتەنە قىلىۋاتقان كىشىلەرگە نەزەر سالغىنىچە رولنى تەمكىنلىك بىلەن باشقۇرماقتا ئىدى. مانا ئۇنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان كۆرۈپ كېلىۋاتقان گۈزەل چۈشى رېئاللىققا ئايلاندى، ئۇ ئاخىرى قۇش كەبى بىمالال ئۇچۇش مەقسىتىگە يەتتى. ئۆمۈرلۈك ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشتى. ئۇ قۇش بولۇپ ئۇچتى، ئۇلۇغ ئەجدادلىرىنىڭ، قەدىردان خەلقىنىڭ بارلىق ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ۋۇجۇدىدا مۇجەسسەملەپ، تۇرمۇشنىڭ بارلىق تەشۋىش مالامەتلىرىنى كەينىگە تاشلاپ، شۇنچە ئەركىن، شۇنچە بىمالال، شۇنچە غەمسىز كەيپىياتتا ئۇچتى، بوۋىلىرى ئارزۇ قىلغان مۇقەددەس كۆكنىڭ، پايانسىز يورۇقلۇقنىڭ ۋەسلىگە يەتتى. شۇ ئارىدا ئۇنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ: «ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلغان ئۇچار كۆكتە، ئۈزەر سۇدا، مىنىشكە تۇلپار ئېشەك يوق، پىيادە قالغانىمىز باردۇر.

باشقىلار كۆكتە ئۇچۇپ، سۇدا ئۈزۈپ كەتتى يىراق، مەن مىسالى يالاڭ ئاياغ، دەسسەپ تىكەن ماڭارمەن.» دېگەن مىسرالىرى جاراڭلاۋاتقاندەك، تالانتلىق ياش ناخشىچى ئابدۇللا ئابدۇرېھىم ئېيتقان «مەن كېچىدە شېرىن چۈش كۆردۈم، چۈشۈمدە بىر كىچىك قۇش بولدۇم» دېگەن ناخشىسى ياڭراۋاتقاندەك، يازغۇچى ياسىن نىيازنىڭ: «ھازىر،

ئاتوم، ئېلېكترونلۇق مېڭە دەۋرى بۇ!
كىم مەغلۇپ،
كىم غالىب،
دۇنيا ئاقىلنىڭ.

هەئە، ئەقىل دەۋرى بۇ!

. . .

ئەنە ئۇچقۇن سەنمۇ كۆرەش،
سەنمۇ ياساپ باق
«تۆمۈر بىلىق» — پاراخوتنى،
«ئوت هارۋىسى» — پويىزنى،
«ياغاچ ئات» — ئايروپىلاننى.
دائىما ئاپئاق يۈز، شەھلا كۆزلەردىن،
بەخت ئىزدەپ يۈرگۈچە،
سەنمۇ تەكشۈرۈپ باق،
خۇمارلىق دېڭىز، ئاسماننى. . . » دېگەن مىسرالىرى تەكرارلىنىۋاتقاندەك بولدى. مانا، بىز ناخشىلىرىمىزدا، چۆچەكلىرىمىزدە، رىۋايەتلىرىمىزدە قۇش بولۇشنى، كۆكتە ئۇچۇشنى ئىزچىل ئارمان قىلىپ كەلگەن خەلق ئىكەنمىز، بۇ ئارمانلارنى مەن ئاخىرى رېئاللىققا ئايلاندۇردۇم، گۈزەل ئارزۇ مۇقەددەس ئېتىقاد، يۈكسەك ئىرادە بىلەن قاناتلانغاندا هەر قانداق نەرسىنى ئۇچۇرالايدىكەن، هەر قانداق ئارمانغا يەتكۈزەلەيدىكەن، دېگەنلەرنى ئويلىدى ئابدۇللا قادىر. ئۇنىڭ كۆكتىن زادى چۈشكۈسى، توختىماي ئۇچىۋەرگۈسى بار ئىدى. بىراق، ئۇنىڭ يىلتىزى زېمىندا، ئۇنى ئۇچۇرغان قوۋم - قېرىنداشلىرى يەردە ئىدى، ئۇ قېرىنداشلىرىنى تاشلاپ ئۇچۇپ كېتەلمەيتتى. ئۇ ئاسمان بىلەن، قۇياش، يۇلتۇزلار بىلەن كۆزى قىيمىغان هالدا خوشلىشىپ، قونۇش لىنىيىسىگە قاراپ پەسلىسى - دە، يەرگە بىخەتەر قوندى. ئۇ يەرگە چۈشۈشى بىلەنلا هاياجانلانغان ئالامان ئۇنى كۆتۈرۈپ، باشلىرىغا ئېلىشىپ، قاقاسلىقتا ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى. بايىلا ئۇ ئۆزى ياسىغان ئايروپىلاندا ئۇچقان بولسا،



ئەمدى خەلقنىڭ ئالقىشى، رازىمەنلىك، ئىپتىخار تۇيغۇسى، هۆرمەت - ئېهتىرامىنىڭ كۈچىدە «ئۇچماقتا» ئىدى. ياشانغانلار «ئاپىرىن، باشاپ كەت» دەپ توۋلىشاتتى، ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ بوينىغا گۈللەرنى ئېسىشىپ، ئۈستىگە چاچقۇ چېچىشاتتى. ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان سۈكۈت ئىچىدە ياتقان بۇ تاشلىق ساي بۈگۈن ئۇلۇغۋار روهنىڭ ئۇچۇشىغا گۇۋاه بولدى، ئاۋامنىڭ تەنتەنىسىدىن لەرزىگە كەلدى. كىشىلەر ئابدۇللا قادىرنى باشلىرىدا كۆتۈرۈپ بىر هازا ئايلاندۇرغاندىن كېيىن يەنە ئايروپىلاننىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىپ، يەرگە چۈشۈردى.

بۇ قېتىمقى ئۇچۇشتىن كېيىن «جۇڭگو مائارىپ گېزىتى»، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى جۇڭخوا مىللەتلىرى سەھىپىسى ئابدۇللا قادىرنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى مەخسۇس سەھىپە ئاجرىتىپ تونۇشتۇردى. شىنجاڭدىكى نوپۇزلۇق ئاخبارات، مەتبۇئات ئورۇنلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئابدۇللا قادىرنى بەس - بەس بىلەن تەشۋىق قىلدى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى نەچچە مىليونلىغان كىشى تېلېۋىزور ئېكرانى، نوپۇزلۇق گېزىتلەر ئارقىلىق ئۇيغۇر ئوغلى ئابدۇللا قادىرنىڭ كۆكتە پەرۋاز قىلغانلىقىدىن خەۋەردار بولدى. ئابدۇللا قادىر يەنە بىر قېتىم ئۈزۈم شەهىرىدىكى ئاخباراتلىق شەخسكە ئايلاندى.

لېكىن، «بىر كۈلكىنىڭ بىر يىغىسى بار» دېگەندەك ئابدۇللا قادىرنىڭ ئاتىسى قادىر هاجىم گويا ئوغلىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇچۇپ بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا، 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى، ئەلۋەتتە بۇ مېهرىبان ئاتا ئۆز دۇئالىرى، كۈچلۈك تىلەكلىرى بىلەن يۈرەك پارىسى بولغان ئوغلىنى كۆكتە ئۇچۇرۇپ، خاتىرجەم كۆز يۇمغانىدى.

# ئۈجمە گۇۋاھ

ئابدۇللا قادىرنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىدا بىر نەچچە تۈپ ئۈجمە دەرىخى بار. بۇ ئۈجمىلەرنىڭ ئەڭ چوڭىنىڭ يېشى 300 ياشتىن ئاشىدىغان بولۇپ، غولىغا ئىككى - ئۈچ ئادەمنىڭ قۇچىقىمۇ يەتمەيدۇ. بۇ ئۈجمىنىڭ يوغان غوللىرى ئادەمنىڭ قولىغا، گىرەلىشىپ كەتكەن شاخلىرى چاچ - ساقاللارغا، يېرىم - يېرىم قوۋزاقلىرى قات - قات قورۇقلارغا، قوۋزاقلار ئارىسىدىن ئېقىپ چۈشكەن يىلىملار تۆكۈلۈۋاتقان ياشلارغا ئوخشايدۇ، شۇڭا ئابدۇللا قادىر بۇ ئۈجمىنى بەئەينى بىر مويسىپىت بوۋايغىلا ئوخشىتىدۇ. ئابدۇللا قادىر دەل مۇشۇ ئۈجمە بوۋاينىڭ سايىسىدە ئۆسۈپ يېتىلدى. ئۈجمىنىڭ ئاستىدا ئۇچقۇ ياساپ ئۇچۇرۇپ، ئۈستىگە يامىشىپ چىقىپ ئۇنىڭ لەززەتبەخش مېۋىلىرىدىن تويغۇچە يەپ، ئۈجمىنىڭ ئاسمانغا تاقاشقان شاخلىرىغا قاراپ تەگسىز خىياللارغا پېتىپ ئاستا - ئاستا ئەقلىگە تولدى. ئۇنىڭ ئۇچقۇلىرى مۇشۇ ئۈجمىنىڭ ئاستىدا ياسىلىپ ۋۇجۇدقا كەلدى. ئابدۇللا قادىرنىڭ ئۈچ بالىسىمۇ مۇشۇ ئۈجمىنىڭ سايىسىدە، ئايروپىلاننىڭ ماتور ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ، ئېغىر سومكىلىرىنى ئېسىشىپ، ئۆزى باسقان يوللارنى بېسىپ چوڭ بولدى. ئۈجمە بوۋاي ئابدۇللا قادىرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكىگە، ئازابلىق كەچۈرمىشلىرىگە، جاپا - مۇشەققەتلىرىگە، ئاھانەت - خورلۇقلىرىغا ئۈنسىز شاھىت بولۇپ تۇردى. ئابدۇللا قادىرنىڭ ئېغىر روھىي بېسىملىرىغا، جاپالىق مېھنىتىگە ئىچ ئاغرىتىپ، مۇقەددەس «ياشلىرىنى ئېقىتتى».



ئابدۇللا قادىر پات - پات ئېغىر خورسىنغىنىچە ئۈجمە بوۋايغا تىكىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۈنسىز سىرداشاتتى. ئاسماندا مىس لېگەندەك ساڭگىلاپ تۇرغان، ئەتراپنى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ تۇرغان تولۇنئاي ئۇلارنىڭ سۆھبىتىگە قۇلاق سالغاچ ئاستا سەپىرىنى داۋاملاشتۇراتتى. . .

مانا، ئابدۇللا قادىر ھەسرەتلىك خىياللارغا پاتقىنىچە ئۈجمە بوۋايغا پىچىرلىماقتا ئىدى:

— سىز ھەممە ئىشلارغا شاھىتسىز، ئۈجمە بوۋا، مەن ئاخىرى ئارزۇيۇمغا يەتتىم، ئايروپىلاننى تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇچۇردۇم. لېكىن، مەن زادى نېمىگە ئېرىشتىم؟ خېلى ئوقۇمۇشلۇق بىر قىسىم كىشىلەرمۇ مېنىڭ روھىمنى چۈشەنمەيۋاتىدۇ، مېنىڭ ئۈستۈمدە ھەر خىل سۆز چۆچەكلەرنى قىلىشىۋاتىدۇ. «ئايروپىلان دېگەن يېڭى شەيئى، يېڭى تېخنىكا ئەمەس، ئۇنىڭ ئىجاد قىلىنغىنىغا 100 يىلغا يېقىنلىشىپ قالدى، ئابدۇللا قادىر شۇنچە ئاۋارە بولغۇچە ھېچكىم ياساپ باقمىغان، ھېچكىم قىلىپ باقمىغان ئىشنى قىلسا بولمامدۇ» دېيىشىۋاتىدۇ، مەن ئايروپىلاننى كىم ئۈچۈن ياسىدىم، ئۆزۈم ئۈچۈن ياسىدىممۇ؟ مەن خەلقىم ئۈچۈن ھايات - ماماتىم بىلەن ھېسابلاشماي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللاندىم، شۇنچە قان - تەرىم بەدىلىگە ياسىغان ئايروپىلاننى خەلقىم ئۈچۈن دۆلەتكە تەقدىم قىلدىم، مېنىڭ تۆلەپ كەتكەن بەدەللىرىم، تۆلەۋاتقان قەرزلىرىم ئازمۇ؟

— دېگەنلىرىڭ توغرا ئوغلۇم، — دېدى ئۈجمە بوۋاي ۋەزمىن تۇيغۇدا، — مەن سېنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىڭنى تولۇق بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. لېكىن، شۇ نەرسە ھەقىقەتكى، سېنىڭ ئېرىشكەن ئۇتۇقۇڭمۇ ئاجايىپ زور بولدى! سەن

تەپەككۇرى چولتا، ئەقلى گال، نادان، كۆز ئالدىنى ۋە
ئاددىي مەيپەتنىلا كۆرىدىغان كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىگە قۇ-
لاق سالما. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنى ئىس-
لام دىنىنى تارقىتىش يولىدا نۇرغۇن ھاقارەت - خورلۇقلار-
غا، مەسخىرە - دىشۋارچىلىقلارغا ئۇچرىغان، ھەتتا يۇرتىدا
تۇرالماي، باشقا جايغا كېتىشكە مەجبۇر بولغانىكەن. مۇھەم-
مەت ئەلەيھىسسالامغا سېلىشتۇرغاندا ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ
بۇنداق دىشۋارچىلىقلارغا ئۇچرىشى ئادەتتىكى ئىش ئوغلۇم.
ئەمەلىيەتتە، سەن ئايروپىلان ياساپ ئۇچۇش ئارقىلىق، ئەج-
دادلاردىن قالغان ئەقىل - پاراسەت، تەۋەككۇلچىلىك روھى-
نى، شەخسىنىڭ پاراسىتىنى، ئىرادىسىنىڭ قۇدرىتىنى، ئى-
لىم - پەننىڭ مىسلىسىز كۈچىنى نامايان قىلدىڭ، خەلقى-
مىزگە ئاسماننىڭ، ئايروپىلاننىڭ سىرىنى ئېچىپ بەردىڭ،
ياش ئەۋلادلارغا قۇدرىتى مىسلىسىز بولغان جانلىق ئەمەلىي
ساۋاق بەردىڭ، خەلقىمىزگە ئىپتىخار، غۇرۇر، ئۆزىنى
قايتا تونۇش تۇيغۇسى بەخش ئەتتىڭ. ئەجدادلىرىمىزنىڭ
«ئاسماندا ئۇچۇش، تىن ئىبارەت نەچچە مىڭ يىللىق ئارزۇ-
سىنى ئاخىرى ئەمەلگە ئاشۇردۇڭ! خەلقىمىزدىن پەقەت سەن-
لا ئاسمانغا چىقىپ كۆكتىكى پەرىشتىلەر بىلەن سىردىشىش
ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتىڭ! مانا مۇشۇنىڭ ئۆزى مۆلچەرلىگۇ-
سىز نەتىجە ئەمەسمۇ؟! سېنى كۈندە ئورۇۋېلىشقان ياش -
ئۆسمۈرلەر، ھەر جاي، ھەر جايلاردىن كېلىۋاتقان خەت،
تېلېگراممىلار، سېنى ھۆرمەت بىلەن ئىزدەپ كېلىۋاتقان
كىشىلەر بۇنىڭ ئىسپاتى ئەمەسمۇ؟

— مەن ساڭا بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرەي ئوغلۇم:
«بۇرۇن بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز كۆپ قېتىم دىن يەڭگۈشلە-



گەن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، شامان دىنى، مانى دىنى،
بۇددا دىنى، ئىسلام دىنى قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان.
مەيلى قايسىلا دىنغا ئېتىقاد قىلسۇن كۆككە چوقۇنۇپ، كۆك-
نى ئۇلۇغلاپ كەلگەن. «تەڭرى» دېگەن سۆزمۇ ئەسلي شا-
مان دىنىدا «كۆك»، «كائىنات» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدى-
غان ئاتالغۇ بولۇپ، كېيىنچە ئىسلام دىنىدىك «ئاللا» (ئە-
رەبچە)، «خۇدا» (پارسچە) مەنىسىدىكى ئىلاھ نامى بولۇپ
قالغان. ئەجدادلىرىمىز شۇ ئېتىقاد ئەنئەنىسى بويىچە ئۆل-
گەنلەرنى كۆمىدىغان يەرلىكلەرنىمۇ نۇر چېچىپ تۇرغان قۇ-
ياش شەكلىدە ياسىغان. تارىختا ئۆتكەن قاغانلار «كۈن تەڭ-
رىدىن بولمىش قاغان»، «ئاي تەڭرىدىن بولمىش قاغان»
دېگەندەك ئۇنۋانلارنى قوبۇل قىلغان. دېمەك بىزنىڭ كۆككە
بولغان ئىنتىلىشىمىز نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە.
رىۋايەت قىلىنىشىچە يەنە ئاللانىڭ ئەلچىسى بولغان مۇھەم-
مەت پەيغەمبەرنىڭ كۈيئوغلى ھەزرىتى ئەلى كۇپارلارنى يو-
قىتىپ، ئىسلام دىنىنى كېڭەيتىش كۈرەشلىرىدە بىر ئۇچقۇر
تۇلپارنى مىنگەنىكەن. بۇ تۇلپار تازا چېپىپ كەتكەندە بىر
تۇيىقى تۇرپاندىكى تاغلارنىڭ ئۈستىگە تەگكەن بولسا، يەنە
بىر تۇيىقى قەشقەر كونىشەھەرنىڭ ئوپال يېزىسىدىكى ھەزرى-
تى موللام تېغىنىڭ ئۈستىگە چۈشكەنىكەن. تۇرپاننىڭ سىڭ-
گىم ئېغىزىدىكى ئىدىقۇت تاغ تىزمىسىنىڭ ئۈستىدە غايەت
زور ئات تۇيىقىنىڭ ئىزى بار، بۇ يەردە يەنە ئات باغلايدىغان
بىر موما ياغاچنىڭ ئىزىمۇ بار. شۇڭا، كىشىلەر بۇ يەرنى
ھەزرىتى ئەلىنىڭ تۇلپىرىنىڭ تۇۋىقى چۈشكەن، تۇلپارنى
باغلىغان جاي دەپ قاراپ تاۋاپ قىلىدۇ، بۇ يەر خەلق تىلىدا
«ئات باغلاش غوجام» دەپ ئاتىلىدۇ. كىشىلەرمۇ ھازىرمۇ

زوق - شوق بىلەن «ھەزرىتى ئەلىنىڭ تۇلپىرى شۇنداق ئۇچۇپتۇكى. . . » دەپ رىۋايەت قىلىشىدۇ. دېمەك ئەجدادلىرىمىز مەيلى قايسى زاماندا بولسۇن «ئۇچۇش» تىن ئىبارەت گۈزەل تەسەۋۋۇرنى قەلبىگە پۈكۈپ كەلگەن، سەن دەل ئۇلارنىڭ روھىنىڭ سىمۋولى بولدۇڭ. بۇنداق ئۇلۇغ شەرەپ ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرگىلا نېسىپ بولىدۇ.

— شۇنچە يۇقىرى باھا بەرگىنىڭىزگە رەھمەت بوۋا، بىراق مەن بەك كۆپ بەدەل تۆلەپ كەتتىم، ھاردىم، چارچىدىم. . .

— شۇنداق ئوغلۇم، بۇ دېگەنلىرىڭ راست، سېنىڭ تۆلىگەن بەدەللىرىڭ بەك كۆپ بولۇپ كەتتى. توغرا، پارتىيە، ھۆكۈمەت ساڭا نۇرغۇن شان - شەرەپلەرنى بەردى. بىراق ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئايروپىلانىڭ ھېچقانداق چىقىش يولىغا ئىگە بولالماي توپا بېسىپ يېتىۋاتىدۇ. نەچچە يىلدىن بېرى، سايلىق، تاشلىقلاردا تولا مىنىپ ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن ۋېلىسىپىتىڭنى يەڭگۈشلەشكىمۇ قۇربىتىڭ يەتمىدى، مانا ھازىرمۇ شۇ قەدىناس ۋېلىسىپىتىڭدە بەش كىلومېتىر يولنى كۈندە تۆت قېتىم بېسىپ، مەكتەپتە ئاددىي ئوقۇتقۇچىلىقىڭنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىسەن. گەلۋەتتە، سەن ھوقۇق، پۇل تەمەسىدە ئەمەسسەن، پەقەت ساڭا مۇۋاپىق تەتقىقات شارائىتى، تەتقىقات مەبلىغى ئاجرىتىپ بەرگەن بولسا، تېخىمۇ ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالىغان بولاتتىڭ. خەير، رېئاللىق رەھىمسىزكەن. بىراق، سەن ئوغلۇم روھىڭنى چۈشۈرسەڭ بولمايدۇ. سېنىڭ بۇ تۆھپەڭ تارىخىمىزنىڭ ئالتۇن بەتلىرىگە يېزىلىدۇ، ياش - ئەۋلادلىرىمىز، ئىز باسارلىرىمىز بۇ روھىڭدىن مەڭگۈ ئىلھاملىنىدۇ. بۇ دۇنيا قەھرىمانلار مېھنەت تەرى بەدىلىگە ئايلىنىدىغان دۇنياكەن، سەنمۇ خەلقىمىزدىن چىققان بىر قەھرىمان، «بىزدە قەھرىمان ئۆكۈنمەيدۇ» دېگەن گەپ بار، شۇڭا ئۈمىدۋار بول. ئەمدى مېنىڭ مەسلىھەتىم، ئايروپىلان ياساپ ئۇچۇش، خەلقىمىزگە ئىلھام بېرىش ئارزۇيۇڭ ئەمەلگە ئاشتى. بۇ تورنى تاماملاپ تۈگەتتىڭ. شۇڭا ئەمدى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىن ئەمەلىي نەپ ئېلىپ كېلىدىغان تورلەرنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغىنىڭ ياخشى. بۇنداق قىلساڭ خىزمىتىڭنىمۇ ياخشى ئىشلىيەلەيسەن، ئائىلەڭدىكىلەرنىڭ ئالدىدىكى قەرزىڭنىمۇ ئادا قىلالايسەن. . .



— لېكىن بوۋا، بۇ ئىش مېنىڭ قان - قېنىمغا سىڭىپ كەتكەن ئېتىقاد بولسا كېرەك، شۇڭا بۇ ئىشتىن زادى مېھرىمنى ئۈزەلمەيمەن. ھازىر پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا مائارىپ، پەن - تېخنىكا ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلۇۋاتىدۇ، پەن - تېخنىكا ۋە پەن - تېخنىكا خادىملىرى ئۆز قۇدرىتىنى بارغانچە نامايان قىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، غەربىي رايوننى ئېچىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ساياھەتچىلىكنى ئېچىش ھەققىدە بىر قاتار تەدبىرلەر تۈزۈلۈپ يولغا قويۇلدى، ساياھەتچىلىكنى ئېچىشتا مېنىڭ ئاۋىئاتسىيىگە دائىر ئىجادىيەتلىرىم ئاجايىپ زور تەتقىقات ئىستىقبالىغا ئىگە.

— بىلىمەن ئوغلۇم، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ، بىلىپ، ھېس قىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. سەن ئۆزۈڭ ياسىغان ئايروپىلاننى ئۆزگەرتىپ، ساياھەتچىلىك ئۈچۈن ئىشلىتىش، ھاۋا شارى ئارقىلىق ئىدىقۇت تېغى، بۆيلۇق، يارغول قەدىمىي شەھىرى قاتارلىقلارنى ئاسمان بوشلۇقىدا ئېكسكۇر-

سىبە قىلىش مۇلازىمىتىنى بولغا قويۇش، ئىدىقۇت تېغى ئېغىزلىكىدە توختىماي كۆيۈپ ئىسراپ بولۇۋاتقان تەبىئىي گازنى تورۇبا ئارقىلىق ئىدىقۇت تېغىنىڭ چوققىلىرىغا ئېلىپ چىقىپ، ھەقىقىي «يالقۇنتاغ»قا ئوخشاش مەنزىرە راۋىنى بەرپا قىلىش قاتارلىق ئۇزۇن يىل تەتقىق قىلغان، تۇرپاننىڭ ئەمەلىيىتىگە ماس كېلىدىغان لايىھە، دوكلاتلىرىنى كۆتۈرۈپ ئىدارىمۇ ئىدارە، ئىشىكمۇ ئىشىك دوقۇرۇپ، رەھبەرلەرنى، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنى ئىزدىدىڭ، لېكىن بىرەر ئورۇنمۇ ساڭا لايىقىدا جاۋاب بېرەلمىدى. دوكلات، ئىلتىماسلىرىڭنى تولا كۆتۈرۈپ، تولا قاتراپ ھېرىپ قالدىڭ، ئايىقىڭنىڭ چەممۇ ئۇپراپ كەتتى، يەلكەڭدىكى 50 مىڭ يۈەنگە يېقىن قەرز سېنى ھالسىرىتىۋاتىدۇ...

ئۇجمە بوۋاي بوغۇلۇپ قالغاندەك جىمىپ قالدى. بىر نەچچە تامچە «ياش» بوۋاينىڭ «ساقاللىق يۈزى»دىن سىيرىلىپ چۈشۈپ، «قورۇق»لار ئىچىدە توختاپ قالدى. ئابدۇللا قادىرمۇ ئىختىيارسىز كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ بېشىنى چاڭگاللىدى.

يۈرەكنى ئەزگۈچى ئېغىر سۈكۈتتىن كېيىن، ئۇجمە بوۋاينىڭ ئۇلۇغۋار، ۋەزمىن ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى:

— شۇ نەرسە ھەقىقەتكى، ئوغلۇم، سېنىڭ تۆھپەڭنى ھەرگىز سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ! سەن تۆھپىكار ئوغلانلىرىمىزدىن «پەلەك شاھى» ئادىل ھوشۇر، ۋاسكېتبول چولپىنى ئادىلجان، بوكس چېمپىيونى ئابدۇشۈكۈر، ئابدۇراخمان ئابلىكىم، موتسىكلىت چەۋەندازى جۇرئەتلەرگە ئوخشاشلا، خەلقىمىزنىڭ تومۇرىدا جۇشقۇنلاۋاتقان قەيسەرلىك، تەۋەككۇلچىلىك، جەسۇرلۇق، بەردەملىك، ئەركەكلىك روھىنى نامايان قىلغان، ئاتابىپ ئۆتكۈر تەپەككۇرۇڭ، چوڭقۇر ئەقىل - پاراسىتىڭ بىلەن ئەجدادلارنىڭ شان - شەۋكىتىنى قايتا جەۋلان قىلغان ئەزىمەتسەن. ئارتۇق مەيۈسلەنمە، ئوغلۇم، مى - نى ۋەقەلەرگە شاھىت بولغان، نى - نى قەھرىمانلارنى ياراتقان بۇ مۇقەددەس تۇپراق، باغرى كەڭ ۋە مېھرىلىك خەلقىمىز سېنى ھەرگىز نائۈمىد قويمايدۇ، ساڭىمۇ ئىستىقبال قۇچاق ئاچىدۇ. خۇددى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قەھرىمانلىرىمىزنى يۆلىگەنگە ئوخشاشلا، ساڭىمۇ ساخاۋەتلىك قولىنى سۇنىدىغان، بۇشۇرۇن كۈچى زور بولغان نەتىجىلەرگە مەبلەغ سالىدىغان، ساڭا كۆڭۈل بۆلىدىغان قەلبى دەريا، غورۇرلۇق، مەرد ساخاۋەتچىلەر ھامان چىقىدۇ.

كۆككە قاراپ ھەيۋەتلىك بوي سوزغان قېرى ئۇجمە دەرىخى بىلەن روھ تۇپرىقىنى ئېتىقاد سۈيىدە سۇغىرىپ، خۇش پۇراق گۈللىرىنى ئېچىلدۇرغان بىر ئاددىي ئادەمنىڭ سۆھبىتىگە كائىنات ئۈنسىز قۇلاق سېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. تولۇنئاي بۇ ئىككى سۆھبەتداشنى تېخىمۇ ئوچۇقراق كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن نۇرىنى تېخىمۇ ئەلۋەك سېپەتتى، يۇلتۇزلار ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلغاندەك كۆزلىرىنى قىسىشاتتى...

# تەتقىقات خامىنىدىكى چەشلەر

ئابدۇللا قادىر «ئۇجمە بوۋاي» بىلەن كۆپ قېتىم سىردىشىش جەريانىدا ئۇنىڭ مەسلىھەتلىرىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى ۋە ئايروپىلان تەتقىقاتى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىش بىلەن بىرگە قابىل پەن - تېخنىكا خادىمى، تەپەككۇرى ئويغاق، زېھنى ئۆتكۈر كەشپىياتچى بولۇش سۈپىتى بىلەن كۈندىلىك تۇرمۇشتا كاللىسىغا تەسىر قىلغان ئىشلارنىڭ تۈرتكىسى ئارقىسىدا كۆپلىگەن پەن - تېخنىكا يېڭىلىقلىرىنى ئىختىرا قىلدى. ئۇ يەنە «بىرگە ماھىر، كۆپكە قادىر» شۇنداق كىشى ئىدىكى، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى، توك ئەسلىھەلىرى، زامانىۋى ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىق ئېلېكتر بىلەن بولىدىغانلىكى ھەر قانداق نەرسىنىڭ تىلىنى ئاسانلا ئۆگىنىۋالالايتتى، سىرىنى ئاچالايتتى، رېمونت قىلالايتتى.

— پويىزغا ئولتۇرغاندا رېلىستىن ئىزچىل تۇردە «تاق - تۇق، تاق - تۇق» قىلغان ئاۋاز چىقىپ تۇرىدىكەن، بۇ يولۇچىلارنىڭ خاتىرجەم ئارام ئېلىشىغا تەسىر يەتكۈزىدىكەن. بۇ ئاۋازنى يوقاتقىلى بولامدۇ - يوق؟

— دېھقانلار ھازىرغا قەدەر ئىپتىدائىي تۆمۈر قوراللار بىلەن تەكنى (ئۈزۈم تېلى)نى ئېچىپ كۆمۈۋاتىدۇ، تەكنى ھەر يىلى بىر قېتىم ئېچىپ كۆمۈش بىر مۇنچە ئەمگەك ئىسراپچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ، بۇنى زامانىۋىلاشتۇرغىلى بولامدۇ يوق؟

— ئوقۇتقۇچىلار سىنىپلاردا دوسكىغا بور بىلەن يېزىل-



غان خەتنى ئۆچۈرسە بور توزىقى توزۇپ، سىنىپنىڭ مۇھىتىنى بۇلغاپ، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سالامەتلىكىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزىدۇ. بۇنى ئۆزگەرتكىلى بولامدۇ - يوق؟

— ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن تونۇردا نان يېقىپ، ئىستېمال قىلىپ ئادەتلەنگەن. لېكىن، ھازىرقى شەھەرلەردىكى بىنا ئۆيلەردە تونۇر بولمىغاچقا، ئاھالىلەر ناننى سېتىۋېلىپ يېيىشكە مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ. بىنالارغىمۇ ماس كېلىدىغان تونۇرنى ئىجاد قىلغىلى بولامدۇ - يوق؟

. . .   . . .

ئابدۇللا قادىرنىڭ توختىماي ئويلايدىغان كاللىسى يۇقىرىقى سوئاللارغا جاۋاب ئىزدىگەنچە، تېخىمۇ ئېچىلىپ ئۆتكۈرلىشىپ كېتەتتى. بۇ سوئاللارنى ئويلىغانسېرى ھاياجانلىناتتى، تەسىرلىنەتتى. بۇ تۈرلەرنى بالدۇرراق روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن دەرھال «تەجرىبىخانىسى»غا كىرىۋېلىپ تەتقىقاتنى باشلايتتى. ئۇ بۇ تۈرلەرنى كەشىپ قىلىش ئۈچۈنمۇ نۇرغۇن ۋاقتىنى، زېھنىنى، پۇلىنى سەرپ قىلدى. تۇرمۇش، خىزمەتتە يولۇققان ھەر بىر قىيىنچىلىق، قولايسىزلىقتىن ئىلھام ئېلىپ، كېچە - كۈندۈز بېرىلىپ تەتقىقات ئېلىپ باردى، قايتا - قايتا سىناق قىلدى، ئاخىرى ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىلا، خەلقىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا زور قولايلىق ئېلىپ كېلىدىغان، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلايدىغان، ئىشلەپچىقىرىش ھالقىلىرىنى راۋانلاشتۇرىدىغان ئوندىن ئوشۇق يېڭى تېخنىكىنى كەشىپ قىلدى.

ئۇ كەشىپ قىلغان، پويىز ماڭغان چاغدىكى «تاق - تۇق» قىلغان شاۋقۇن يوقىتىلغان، «يانتۇ ئۇلاش - ئۇلىنىش

شەكلىدىكى رىلىس» دۆلەت پايىتەختى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، ئاب-
دۇللا قادىر پايتەخت گۇۋاھنامىسىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ ئۇ-
زۇن ئۆتمەيلا، خەلقئارا ئېدىسون كەشپىيات مۇكاپاتى فوندى
جەمئىيىتى ئەۋەتكەن بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇپ ئالدى.
خەتتە مۇنداق دېيىلگەن ئىدى: «ھۆرمەتلىك ئابدۇللا قادىر
جانابلىرى، بىز سىزنىڭ ھازىرقى قالاق، شاۋقۇنى كۆپ-
لۈك، تەۋرىنىشچانلىقى ئېغىر بولغان تۆمۈر يولنى ئۆزگەر-
تىش يېڭى چارىسى توغرىسىدىكى كەشپىياتىڭىزدىن خۇشال-
لىق بىلەن خەۋەر تاپتۇق. بۇ دۇنيادىكى ھازىر ئىشلىتىلە-
ۋاتقان تۆمۈر يولدا ساقلىنىۋاتقان شاۋقۇن مەسىلىسىنى ھەل
قىلىش جەھەتتىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇردى. بىز سىزنىڭ
بۇ تۆرىڭىزنى مۇكاپاتلىنىدىغان تۈرلەر ئىچىگە بىرىنچى بو-
لۇپ كىرگۈزدۇق. كۆپ ئۆتمەي سىز جەمئىيىتىمىزنىڭ
مۇنەۋۋەر كەشپىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچى بولۇپ قالىسىز».
كۆپ ئۆتمەي ئابدۇللا قادىرنىڭ خەلقئارا ئېدىسون كەشپىيات
مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىكى ھەققىدە خەۋەر كەلدى ۋە بۇ ھەق-
تىكى گۇۋاھنامىنى تاپشۇرۇپ ئالدى.

كىچىكىدىن يېزىدا، ئۈزۈمزار ماكاندا ئۆسۈپ يېتىلگەن
ئابدۇللا قادىر تەكنى (ئۈزۈم تېلى) كۆمۈپ ئېچىشنىڭ جاپا-
سىنى ياخشى بىلەتتى. تەك كۆمۈشتە ئەمگەك كۈچى كۆپ
كېتەتتى، تېخنىكىلىق تەلىپى يۇقىرى ئىدى. تەك بەك
قېلىن ياكى نېپىز كۆمۈلۈپ قالسىمۇ، توپا بەك قۇرۇق ياكى
نەم بولۇپ قالسىمۇ بولمايتتى. ھەممىسى مۇۋاپىق بولمىسا
كېلەر يىللىق مەھسۇلاتقا ئېغىر تەسىر يەتكۈزەتتى. بۇ خىل
ئەھۋاللارغا قارىتا ئابدۇللا قادىر تەكنى قىشتىن بىخەتەر
ئۆتكۈزۈش تېخنىكىسى، تەك كۆمۈش ماشىنىسى، قوش



سايىلىق كەتمەن قانارلىق ئۈچ كەشپىياتنى بىراقلا ئىجاد
قىلىپ، دېھقانلارنىڭ ئەمگەك سەرپىياتىنى زور دەرىجىدە
تۆۋەنلەتتى. ئۈزۈمچى دېھقانلار بۇ يېڭى تېخنىكىلارنى ئىش-
لىتىپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

نان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈزۈلمەس قىممىتى يۇقىرى، يې-
مەكلىك ئەنئەنىۋى يېمەكلىكى بولسىمۇ، ناننى تونۇرغا يې-
قىپ پىشۇرۇش جەريانى ناھايىتى جاپالىق بولغاچقا، قىز -
ئاياللارغا نىسبەتەن نان يېقىش ئىنتايىن تەس ئىش ھېسابلى-
ناتتى، ھەتتا نان يېقىۋاتقان ئاياللار دىققەتسىزلىكتىن تونۇر-
غا چۈشۈپ كېتىدىغان پاجىئەلەرمۇ سادىر بولغان ئىدى. بۇ
ئەھۋالغا ئابدۇللا قادىر ئىشلىتىشكە قولايلىق، بىنالارغىمۇ
ئېلىپ چىققىلى بولىدىغان، ھەم ئېنېرگىيە تېجەيدىغان تو-
نۇرنى ئىجاد قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان ناۋايلار يىراق - يىراق-
لاردىن كېلىپ تونۇرنى كۆرۈپ، بۇ تونۇرغا ھەقىقىي قايىل-
لىقىنى بىلدۈرۈشتى، قىز - ئاياللار: «بىز ئازادلىققا چىقى-
دىغان بولدۇق» دەپ ماختاپ كېتىشتى.

تۇرپاندا يەر ئاستى سۈيىنىڭ جىددىي تۆۋەنلىشىگە ئە-
گىشىپ، كارىزلار قۇرۇپ كەتكەچكە، ماشىنىلاشقان سۇ
قۇدۇقلىرىدىن پايدىلىنىپ، سۇغىرىش ئېلىپ بېرىلىۋاتات-
تى. لېكىن، سۇ قۇدۇقلىرىنىڭ تۈيۈقسىز گۇمۇرۇلۇپ كې-
تىشى، بوران يامغۇر، كەلكۈن ئاپىتى تۈپەيلىدىن تىنىپ
كېتىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلۈپ، بۇنى ئوڭشاش ئەمگەك كۈ-
چى، تېخنىكا كۈچى ۋە پۇل سەرپ قىلىپ، ئەسلىگە كەلتۈ-
رۈشكە توغرا كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇدۇقلارنىڭ سۇ
پومپىسى ئوغرىلىنىپ تۇرۇۋېلىشىنىمۇ تازىلاش، پاكىزلاشنىڭمۇ تېخنىك
تەلىپى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، بۇمۇ كەنت كادىرلىرىنىڭ

بېشىنى قاتۇرىدىغان بىر مەسىلە ئىدى. بۇ خىل ئەھۋاللار
يۈز بەرگەندە قۇدۇق ئىگىلىرى ئابدۇللا قادىردىن مەسلىھەت
سورايتتى ۋە ئىمكان بار تۆۋەن تەننەرخ بىلەن قۇدۇقلارنى
ئەسلىگە كەلتۈرۈش، تۇرۇبا تازىلاش تېخنىكىسىنىڭ بار -
يوقلۇقىنى سورايتتى. ئابدۇللا قادىر بۇ مەسىلىلەرگە كۆپ
باش قاتۇرۇپ ئاخىرى تىنىپ كەتكەن قۇدۇقلارنى پاكىزلاش
ئەسۋابى ۋە سۇ پومپىسىنى پاكىزلاش ئەسۋابىدىن ئىبارەت
ئىككى كەشپىياتنى ئىجاد قىلىپ، دېھقانلارنىڭ بۇ باش قې-
تىمچىلىقىنى ھەل قىلىپ بەردى.

دېمەك، يۇقىرىقىلارغا ئوخشاش تېخنىكلاردىن ئابدۇللا
قادىر بور توزىقى توزۇمايدىغان ئاپتوماتىك ئۈچۈرگۈچ؛ ئوت-
تۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىر گەۋدىلەش-
كەن پارتا - ئورۇندۇقى؛ مۇھىت ئاسرىغىلى بولىدىغان پار
قازان؛ شوپۇرلار يول يۈرگەندە ئۇيقۇدىن ئاگاھلاندۇرۇش
باش كىيىمى؛ كېچىسى كۆز چاقمايدىغان ماشىنا چىرىغى؛
تەك (ئۈزۈم تېلى) ۋە مېۋىلىك دەرەخلەرگە مەھسۇلات ئاشۇ-
رۇش، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش دورىسىنى
پۈركۈشكە قولايلىق يارىتىدىغان دورا پۈركۈش ماشىنىسى؛
ياشانغانلارنىڭ تەبىئىي ئارام ئېلىش، ئۇۋۇلاش بۆشۈكى؛
كەتمەن، جوتۇ، ئاسقاق قاتارلىق بىر قانچە خىل دېھقانچىلىق
سايمىنى ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولىدىغان ئۆتكۈر چىشلىق
كەتمەن؛ تاقىۋالسا كەينىنى كۆرگىلى بولىدىغان كۆزەينەك؛
تەپچە (كېۋەز شادىسى) ۋە قوناق شاخلىرىنى ماشىنا بىلەن
يىغىۋېلىش، يېرىم پىششىقلاپ ئىشلەش ئۇنىۋېرسال تېخنى-
كىسى؛ ئاپتوماتىك كەپشەرلەش ماشىنىسى؛ قولايلىق جاڭدو
(ئۈزۈن پۈرچاق) كېسىش ماشىنىسى؛ بىر قېتىمدا كۆپ



كېسەك قۇيغىلى بولىدىغان قېلىپ قاتارلىق 20 دىن ئوشۇق
يېڭى تېخنىكىنى ئىجاد قىلىپ، پەن - تېخنىكا تارماقلىرى-
نىڭ يۇقىرى باھاسىغا مۇيەسسەر بولدى. دېھقانلار، شەھەر
ئاھالىلىرى بۇ تېخنىكلارنى ئىشلىتىپ، يۇقىرى ئۈنۈمگە
ئېرىشىپ، ئابدۇللا قادىرغا چىن كۆڭلىدىن مىننەتدار بو-
لۇشتى. ئەپسۇسلىنارلىقى، ئابدۇللا قادىر يۇقىرىقى تېخنى-
كىلارنىڭ ئەۋرىشكىلىرىنى، لايىھىلىرىنى كۆتۈرۈپ، بۇ
تۈرلەرنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش، مەبلەغ سېلىش
ھەققىدە ئون نەچچە پارچە ئىلمىي دوكلات يېزىپ، مۇناسى-
ۋەتلىك تارماقلارغا، يۇقىرى - تۆۋەنگە تالاي قېتىملاپ بار-
غان بولسىمۇ، ئاغزاكى ماختاش، مۇئەييەنلەشتۈرۈشتىن
باشقا ھېچقانداق ئۈنۈمگە ئېرىشەلمىدى. بۇ تېخنىكىلارنى
پاتېنت ھوقۇقى ئېلىشقا يوللاي دېسە، بۇنىڭ ئۈچۈن بىر
مۇنچە پۇل سەرپ قىلىشقا توغرا كېلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە
پاتېنت ھوقۇقى ئالغان تەقدىردىمۇ تېخنىكىغا ئىگە بولىدىغان
ئادەم چىقمىسا يەنە بېسىلىپ قېلىۋېرەتتى. شۇنداق قىلىپ
ھەر قايسى ساھەلەرگە چېتىلىدىغان، ئەمەلىي قوللىنىشچان-
لىقى، ئۈنۈمى يۇقىرى بولغان، ئازراقلا مەبلەغ بىلەن ئىش-
لەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، كۆپ ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى
بولىدىغان بۇ تۈرلەر يىراقنى كۆرەر، تەدبىرلىك ئوغۇل
بالىنىڭ بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن خۇددى جاھاننى زىلزىلىگە
سالغان «تۇرپان 2 - نومۇرلۇق» ئايروپىلان ئۈجمە دەرىخى-
نىڭ ئاستىدا غېرىبسىنىپ ياتقانغا ئوخشاش توپا بېسىپ
يېتىۋەردى.

تەقدىر بىر قىسىم كىشىلەرگە شۇنداق ئېغىر چاقچاق
قىلىدۇكى، ھاياتلىق سەپىرىدە مىڭ جاپالارنى چېكىپ كېتى-

ۋاتقان كىشى بېشىغا چۈشكەن بۇ چاقماقتىن نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالىدۇ. «تەقدىرنىڭ كۆزى قارىغۇ» دېگەن سۆز دەل جايىدا ئېيتىلغان بولۇپ، دۇنيادا «قارىغۇ تەقدىر» نىڭ «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» قىلىشىدىنمۇ ئېغىر زەربە بولمىسا كېرەك. ئابدۇللا قادىر دەل مۇشۇنداق «زەربە» گە ئۇچرىغان ۋاقىتلىرىنى ئويلىغىنىدا بۇ دۇنيانىڭ ھەقىقەتەن كىشى تەسۋىرلىگۈسىز ئىمتىھان، سىناقلارغا تولغان جەڭگاھ ئىكەنلىكىنى، دۇنيادا شۇنداقمۇ مۇتتەھەم، غۇرۇرسىز كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى ئويلاپ، ئىختىيارسىز بېشىنى چايقاپ كېتىدۇ.

1997 - يىلى 8 - ئايدا ئابدۇللا قادىر يېڭى ياسىغان ئايروپىلانىنى يەنە بىر قېتىم سىناق قىلماقچى بولۇپ، سەئىد دېھقان ئايرودرومىغا قاراپ يولغا چىقتى. ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردىكىگە ئوخشاشلا بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان بىر قىسىم كىشىلەر، ئايروپىلان ھەۋەسكارلىرى، ئابدۇللا قادىرنى قوللىغۇچىلار تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن سەئىد دېھقان ئايرودرومىغا كەلدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە شار ئۇچۇرۇش ھەۋەسكارى سەمەتمۇ بار ئىدى. ئابدۇللا قادىر ئايروپىلانىنى بىر قانچە قېتىم سىناق قىلغاندىن كېيىن كۆپچىلىك بىلەن قايتىشقا تەرەددۇتلىنىپ، ئايروپىلانىنى ئاپتوموبىلغا بېسىپ، يولغا چىقتى. سەمەت بىر قانچەيلەن بىلەن بىرگە ئاپتوموبىلنىڭ كوزۇپىغا چىقىۋالدى. ئاپتوموبىل بىرەر كىلومېتىردەك ماڭغاندىن كېيىن تۇيۇقسىز «تاراق» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ كىشىلەر ۋارقىرىشىپ كەتتى. ئابدۇللا قادىر ئاپتوموبىلنى جىددىي توختىتىپ يەرگە چۈشۈپ، ئاپتوموبىلنىڭ كوزۇپىنىڭ ئېچىلىپ كەتكەنلىكىنى، سەمەتنىڭ يەرگە يىقىلىپ



چۈشۈپ، ئىڭراپ ياتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ دەرھال بېرىپ سەمەتنى يۆلەپ، ئىككى قولىنىڭ سۇنۇپ كەتكەنلىكىنى بىلدى - دە، ماشىنىغا سېلىپ تېزلىك بىلەن تۇرپان ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابىتى دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ بېرىپ ياتاققا ئالدۇردى.

ئابدۇللا قادىر سەمەت دوختۇرخانىدا ياتقان مەزگىلدە بىر قانچە قېتىم بېرىپ يوقلىدى، بىر قېتىم بارغىنىدا سەمەت:

— مەن سېنىڭ سەۋەبىڭدىن ھادىسىگە ئۇچرىدىم، دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىپ نۇرغۇن چىقىم تارتتىم. ماڭا بىر ئاز پۇل بەرسەڭ بولىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى. ئابدۇللا قادىر سەمەتنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ:

— ماشىنىغا سېنى مەن چىقارمىدىم، ئۆزۈڭ چىقىۋاپسەن. سېنىڭ يىقىلىپ چۈشۈشۈڭ بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتىم بولمىسا، نېمىدەپ سېنىڭ چىقىمىڭنى كۆتۈرگۈدەكمەن، — دەپ ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى.

ئابدۇللا قادىرنىڭ دوستلىرى بۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ، ھەر ئىككى تەرەپكە نەسىھەت قىلدى، ئاخىرى سەمەت:

— ماڭا مىڭ يۈەن بەرسە بولدى، باشقا ھېچقانداق تەلىپىم يوق، — دېدى. ئابدۇللا قادىر دوستلىرىنىڭ سۆزىگە كىرىپ مىڭ يۈەن بېرىشكە قوشۇلدى. سەمەت ئابدۇللا قادىردىن مىڭ يۈەننى ئېلىپ: «مىڭ يۈەن پۇل ئالدىم، مۇشۇنىڭ بىلەن رازى بولدۇم، بۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق داۋايىم يوق» دەپ ھۆججەت يېزىپ بەردى. ئابدۇللا قادىرمۇ خاتىرجەم بولۇپ ئۆز خىزمىتىنى ئىشلەشكە كىرىشتى.

لېكىن، سەمەت بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالمىدى. ئۇ

دوختۇرخانىدىن چىقاندىن كېيىن قوۋۋەت دورىلىرىنى ئېلىپ بېيىشكە باشلىدى ۋە تۇرپان شەھەرلىق ج خ ئىدارىسى قاتناش ساقچىلىرى چوڭ ئەترىتىدىن شۇ قېتىمقى قاتناش ھادىسىسىنى باھالاپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. قاتناش ساقچى چوڭ ئەترىتى بۇ ھادىسىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئابدۇللا قادىرنى ئىزدىدى، ئابدۇللا قادىر بۇ ئىشتىن ھەيران بولۇپ، سەۋەبىنى سورىغاندا، ئۇلار:

— شۇ قېتىمقى قاتناش ۋەقەسىدە ھادىسىگە ئۇچرىغۇچى تېخى دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋېتىپتۇ، بىزگە قاتناش ۋەقەسىنى تەكشۈرۈپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى، — دېدى. قاتناش ساقچى چوڭ ئەترىتى كۆپ ئۆتمەيلا، بۇ ھادىسىنىڭ جاۋابكارلىقىنىڭ تامامەن ئابدۇللا قادىردا ئىكەنلىكىنى خۇلاسىلەپ، سەمەتنىڭ تۈرلۈك زىيانلىرى ئۈچۈن 6895 يۈەن تۆلەپ بېرىشكە مۇرەسسە قىلدى.

ئابدۇللا قادىر مۇرەسسەگە قايىل بولماي، ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسى قاتناش ساقچىلىرى چوڭ ئەترىتىگە ئەرز قىلدى. ئەپسۇسكى، ئۇلار شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى قاتناش ساقچىلىرى چوڭ ئەترىتىنىڭ قارارىنى كۈچكە ئىگە قىلدى. ئابدۇللا قادىر بۇ قارارغا قايىل بولمىدى. شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى 1999 - يىلى 1 - ئايدا بۇ قاتناش ھادىسىسىدىكى ھەق تەلەپ قىسمىنى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا قالدۇردى.

سەمەتنىڭ ئايالى سەمەتكە ۋاكالىتەن شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز بەردى. ئەرزىدە: «ئېرىم سەمەت ئابدۇللا قادىرنىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن ئۇنىڭ ئايروپىلانىنى يۆتكەشكە ياردەملىشىش جەريانىدا ئاپتوموبىلدىن يىقىـ



لىپ چۈشۈپ ئېغىر دەرىجىدە يارىلانغان. تۇرپان شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى قاتناش ساقچىلىرى چوڭ ئەترىتى شۇ قېتىمقى قاتناش ۋەقەسىنى تەكشۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى پۈتۈنلەي ئابدۇللا قادىرغا ئارتقانىدى. شۇ قېتىمقى قاتناش ۋەقەسىدىن كېيىن ئېرىمنى داۋالىتىش ۋە باشقا چىقىملار ئۈچۈن 6895 يۈەن چىقىم قىلدۇق. ئېرىمنىڭ سالامەتلىكى ھازىرغىچە ئەسلىگە كەلمىدى. ئېرىمنى ئۈچىنچى دەرىجىلىك مېيىپ دەپ بېكىتتى. شۇ ھادىسىدە ئېرىمنىڭ باش قىسمى يارىلانغان، مېڭىسىنى تۆتىنچى دوختۇرخانىغا ئېلىپ چىقىپ داۋالاتمىساق بولمايدۇ. شۇڭا ئابدۇللا قادىر ئېرىمنىڭ داۋالىنىش خىراجىتى ئۈچۈن 14 مىڭ يۈەن تۆلەپ بەرسۇن» دېيىلگەنىدى.

ئابدۇللا قادىر بۇ ئىشلاردىن ھاڭ - تاڭ قېلىپ، «تۇۋا، دۇنيادا مۇشۇنداقمۇ بىشەم ئادەملەر بولىدىكەن» دەپ نەچچە قېتىم ياقىسىنى چىشلىدى ۋە: «بۇنداق كىشىلەرگە يول قويۇشقا قەتئىي بولمايدۇ» دەپ ئويلاپ ئۇلار بىلەن ئاخىرىغىچە تۇتۇشۇش قارارىغا كەلدى. ئەلۋەتتە جەمئىيەتتە ئەگرى نىيەت بىر قىسىم كىشىلەر بولۇش بىلەن بىرگە ياخشى كىشىلەرمۇ نۇرغۇن. بۇ دېلودىن خەۋەر تاپقان تۇرپان «يالقۇنتاغ» ئادۋوكاتلار ئورنىنىڭ مەسئۇلى، تونۇلغان، مەردپەتپەرۋەر ئادۋوكات ئەنۋەر ئابدۇگۇل ئابدۇللا قادىرنىڭ دەۋا ۋاكالەتچىلىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئۇنىڭغا خالىس ياردەم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

سەمەتنىڭ ئايالى سوتقا ئەرز قىلىپ بولغاندىن كېيىن سەمەتنىڭ «ئۈچىنچى دەرىجىلىك مېيىپ» لىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن تۇرپان شەھەرلىك مېيىپلار بىرلەشمىسىگە بېرىپ، ئىلگىرى ئالغان مېيىپلىق كىنىشكىسىنىڭ يىتىپ كەتكەنلىـ

كىنى ئېيتىپ، بېكى كىنىشكىنى تولۇقلاپ ئالدى. تۇرپان شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئابدۇللا قادىرنى چاقىرتىپ، سەمەت ئەر - خوتۇنلارنىڭ ئەرزىنى يەتكۈزدى. ئابدۇللا قادىر ئۇلارنىڭ ئەرزىگە قارىتا: «سەمەت ئۆزى خالاپ ئايروپىلان يۆتكەش ئىشلىرىغا ياردەملىشىش جەريانىدا ئاپتوموبىل كوزۇپىنى چىڭ تۇتماي يىقىلىپ كېتىپ يارىلانغان. ۋەقە يۈز بېرىپ 13 كۈندىن كېيىن، ساقىيىپ كەتتىم، ماڭا پەقەت مىڭ يۈەن پۇل بەرسەڭ داۋايىم يوق، دېگەچكە، مەن مىڭ يۈەن بەرگەن. ئۇنىڭ زەخمىسى ئەينى ۋاقىتتىلا ساقىيىپ كەتكەن، نېرۋىسىنىڭ بۇرۇندىن تارتىپلا دەردى بار. قاتناش ھادىسىسى بىلەن مېنىڭ مۇناسىۋىتىم يوق، ئۇنىڭ داۋا تەلىپىنى قەتئىي رەت قىلىمەن» دەپ جاۋاب بەردى.

شۇنداق قىلىپ ئابدۇللا قادىر سەمەت بىلەن تۇرپان شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، تۇرپان ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىدە قايتا - قايتا داۋالىشىش جەريانىدا ئۈچ يىل ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. بۇ مەزگىلدە ئابدۇللا قادىرنىڭ تولدۇرۇۋالغۇسىز قىممەتلىك ۋاقىتلىرى مۇشۇ ئەرزىمەس ئىش ئۈچۈن ئىسراپ بولدى. روھىي بېسىم، بىر خىل خورلۇق، بوغۇلۇش دەستىدىن ئىچ - ئىچىدىن ئازابلىنىپ، كۆپلىگەن كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى، ھېچ ئىشقا قولى بارمىدى. ئاخىرى 2001 - يىلى 5 - ئايدا ئابدۇللا قادىر ئادۋوكات ئەنۋەر ئابدۇگۇلنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ دەۋادا تولۇق ئۇتۇپ، ھەقىقەت بايرىقىنى جەۋلان قىلدۇردى. ئۇ شۇندىلا قۇياشنىڭ يەنىلا ئىللىق نۇرى بىلەن قەلبلەرنى ئىللىتىدىغانلىقىنى، ھەقىقەتنىڭ يەنىلا غالىب كېلىدىغانلىقىنى، دۇنيانىڭ يەنىلا گۈزەل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، يېنىك نەپەس ئالدى. (دېلو ھەققىدىكى تەپسىلات «شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى» دىن ئېلىندى)



## تىنىم تاپماس يۈرەك

ئابدۇللا قادىرنى نامەلۇم كىشىلەر يېرىم كېچىدە تويۇقسىز ئۆيىدىن تۇتۇپ كېتىپتۇ...

ئابدۇللا قادىر تەكلىماكان قۇملۇقىدا يوقاپ كېتىپتۇ...

ئابدۇللا قادىرنى جەنۇبىي شىنجاڭدا قارا نىيەت كىشىلەر گۆرۈگە ئېلىۋاپتۇ...

ئابدۇللا قادىر ھەققىدە بىردىنلا پەيدا بولغان مۇشۇنداق ئۇسەك سۆزلەر كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى. كۆپىنچە كىشىلەر ئابدۇللا قادىرنى سۈرۈشتۈرۈپ تاپالماي، «بۇ گەپلەر راستمىدۇ» دېيىشىپ ھەيران بولۇشتى. دەرۋەقە شۇ مەزگىلدە ئابدۇللا قادىر تۇرپاندا يوق ئىدى، بۇ مىش - مىش گەپلەر تارقىلىۋاتقاندا ئابدۇللا قادىر راستتىنلا قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز سەلتەنەتلىك شەھەرلەرنى قۇرغان، كېيىن بۇ شەھەرلەر سىرلىق قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن ئانا تەكلىماكاندا ئىدى. بۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتى ئەسلىي مۇنداق ئىدى:

2000 - يىلى 12 - ئايدا مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن ئابدۇللا قادىرغا تېلېفون كەلدى، ئۇلار تېلېفوندا ئۆزلىرىنىڭ جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن بىرلىشىپ، شىنجاڭنىڭ تەكلىماكان قۇملۇقىدىكى لوپنۇر كۆلىنى كەڭ - كۆلەمدە تەكشۈرمەكچى ئىكەنلىكىنى، بۇ تەكشۈرۈشكە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدە تۇنجى بولۇپ ئايروپىلان ياسىغان ئىقتىدارلىق پەن - تېخنىكا خادىمى ئابدۇللا قادىرنى بىللە تەكلىپ قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ لوپنۇر كۆلىنى بوشلۇقتىن

سۈرەتكە ئېلىش، تەرجىمانلىق ئىشلىرىغا ياردەملىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئابدۇللا قادىر بۇ تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، مەكتەپتىن رۇخسەت سورىدى، مەكتەپمۇ ئابدۇللا قادىرغا كۆڭۈل بۆلۈپ، باشقىلارغا تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن ئۇنىڭ جىمجىتلا مېڭىپ كېتىشىنى ئېيتتى. شۇنداق قىلىپ ئابدۇللا قادىر بىر ئۇلۇغ ئىش بىلەن تۇرپاندىن «يوقاپ كەتتى».

2000 - يىلى 30 - دېكابىر كۈنى ئابدۇللا قادىر مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى ئالىم، مۇتەخەسسىس، پروفېسسور، مۇخبىر، سۈرەتكە ئېلىش خادىمىدىن تەركىب تاپقان 12 كىشى بىلەن كورلىدا ئۇچراشتى. ئۇلار كورلىدا تۇرۇشلۇق نېفىت شىتابىنىڭ مەخسۇس قۇملۇقتا ماڭىدىغان، گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن ئاپتوموبىللىرىنى ئارىيەتكە ئېلىپ چاقىلىق ناھىيىسىگە قاراپ يولغا چىقتى. بۇ گۇرۇپپىنىڭ مەقسىتى: قۇرۇپ كەتكىنىگە 40 يىلدىن ئاشقان لوپنۇر كۆلىنى، زور تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە كروران قەدىمكى شەھىرىنى، ھازىرغىچە تېپىلمايۋاتقان كىچىك دەريا قەبرىستانلىقىنى تەكشۈرۈش، سۈرەتكە ئېلىش، ماتېرىيال توپلاشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ گۇرۇپپا ئالدى بىلەن چاقىلىق ناھىيىسىگە كېلىپ، يەرلىكنىڭ ماسلىشىشى بىلەن 100 ياشتىن ئاشقان ئۈچ بوۋاينى زىيارەت قىلدى. بۇ بوۋايلار لوپنۇر كۆلىنىڭ تارىخىنى سۆزلەپ، ئەينى ۋاقىتتا لوپنۇر كۆلىدە سۇنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى، كۆلدە نۇرغۇنلىغان بېلىق، قۇشلارنىڭ، كۆل ئەتراپىدا توغراق، قومۇشلارنىڭ بولغانلىقىنى، كېيىن كۆل سۈيىنىڭ ئاستا - ئاستا قۇرۇپ كەتكەن-



لىكىنى سۆزلەپ بەردى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى چاقىلىقتىن 60 كىلومېتىر يول يۈرۈپ، جۇڭگو ئالىملىرى تېخى قەدەم باسمىغان كىچىك دەريا قەبرىستانلىقىغا كەلدى. بۇ يەردە ئېگىزلىكى 25 مېتىر، دىئامېتىرى 50 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدىغان بىر چوڭ قۇم دۆۋىسى بولۇپ، قۇم دۆۋىسىنىڭ ئۈستىدە بىر قەدىمىي، كۆلىمى زور، قىممىتى يۇقىرى بولغان قەبرىستانلىق بايقالدى. بۇ يەردە كۆركەم نەقىشلىك 20 تال تۈۋرۈك، پارچىلىنىپ كەتكەن چوڭ جەسەت ساندۇقى، يېرىم ئېچىلىپ قالغان سېرىق چاچلىق جەسەتلەر بار بولۇپ، ئالىملار بۇ يەرنى كروران پادىشاھلىرىنىڭ بىرىنىڭ قەبرىستانلىقى بولسا كېرەك، دەپ ھېسابلاشتى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى چەت ئەللەردە نەشر قىلىنغان كىچىك دەريا قەبرىستانلىقى ھەققىدىكى ماتېرىياللار، نىشان كۆرسەتكۈچ، كومپاس، خەرىتە قاتارلىق ئىلغار تەكشۈرۈش ئەسۋابلىرى بىلەن بۇ قەبرىستانلىقنى قىينالمايلا تاپقان بولۇپ، ئالىملار لوپنۇر قۇملۇقىدا ئالتە كۈن تۇرۇپ، لوپنۇر كۆلىنىڭ شەكىللىنىش، قۇرۇپ كېتىش ئەھۋاللىرى، ياردالڭ ئەتراپىدىكى تۇرلارنىڭ تارىخى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈپ سۈرەتكە ئالدى ۋە لوپنۇر قۇملۇقىنىڭ كۆلىمى 10 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، تارىخى 40 مىڭ يىل ئەتراپىدا دەپ ھېسابلاشتى. ئۇلار يەنە كروران قەدىمكى شەھىرىنى يەنە بىر قېتىم تەكشۈرۈپ زىيارەت قىلىپ، تەپسىلىي سۈرەتكە ئالدى.

گۇرۇپپىدىكى ئابدۇللا قادىر قاتارلىق خادىملار تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ بىرىنچى ئايدىكى جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇقىدا چېدىر تىكىپ، قۇرۇپ كەتكەن توغراقلارنى قالاپ، ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن تەييار يېمەكلىكلەرنى يەپ مەشغۇلات

ئېلىپ باردى. شارائىت ئىنتايىن قىيىن ئەھۋال ئاستىدىمۇ جاپاغا چىداپ چوڭقۇرلاپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، كۆپلىگەن قىممەتلىك ماتېرىياللارغا ئېرىشتى.

بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش جەريانىدا ئابدۇللا قادىر ھاۋا شارى بىلەن بوشلۇقتىن سۈرەتكە ئېلىش، يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن ئالاقىلىشىش، تەرجىمانلىق قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يۇقىرى بوشلۇق تېخنىكىسى، كىشىلىك ساپاسى، جاپاغا چىداش روھى، ئىش بېجىرىشتىكى ماھىرلىقى، تارىخىي ئىزلارغا بولغان مۇھەببىتى بىلەن ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. بۇ ئىلىم ئەھلىلىرى «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىچىدە تۇنجى بولۇپ ئايروپىلان ياساپ ئۇچقان تالانتلىق شەخس» دەپ تونۇيدىغان ئابدۇللا قادىرغا ئالاھىدە ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى. شۇنداق قىلىپ ئابدۇللا قادىر قاتارلىقلار 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنىگە قەدەر لوپنۇر قۇملۇقىدا، ئەجدادلىرىنىڭ روھى ئايلىنىپ يۈرگەن قەدىمكى قەبرىستانلىقلاردا ئۆزلىرىنىڭ ئەھمىيەتلىك ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ، قىممەتلىك ماتېرىيال، سۈرەتلەرنى توپلاپ قايتىپ كەلدى.

2002 - يىلى 1 - ئايدا مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئابدۇللا قادىرنى يەنە بىر قېتىم تەكلىپ قىلدى. ئۇلار «غەربكە يۈرۈش» فىلىمىدىكى ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرى ۋە ئىدىقۇت تېغىنى سۈرەتكە ئالماقچى بولۇپ، ئابدۇللا قادىرنى ئىسسىق ھاۋا شارى بىلەن بوشلۇقتىن سۈرەتكە ئېلىشقا ياردەملىشىشكە چاقىردى. ئابدۇللا قادىر بۇ قېتىممۇ ناچار ھاۋا كىلىماتىغا، قاتتىق سوغۇققا بەرداشلىق بېرىپ، ھاۋادا بولىدىغان مەشغۇلاتتا كۆرۈلۈش ئېھتىمالى بولغان



خەتەرلەرگە تەۋەككۇل قىلىپ، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق سۈرەتكە ئېلىشىغا زور ھەسسە قوشتى ۋە ئۇلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى.

2002 - يىلى شىئەن كىنو ستۇدىيىسى پىچاندا بىر كىنونى سۈرەتكە ئالغاندا ئۇ ئۆزىنىڭ ئىسسىق ھاۋا شارى بىلەن ئۇلارغا ئىككى كۈن مۇلازىمەت قىلىپ، ھاۋادىن سۈرەتكە ئېلىشقا ياردەملەشتى.

ئابدۇللا قادىر ئەمدى ھاۋا شارىغا قىزىقىپ قالغان بولۇپ، 1999 - يىلى ئۈرۈمچىدىن 20 مىڭ يۈەنگە بىر دانە ھاۋا شارى سېتىۋالدى، 2001 - يىلى تيەنجىن ئاۋىئاتسىيە مەكتىپى بىلەن ئالاقىلىشىپ، 10 مىڭ يۈەنگە يەنە بىر دانە ھاۋا شارى سېتىۋېلىپ ئېلىپ كەلدى. ھاۋا شارىنىڭ ئەسلىي باھاسى 70 - 80 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇرۇن بىر مەزگىل ئىشلىتىلگەن شارلارنى سېتىۋالغاچقا، ئۇنىڭغا ئەرزان توختىغانىدى. 2002 - يىلى 9 - ئايدا ئۇ 9 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ، ئاۋىئاتسىيە تارماقلىرىنىڭ ئۇچۇش بەلگىلىمىسىدىكى ئۆلچەملەرگە ئۇيغۇنلىشىپ، ئىسسىق ھاۋا شارىدا ئۇچۇش كىنىشكىسى ئالدى. بۇنىڭ بىلەن ئابدۇللا قادىر مەملىكىتىمىزدىكى ئىسسىق ھاۋا شارىدا ئۇچۇش پراۋىسى ئالغان 150 ئۇچقۇچىنىڭ بىرى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىچىدە ئۇچۇش كىنىشكىسى ئالغان بىردىنبىر ئۇچقۇچى بولۇپ قالدى. 1997 - يىلى دۆلىتىمىزدە ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ شەخسىي ئۇچقۇچىلىق كىنىشكىسى ئېلىشنى ئىلتىماس قىلىش چېكى قويۇپ بېرىلدى، بۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم ئاۋىئاتسىيە كۇلۇبلىرى كەينى - كەينىدىن قۇرۇلۇپ،

ئۇچقۇچىلىق كىنىشكىسى ئالىدىغانلارنى تەربىيىلەش ۋە ئۇچقۇچىلىققا دائىر كۆڭۈل ئېچىش مۇلازىمەتلىرى قانات يايدۇرۇلدى. شەخسىي ئۇچقۇچىلىق كىنىشكىسى ئېلىشقا جەمئىي 35 مىڭ يۈەن كېتىدۇ، ئوقۇغۇچىلار 40 سائەتلىك نەزەرىيە ئۆگىنىش ۋە 30 سائەتلىك ئاسماندا ئۇچۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغاندىن كېيىن ئاندىن ئادەتتىكى ھاۋا رايىدا ئەڭ يېنىك تىپتىكى ئايروپىلاننى ھەيدىيەلەيدىغان بولىدۇ.

ئابدۇللا قادىر ئۆزىنىڭ ھاۋا شارىغا قىزىقىپ قالغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: مەن ئۇزۇن يىل ئايروپىلان تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاخىرى ئۆزۈم ئايروپىلان ياساپ ئۇچۇش مەقسىتىمگە يەتتىم. تەجرىبىلەردىن شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئايروپىلان ياساپ ئۇچۇش ئىنتايىن خەتەرلىك ھەم جاپالىق ئىشكەن، ئايروپىلاندا ئۇچۇش پراۋىسى ئېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل كېتىدىكەن. يەنە بىر تەرەپتىن دۆلەت شەخسلەر ياسىغان ئايروپىلاندا ئۇچۇش، ئېلان ئىشلەش قاتارلىق مەشغۇلاتلارغا يول قويمايدىكەن. ھاۋا شارى بىلەن ئۇچسام ھەم ئەرزان، ھەم خەتىرى ئاز ئىكەن، بۇنىڭدا ئېلان، تەشۋىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، مەلۇم ئىقتىسادىي كىرىمگە ئېرىشەلەيدىكەنمەن. ئەڭ مۇھىمى كۆكتە ئۇچۇش مەقسىتىمگە يېتەلەيدىكەنمەن. مانا ھازىرقى ئەمەلىيەت بۇ تاللىشىمنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

2000 - يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تۇرپان شەھىرى «1 - ماي خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمى» نىڭ قىزغىن كەيپىياتىغا چۆمۈلگەن بولۇپ، كوچىلاردا ئادەم ناھايىتى كۆپ ئىدى. بىر قىسىم كىشىلەر تۇرپان شەھىرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان ساياھەت - مەدەنىيەت مەيدانىغا سەلدەك ئاقماقتا



ئىدى. بۇ يەردە ئابدۇللا قادىر ھاۋا شارى بىلەن ئۇچۇش ماھارىتى كۆرسىتىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتقان بولۇپ، بىر قانچە شاگىرتلىرى بىلەن ھاۋا شارىنى ئۇچۇرۇش مەشغۇلاتىنى ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. ئادەتتە ھاۋا شارى دېلۇۋلىڭ رەختتىن ياسالغان غايەت چوڭ شار. شار ئۇچۇرۇپ ئېلىپ ماڭىدىغان، شارنىڭ ئاستىغا ئېسىلىدىغان كىچىك سېۋەت، سېۋەتكە جايلاشتۇرۇلغان گاز تۆگى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، سېۋەتتە تۇرغان كىشى گاز تۆگىدىن شارنىڭ ئىچىگە قارىتىپ ئوت پۈركۈيتتى، شار ئىسسىق ھاۋا بىلەن توشقاندىن كېيىن تەبىئىي ھالدا كۆپۈپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلەتتى ۋە شامال يۆنىلىشىنى ئاساس قىلىپ ئۇچۇشقا باشلايتتى. گازنىڭ مىقدارى ئارقىلىق شارنىڭ يۆنىلىشى، سۈرئىتى بەلگىلىنەتتى. دەسلەپتە ئابدۇللا قادىرنىڭ بىر قانچە شاگىرتى شارنىڭ ئىككى تەرىپىگە چىگىلگەن ئۇزۇن ئاغامچىنى چىڭ تۇتۇپ شارنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ تۇردى. چۈنكى، شارغا ھەر قېتىم ئوت پۈركۈلگەندە شار ئۇيان - بۇيانغا ئىرغاڭلاپ، سېۋەتنى قاتتىق پولاڭلىتىپ، كىشىلەرنى قاتتىق قورقىتىۋەتتى، بولۇپمۇ بۇ كۈنى ئازراق شامال چىقىپ تۇرغاچقا، شار ھاۋادا زادىلا جىم تۇرمىدى. كىشىلەر «بۇ سېۋەت مۇنداق پولاڭلاپ تۇرسا، قانداقمۇ ئۇچقىلى بولىدۇ» دېيىشىپ ئابدۇللا قادىرنى ئۇچماسلىققا دەۋەت قىلدى. لېكىن، ئابدۇللا قادىر ئۇلارغا ئارتۇق ئىپادە بىلدۈرمەي، گاز تۆگىنىڭ قاپقىقىنى چىڭ تۇتۇپ ھەدەپ شار ئىچىگە ئوت پۈركۈشكە باشلىدى. ھەر قېتىم «گۈر» قىلىپ ئوت پۈركۈلگەندە شار ئاچ ئەجدىھادەك ئىرغاڭلايتتى، سېۋەتتە تۇرغان ئابدۇللا قادىر بولسا، شاختا ئېسىلىپ قالغان قەغەز

ئۇچقۇدەك دەھشەتلىك پۇلاڭلايتتى، يەردىكى ئالامان بولسا،
چۇرقىراشقىنىچە ئۇياق بۇ ياققا قېچىشاتتى. ئاخىرى شارنىڭ
ئىچى گاز بىلەن توشۇپ يەردىن كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى،
ئابدۇللا قادىرنىڭ شاگىرتلىرىمۇ شارنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى
ئارغامچىنى قويۇۋەتتى. ئابدۇللا قادىر سېۋەت ئىچىدە گاز
قاپقىقىنى قەيسەرلىك بىلەن باشقۇرۇپ، تىنىمسىز چايقىلى-
ۋاتقان سېۋەتتە تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ، ئاستا - ئاستا بۇلۇت-
لارنىڭ قەھرىگە كىردى ۋە غەربكە سۈرۈلگىنىچە كۆزدىن
غايىب بولدى.

2001 - يىلى 7 - ئايدا جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركى-
تىنىڭ تۇرپان شۆبە شىركىتى ئابدۇللا قادىرنىڭ ئۇچۇش
تېخنىكىسى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇ-
نىڭغا 68 مىڭ يۈەنگە بىر دانە ماتورلۇق پاراشوت ئېلىپ
بەردى. ئابدۇللا قادىر قەرەلسىز ھالدا خەلق سۇغۇرتا شىر-
كىتىنىڭ بەلگىسى چاپلانغان، تەشۋىقات لوزۇنكىسى ئېسىل-
غان پاراشوت بىلەن تۇرپان ئاسمىنىدا ئۇچۇپ ماھارەت كۆر-
سىتىپ، خەلق سۇغۇرتىسىنى تەشۋىق قىلىدىغان، باشقا ۋا-
قىتتا پاراشوتنى ئابدۇللا قادىر ئىشلىتىدىغان بولۇپ كېلىش-
تى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇللا قادىر ھەر يىلى ئەمگەكچىلەر
بايرىمى، ياشلار بايرىمى، باللار بايرىمى، ئۈزۈم بايرىمى،
ئۆكتەبىر بايرىمى قاتارلىق بايرام، خاتىرە كۈنلەردە ئىسسىق
ھاۋا شارى ۋە ماتورلۇق پاراشوت بىلەن كۆككە پەرۋاز قى-
لىپ، تۇرپان ئاسمىنىدا خالىس ماھارەت كۆرسىتىپ، كەڭ
ئاممىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپلا قالماي، ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ
سەبىي قەلبىگە پەن - تېخنىكا ئۇرۇقىنى چاچتى، كۆككە



بولغان مۇھەببەتنى ئويغاتتى. ئېگىلمەي - سۇنماي تىرىشىپ
ئۆگەنگەندىلا، تەتقىق قىلغاندىلا نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدى-
غانلىقىنى، ھەر قانداق شەكىل بىلەن كۆكتە ئۇچقىلى بولى-
دىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى، ئۇنىڭ بۇ ئۇلۇغ روھى نۇر-
غۇنلىغان ياش - ئۆسمۈرلەرگە ئىلھام بولدى. تۇرپان خەلقى
پات - پاتلا ئابدۇللا قادىرنىڭ ئاسماندا ئىسسىق ھاۋا شارى
ياكى ماتورلۇق پاراشوت بىلەن ئۇچۇۋاتقانلىقىنى كۆرىدىغان
بولدى. ئۇلار پەخىرلەنگەن ھالدا: «ئۇچۇۋاتقان ئابدۇللا قا-
دىر جۇمۇ!» دېيىشىدىغان، ئۇچۇش ئۇلارغا يېڭىلىق تۇيۇل-
مايدىغان بولدى. تۇرپان ئاسمىنىدا بىر ئادەمنىڭ پات - پاتلا
ئۇياق - بۇياققا ئۇچۇپ يۈرۈشى خەلقنىڭ ئۇچۇشقا بولغان
ئارزۇسى، تەقەززالىقىنى زور دەرىجىدە قاندۇردى. ئابدۇللا
قادىرمۇ پات - پات كۆك بىلەن سىردىشىپ تۇرۇش تەشنالى-
قىنى قاندۇرۇپ تۇرۇش بىلەن بىرگە ئېلان، تەشۋىقات،
سۈرەتكە ئېلىش قاتارلىق شەكىللەر بىلەن مەلۇم كىرىمگە
ئىگە بولدى.

ئۇنىڭ ئىسسىق ھاۋا شارىدا ئەڭ كۆپ ئۇچقان ۋاقتى
2002 - يىلى 7 -، 8 - ئايلار بولدى. بۇ مەزگىلدە شىخۇ
پىۋا زاۋۇتى ئۇنى جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىسسىق ھاۋا شارى
بىلەن بىر ئاي تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش، بۇنىڭ ھەققى ئۇ-
چۈن 23 مىڭ يۈەن بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. ئۇ بۇ مەسىلى-
دە جىددىي ئويلىنىشقا دۇچ كەلدى: ئۇ بۇ ئىشنى قىلاي
دېسە، ئۇ ئەزەلدىن ھاراق تۈرىدىكى ئىچىملىكلەر روھنى
چىرىتىدۇ، مىللەتنى گۇمراھلىققا يۈزلەندۈرىدۇ، دەپ قا-
راپ بۇ خىل «كەيپ» لەرگە قەتئىي قارشى تۇراتتى. ئۇنىڭ
ئۈستىگە ئۇنىڭ ئايروپىلان ياساش، كۆكتە ئۇچۇشتىكى مەق-

سىتى خەلقىنىڭ پەن - تېخنىكا، تەرەققىيات ئېڭىنى ئويغىتىش ئىدى. ئۇ مانا مۇشۇنداق ئۇلۇغ مەقسەتنى نىشان قىلغانلىقى ئۈچۈنلا، قەدىردان خەلقى ئۇنىڭغان مۇناسىپ ھۆرمەت، شان - شەرەپلەرنى ئاتا قىلغانىدى. ئەمدى ئۇ بىر ئۆرۈلۈپلا ئۇيغۇرنىڭ ئۈچۈشىدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ھەرىكەتنى ھاراقنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرسا قانداق بولىدۇ؟ مۇشۇنداق ئويلار بىلەن ئۇ ئىلگىرى ئىلى ھاراق زاۋۇتى ئۇنى يۇقىرى تەمىنات بىلەن ئېلان، تەشۋىقات ئىشلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغاندا قەتئىي رەت قىلغانىدى. مانا ئەمدى پېۋا زاۋۇتىنىڭ كەپتۇ، بۇ تەكلىپنى رەت قىلاي دېسە، 23 مىڭ يۈەن ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاز پۇل ئەمەس ئىدى. لېكىن، ئەسلىي ئۆلچەم بويىچە ئېيتقاندا بۇ پۇل ئىنتايىن ئاز بولۇپ، ھاۋا شارى بىلەن ئۇچۇپ ئېلان ئىشلىگەندە بىر سائىتى ئۈچۈن 3 مىڭ يۈەن ھەق ئېلىناتتى، شىخۇ پېۋا زاۋۇتى بولسا ئابدۇللا قادىرغا سائىتىگە 300 يۈەن بېرىشكە ماقۇل بولغانىدى. ئەگەر ئۇ بۇ ئىشنى ئالمىسا، قىلىدىغان باشقا ئادەم چىقاتتى - دە، ئۇ 23 مىڭ يۈەندىن قۇرۇق قالاتتى. ئابدۇللا قادىر ئاخىرى قايتا - قايتا ئويلىنىش ئارقىلىق توختام بويىچە ئېلان ئىشلەپ بېرىش، لېكىن ھېچقانداق يەردە ئۆزىنىڭ نامىنى تىلغا ئالماسلىق شەرتى بىلەن ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى. شىخۇ پېۋا زاۋۇتىدىكىلەر ئۇنىڭ نېمىشقا بۇنداق شەرت قويىدىغانلىقىنى سورىغاندا ئابدۇللا قادىر ئۇلارغا باشقىچە چۈشەندۈرۈپ: «ھازىر مېنىڭ ئىسمىمنىڭ ئۆزى بىر داڭلىق ماركا، سىلەر ئەگەر مېنىڭ نامىمدىن پايدىلانماقچى بولساڭلار، ماڭا تېخىمۇ يۇقىرى ھەق بېرىشىڭلار كېرەك. لېكىن، سىلەر پەقەت مېنىڭ ئىسسىق



ھاۋا شارىمدىن، ئۈچۈش تېخنىكامدىنلا پايدىلانماقچى، شۇڭا ئىسمىمنى تىلغا ئېلىشىڭلارغا يول قويمايمەن» دېدى. ئابدۇللا قادىر شىخۇ پېۋا زاۋۇتىدىكىلەر بىلەن 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تۇرپاندىن يولغا چىقىپ، قاراشەھەر ناھىيىسىدىن باشلاپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ خوتەندىن باشقا ھەممە ناھىيە، شەھەر، يېزىلىرىغىچە بېرىپ ئېلان، تەشۋىقات خىزمىتى ئىشلىدى. ئابدۇللا قادىر كورلا، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، قاغىلىق، پوسكام قاتارلىق ناھىيە، شەھەرلەردە ھەر قايسى يېزىلارنىڭ جۈمەلىك، شەنبىلىك، يەكشەنبىلىك بازارلىرىدا ئىسسىق ھاۋا شارى بىلەن ئۇچۇپ ماھارەت كۆرسەتتى. بۇ چاغدا مىڭلىغان ئالامان شارنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ، ھەيرانلىق ئىلكىدە ئابدۇللا قادىرنىڭ ئۇچقىنىنى كۆردى، دوپپىلىرىنى چىڭ تۇتقىنىچە كۆككە تىكىلىپ، ئابدۇللا قادىرغا قىزغىن ئالقىش، مەدھىيىلەرنى ياڭراتتى.

بۇ قېتىمقى جەنۇب سەپىرىدە ئابدۇللا قادىر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئايروپىلانغا، كۆكتە ئۇچۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنىڭ، قىزىقىشىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئۇ ئۇچۇش ماھارىتى كۆرسىتىۋاتقان مەيدان، بازارلاردا ئادەم شۇنچىلىك كۆپ ئىدىكى، ج خ تارماقلىرىدىكى ساقچىلار تەرتىپ ساقلىمىغاندا ئۇچۇش ئەسلا مۇمكىن بولمىغان بولاتتى. ئابدۇللا قادىر بۇ جەرياندا كىشىلەرنىڭ «پېۋىنى داڭلىغان ئىشكەن» دېگىنىنى ئاڭلىغىنىدا ئوتتا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ، ئۆز - ئۆزىدىن قاتتىق خورلۇق ھېس قىلدى. شۇڭا، ئۇ ئۇچۇش ۋەزىپىسىنى تاماملاپلا، كىشىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ پىنھان جايلاردا ئايلىنىپ يۈردى، كىشىلەر بىلەن پاراڭلىشىشتىن، سالاھىيىت-

نىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن قاتتىق ئېھتىيات قىلدى. ھازىر بىزنىڭ بىر قىسىم چولپانلىرىمىز باركى، ئۇلار پۇل ئۈچۈن ھەر قانداق ئىبلانغا چىقىشتىن يانمايدۇ، ھەر خىل جامائەت سورۇنلىرىدا، تېلېۋىزور ئېكرانىدا قىلچە خىجىللىق ھېس قىلماستىن غادىيىپ تۇرۇپ، قولىدىكى ھاراق، تاماكا، ھەر خىل كىيىم، يېمەكلىك قاتارلىقلارنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خەلق قەلبىدىكى ئوبرازىنىڭ بارغانچە تۇتۇقلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلمايدۇ. بۇلارغا سېلىشتۇرغاندا ئابدۇللا قادىرنىڭ ۋىجدان ئازابى ئىنتايىن قىممەتلىك ئەلۋەتتە!

ئابدۇللا قادىر ھازىرغا قەدەر ماتورلۇق پاراشوتتا 30 قېتىمدىن، ئىسسىق ھاۋا شارىدا 150 قېتىمدىن، ئايروپىلاندا 8 قېتىمدىن ئارتۇق ئۇچتى. لېكىن، خەتەر قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىسىدا تۇرىدىغان بۇنداق ئۇچۇشلاردا بىر قانچە قېتىم جانغا تاقىلىدىغان خەتەرلىك ئەھۋاللار كۆرۈلدى: 2002 - يىلى ئەمگەكچىلەر بايرىمى ۋە ياشلار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئابدۇللا قادىر ماتورلۇق پاراشوتتا 100 مېتىر ئېگىزلىكتە 50 كىلومېتىر سۈرئەت بىلەن ماھارەت كۆرسىتىپ، يەرگە چۈشۈش ئۈچۈن تۆۋەنلەپ 80 مېتىر ئېگىزلىككە كەلگەندە تۇيۇقسىز ماتوردىن تېخنىكىلىق كاشىلا چىقىپ، يەرگە قاراپ تېزلىكتە تۆۋەنلەشكە باشلىدى. بۇ چاغدا ئابدۇللا قادىر ئۇچۇپ تۇرپان شەھىرىنىڭ غەربىدىكى يار يېزىسى تەۋەسىگە كېلىپ قالغان بولۇپ، شار توغرا تارتىلغان ئېلېكتر سىمىغا سوقۇلۇپ، بىر تال تۈۋرۈك ئۆرۈلۈپ چۈشتى. بەختكە يارىشا ئابدۇللا قادىر ئانچە ئېغىر زەخىم



يېمىدى. ئۇ توك يولى ۋە ئېلېكتر ئەسلىھەلىرىنى پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە، دېھقان ئائىلىلىرىگە 150 يۈەن تۆلەم تۆلەپ بەردى. يەنە شۇ يىلى ئۈزۈم بايرىمىدا ئابدۇللا قادىر ئىسسىق ھاۋا شارى بىلەن 1000 مېتىر ئېگىزلىككە چىقىپ شەھەر ئاسمىنىدا ماھارەت كۆرسىتىۋاتقاندا ھاۋا تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ، شارنى باشقۇرغىلى بولماي قالدى، نەتىجىدە ئابدۇللا 25 كىلومېتىر يىراقلىققا قاڭقىپ چۈشۈش بىلەن بىرگە، يەرگە چۈشكەندىن كېيىنمۇ 200 مېتىر جايغا سۆرىلىپ بېرىپ، خېلى ئېغىر يارىلاندى. نېمىلا بولمىسۇن ئابدۇللا قادىر يەنىلا ئامان قالدى، ئۇ ئەزەلدىن مۇھەببەت باغلاپ كېلىۋاتقان، كۆپ قېتىم ئاسمان ئۈردىسىغا چىقىپ يەردىكى ئىنسانلارنىڭ سالىمىنى يەتكۈزگەن، ئۆزىنىڭ چەكسىز ئېتىقادىنى، دوستلۇق رىشتىسىنى ئىپادىلىگەن كۆك ئۇنى قۇتقۇزۇپ قالدى، تەڭرى ئۇنى ئۆز پاناھىدا ساقلىدى. شۇڭا، ئابدۇللا قادىر چوڭقۇر ئىشق، مۇھەببەت ئىچىدە ئۇچۇشنى داۋاملاشتۇرىۋەردى.

# تەقدىر قىسمەتلىرى

ئابدۇللا قادىرنى ئەڭ ئازابلىغىنى جىسمانىي زەخمە ئە-
مەس، روھىي زەربە بولدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۈستىدە تارقى-
لىۋاتقان ھەر خىل پىتنە - پاساتلار، سۆز - چۆچەكلەر ئۇنى
قاتتىق ئازابلىدى. «خەلقىمىز قانداق بولۇپ قالغاندۇ؟ -
دەپ ئويلايتتى ئۇ چەكسىز ئىزتىراپقا چۈشۈپ، - ئەمدى
بىرى باش كۆتۈرۈپ چىققۇچە ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىدىغانلار،
كۆرەلمەيدىغانلار، ئورا كولايدىغانلار، ھەر خىل پىتنە -
پاسات بىلەن سېسىتىدىغانلار تېخىمۇ كۆپلەپ چىقىۋاتقان.
پالانى ناخشىچى خىروئىنغا ئۆگىنىپ قاپتۇ، پۈكۈنى چولپان
ئېرىنى ئاشنىسى بىلەن تۇتۇۋاپتۇ، پۇستانى ئۇسسۇلچى ئايا-
لىدىن ئاجرىشىپ كېتىپتۇ. . . ھەيرانمەن، كىشىلەر بۇنداق
گەپلەرنى زادى نەلەردىن تاپىدىغاندۇ؟ گەپ تاپقانلارنىغۇ قو-
يۇپ تۇرايلى، ئېمىشقا بۇ گەپلەر ھېچ نەرسىگە قىزىقىشى
يوق، جاھان بىلەن ئىشى يوق كىشىلەرنىمۇ شۇنچە قىزىقتۇ-
رىدىغاندۇ، شۇنچە جەلپ قىلىدىغاندۇ؟ ئېمىشقا ئۇلار بۇ
گەپلەرنى ئاڭلىسا ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ كې-
تىدىغاندۇ، بىر - بىرىگە يەتكۈزۈشكە شۇنچە ئالدىرىشىدىغان-
دۇ؟ ئۇلار مۇشۇنداق تۈكى يوق خەۋەرلەرنى ئەڭ ئالدى
بىلەن باشقىلارغا ئۇقتۇرالىغانلىقىدىن پەخىرلىنەمدىغاندۇ،
مۇشۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنى چوڭ چاغلامدىغاندۇ؟ بوۋىلىرى-
مىزدىكى ياخشى خەۋەر بىلەن كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدىغان،
يامان خەۋەرنى كۆپچىلىكتىن پىنھان تۇتىدىغان ئېسىل ئەنئە-
نە نەگە كەتتى؟ مەن يا بۇ خەققە ھېچقانداق دەخلى - تەرۇز



يەتكۈزمىسەم، مەنپەئەتىگە ھېچقانداق زىيان سالمىسام، بې-
شىمنى تىقىپ ئۆز ئىشىم بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتسام مېنىڭ
ئۈستۈمدىن نېمىشقا گەپ تاپىدىغاندۇ؟ تووۋا خۇدايىم، توۋ-
ۋا. . .»

ئابدۇللا قادىرنىڭ ئويلىغانلىرى توغرا ئىدى، جەمئى-
يەتتە شۇنداقمۇ كىشىلەر باركى، ئۇلار باشقىلارنىڭ ئەيىبى-
نى، پىنھان جايلىرىنى ئېچىشتىن خۇشاللىق تاپاتتى، ھېچ-
قانداق قۇسۇر تاپالمىسا، كۆتىگە بىرنى شاپىلاقلاپلا گەپ
تېپىپ، ئۆزىدىن ئېشىپ كەتكەنلەرنى سېسىتىۋالغانلىقىدىن
قىن - قىنىغا پاتماي كېتەتتى. بۇنداق كىشىلەرنىڭ قەلبىدە
«ھەسەت» تىن ئىبارەت بىر چايان بار ئىدىكى، بۇ چايان
ھېلىقى بىچارىنى توختاۋسىز چېقىپ ئارام ئالدۇرمايتتى.
بۇنداق كىشى باشقىلارنىڭ غەرەزسىز كۈلكىسىدىنمۇ ئوتقا
چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ ئازابلىناتتى، كىيگىنى كېپەن،
يېگىنى زەھەر بولاتتى. ئابدۇللا قادىرنى سېسىتماقچى بول-
غانلار دەل مۇشۇنداق كىشىلەر ئىدى. مىڭ ئەپسۇسكى بۇ
بىچارىلەرنىڭ ھەسەت ئوقلىرى، پىتنە - پاسات نەشتەرلىرى
كۆپچىلىك ئاۋامنىڭ ئالقىش، ھۆرمەت كەلكۈنى ئاستىدا
كۆمۈلۈپ قالدى. ئابدۇللا قادىرنىڭ كۆكلەرگە تۇتاشقان
روھىي مۇداپىئە تېمى ئاخىرى غالىب كەلدى. ئابدۇللا قادىر
ئەگرى - توقاي چاتقاللار ئىچىدىن يول تېپىشنى، ئۆز كۆڭ-
لىنى ئاۋۇندۇرۇشنى، ئۆزىنىڭ روھىي كەيپىياتىنى تۇراق-
لاشتۇرۇشنى بىلىدىغان خاراكتېرگە ئىگە ئىدى. چۈنكى
ئۇچۇش مەشغۇلاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىنىڭ كەيپى-
ياتى چوقۇم تۇراقلىق بولمىسا بولمايتتى. ئۇ دائىم نەسىر-
دىن ئەپەندىنىڭ تۆۋەندىكى لەتىپىسى ئارقىلىق ئۆز - ئۆزىگە

تەسەللى بېرەتتى:

نەسىردىن ئەپەندى ئون نەچچە ياشلىق ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئېشىكىنى يېتىلەپ بازارغا مېڭىپتۇ. ئۇلار بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن يول بويىدىكى كىشىلەر ئۇلارنى كۆرۈپ:

— ئەپەندىم تازا ئەخمەقكەن، بىر ئوبدان ئېشەك تۇرسا، مىنمەي پىيادە كېتىۋاتقىنى نېمىسى، — دېيىشىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئەپەندى ئوغلىنى ئېشەككە مىندۈرۈپ قويۇپتۇ. ئۇلار يەنە بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن بىر توپ كىشىگە ئۇچراپتۇ. ئۇ كىشىلەر ئەپەندىمگە قاراپ:

— ئەپەندىم ئەجەب قىزىقكەن، ئۆزى شۇنچە ياشىنىپ قالغان تۇرۇقلۇق ئېشەككە ئۆزى مىنمەي، بالىسىنى مىندۈرۈۋالغىنىنى قاراڭلار، — دېيىشىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئەپەندى دەرھال ئوغلىنى ئېشەكتىن چۈشۈرۈۋېتىپ، ئېشەككە ئۆزى مىنىۋاپتۇ. ئۇلار يەنە بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن يەنە بىر توپ كىشىگە ئۇچراپتۇ. بۇ كىشىلەر ئەپەندىمنى كۆرۈپ:

— ھوي، قاراڭلار، كىچىككىنە بالىنى ماڭدۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى ئېشەككە مىنىۋاپتۇ، قانداق باغرى تاش ئاتا بۇ، — دېيىشىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئەپەندى ئويلىنىپ كېتىپ، ئوغلىنى دەرھال ئالدىغا ئېلىپ، ئېشەكنى ئاتا - بالا ئىككىسى مىنىپ مېڭىپتۇ. ئۇلار بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن يەنە بىر توپ كىشىگە ئۇچراپتۇ. بۇ كىشىلەر ئەپەندىمنى كۆرۈپ:

— قاراڭلار، قانداق كۆڭلى قارا كىشىلەر بۇ، ئاجىز ئېشەككە ئىككىسى مىنىۋالغىنى نېمىسى، — دېيىشىپتۇ.

بۇنىڭدىن مەڭدەپ قالغان نەسىردىن ئەپەندى نېمە قىلىشىنى



بىلەلمەي ئاخىرى بىر تال ئارغامچا تېپىپ كېلىپ، ئېشەكنىڭ تۆت پۇتىدىن باغلاپ، بادىرىغا ئېلىپتۇ - دە، ئاتا - بالا ئىككىسى ئېشەكنى كۆتۈرۈپ مېڭىپتۇ.

دېمەك، جەمئىيەتتە سەن نېمىلا ئىش قىلساڭ گەپ تاپىدىغان، سۆز - چۆچەك تارقىتىدىغان بىر قىسىم كىشىلەر بار، ئەگەر ئۇلارنىڭ گېپى بويىچە ئىش قىلىمەن دېسەڭ، «ئېشەكنى كۆتۈرۈپ مېڭىشقا» توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، ئەڭ ياخشىسى ئۆزۈڭ توغرا دېگەن يولدىن يانما، ئۆز قەلبىڭنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇن، ئۆز خاھىشىڭ بويىچە ئىش قىل. ئابدۇللا قادىر دائىم شۇنداق ئويلار بىلەن ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلاتتى.

2001 - يىلى 2 - ئايدا ئابدۇللا قادىرنى خېنەن ئۆلكىسىدىن بىر كىشى ئىزدەپ كەلدى. ئۇ خېنەن ئۆلكىلىك كەسپىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، ئايروپىلان ھەۋەسكارى ئىدى، ئۇنىڭدا بوشلۇق تېخنىكىسى، ئايروپىلان ياساشقا ئائىت نۇرغۇن ماتېرىياللار بار ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى، مەبلەغنى ئۆزى چىقىرىپ، ئابدۇللا قادىر بىلەن بىرلىشىپ ئايروپىلان ياساش ئويىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. ئۇلار ئايروپىلان ھەققىدە ناھايىتى ئۇزۇن سۆھبەتلىشىپ، ئۆز ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇشتى. كۆپ ئۆتمەيلا شىنجاڭنىڭ گۇچۇڭ ناھىيىسىدىن بىر كىشى ئابدۇللا قادىرنى ئىزدەپ كەلدى. ئۇ ئەسلى تۆمۈرچىلىك تېخنىكى، ئايروپىلان ھەۋەسكارى بولۇپ، كېيىن قاقاسلىقتا يەر ئېچىپ، 7500 مو يەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ بۇغداي تېرىغان، ئۇن زاۋۇتلىرىنى قۇرۇپ خېلى چوڭ ئىگىلىك تىكلىگەن كىشى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تېرىلغۇ يەرلى-

رىگە دورا چېچىش ئۈچۈنلا ھەر يىلى 30 مىڭ يۈەنگە يېقىن پۇل سەرپ قىلىنىدىغانلىقىنى، ئەگەر ئابدۇللا قادىر دورا چېچىشقا ئىشلىتىلىدىغان كىچىك تىپتىكى بىر ئايروپىلاننى ياساپ بەرسە، مەبلەغنى ئۆزىنىڭ چىقىرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

تۇرپان رايونىدىمۇ ئابدۇللا قادىرنى ئىزدەپ كېلىدىغانلار، ئايروپىلان ھەۋەسكارلىرى خېلى كۆپ بولۇپ، بۇنىڭدىن ئابدۇللا قادىر بوشلۇقتا، ئۈچۈشقا قىزىقىدىغانلارنىڭ، ئاسماننىڭ سىرىنى ئېچىشقا ئىنتىلىدىغانلارنىڭ، سىرلىق ئاسمانغا تەلپۈنىدىغانلارنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى، ئۆزى بىلەن پىكىرداش، ئېتىقادى ئوخشاش كىشىلەرنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقىدىن چەكسىز خۇشلۇققا چۆمۈپ، ئىرادىسى يەنىمۇ چىڭىدى.

ئابدۇللا قادىر ئىلگىرى پىلان قىلغان مۇنار يولىنىڭ بويىدىن بەش پۈڭ يەر ئېلىپ، ئايروپىلان، پەن - تېخنىكا كۆرگەزمە ئورنى قۇرۇش لايىھىسى ئەمەلگە ئاشمىغاندىن كېيىن ئۇ بۇ پىلاندىن ۋاز كەچمەي، ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيەت مەركىزى قۇرۇش لايىھەسىنى تۈزۈپ، يۇقىرى دەرىجىلىك تارماقلارغا سۇندى. ئۇ بۇ تۈرنى تەستىقلىتىش ئۈچۈن ئۈچ يىلغا يېقىن قاتراپ، ئاخىرى 2002 - يىلى 3 - ئايدا ھەر دەرىجىلىك تارماقلارنىڭ ماقۇللۇقىغا ئېرىشتى. شەھەرلىك ھۆكۈمەت تۈر تۇرغۇزۇپ، چۈشۈرگەن ھۆججەت بويىچە مۇنار يولىنىڭ بويىدىن سەككىز پۈڭ يەر ئاجرىتىلىدىغان، ئابدۇللا قادىر قەرز ئېلىش شەكلى بىلەن ئۆزى شەخسىي 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 639 كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى ئىككى قەۋەتلىك



بىنا سېلىپ، ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش مەركىزى قۇرىدىغان بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى بۇ ئىشنى ئۇققاندىن كېيىن «بۇ شىنجاڭ بويىچە شەخسلەر قۇرغان تۇنجى پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش نۇقتىسى بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئىشنى قىزغىن قوللايمىز» دەپ ئىپادە بىلدۈردى. ئابدۇللا قادىر ھۆججەتنىڭ روھىغا ئاساسەن مەركەزنىڭ چېرتيوژ، لايىھەلىرىنى سىزىپ مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا يوللىدى. ئۇ پىلاندا مەركەزنىڭ بىرىنچى قەۋىتىنى چوڭ كۆرگەزمە زالى قىلىپ، بۇ يەرگە ئوقۇغۇچىلارنىڭ، ئۆزىنىڭ پەن - تېخنىكا ئىجادىيەتلىرىنى، نەتىجىلىرىنى ھەم ئۆزى قول سېلىپ ئىشلىگەن ئايروپىلانلارنى، پەن - تېخنىكىغا ئائىت سۈرەت قاتارلىق ھەر خىل ماتېرىياللارنى قويماقچى، ئىككىنچى قەۋىتىنى ئايرىم - ئايرىم سىنىپ قىلىپ، بۇ يەردە ھەر خىل پەن - تېخنىكا، تىل ئۆگىنىش، ھۈنەر - كەسىپ كۇرسلىرىنى ئاچماقچى ياكى كۇرس ئاچقۇچىلارغا شارائىت يارىتىپ بەرمەكچى بولدى. چۈنكى، تۇرپان شەھىرىدە مۇشۇنداق كۇرسلارنى ئاچقۇدەك بىرەر مۇنتىزىم ئورۇن يوق ئىدى، يەنە بىر جەھەتتىن ياشلارنىڭ پەن - تېخنىكا، تىل، كومپيۇتېر ئۆگىنىش قىزغىنلىقى يۇقىرى بولۇۋاتقان، ئوقۇتۇشتا ساپا مائارىپى تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە مۇشۇنداق بىر مەركەز قۇرۇلسا، بۇ دەۋرنىڭ، ساپا مائارىپىنىڭ تەلىپىگە، ئاۋامنىڭ ئېھتىياجىغا دەل كەلگەن ئاجايىپ خاسىيەتلىك ئىش بولغان بولاتتى.

خوش، بۇ يەردە يەنە ئابدۇللا قادىرنىڭ 150 مىڭ يۈەن قەرزگە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىققانلىقى كىشىنى ئويغا سالماي قالمايدۇ. بىز كىتابىمىزنىڭ ئىلگىرىكى قىسمىدىكى

بايانلاردىن ئابدۇللا قادىرنىڭ ئايروپىلان تەتقىقاتى جەريانىدا تۇرغۇن قەرزگە بوغۇلۇپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەردار بولغان ئىدۇق. ئۇنداقتا ئابدۇللا قادىرنىڭ مەقسىتى زادى نېمە؟ بىرلا ئېغىز گەپ بىلەن يىغىنچاقلىغاندا ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن - تېخنىكا ئېڭىنى، قىزغىنلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئومۇمىي خەلقتە پەن - تېخنىكا قارىشىنى تۇرغۇزۇش، پەن - تېخنىكا بىلەن قوراللاندۇرۇش، ئەڭ ئاخىرى خەلقنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئىدى. ئابدۇللا قادىرنىڭ مەقسىتى پۇل بولغان بولسا، «قىپقىزىل ئەخمەق» لىق قىلىپ، شۇنچە كۆپ پۇلنى «كۆككە سورۇۋەتمىگەن»، يەنى ئايروپىلان تەتقىقاتىغا سەرپ قىلىۋەتمىگەن، يەنە قانداقتۇر پەننى ئومۇملاشتۇرۇش مەركىزى قۇرۇش ئۈچۈن قەرزدار بولمىغان بولاتتى. چۈنكى، ئوپئوچۇقلا بىلگىلى بولىدۇكى، بۇ ئىشلاردىن ھەرگىز پۇل تاپقىلى بولمايتتى. ئەلۋەتتە ئابدۇللا قادىر پۇل تاپىمەن دېگەن بولسا، ئۇنىڭدا پۇل تاپقۇدەك ئەقىل - پاراسەت، تەجرىبە، تىل بايلىقى، ئۇنۇملۇك تېخنىكا دېگەنلەر تولۇپ ياتاتتى. لېكىن، ئۇنىڭ خۇشاللىقى پۇلدىن ئەمەس بالىلارنىڭ پەن - تېخنىكىغا بولغان قىزغىنلىقىدىن كېلەتتى. دېمەك، ئۇنىڭ نىيىتى ئۇلۇغ ۋە خالىس، مىللىتى ئۈچۈن قۇربان بېرىش روھى شۇنچە يۈكسەك، مەقسىتى شۇنچە ساخاۋەتلىك ئىدى. بىراق، ئۇ مەركەزنىڭ ھەممە رەسمىيەتلىرىنى تۈگىتىپ بولۇپ، يەرنى تەستىقلىتىدىغان چاغدا يەنە «دوققىغا» ئۇسۇۋالدى، سەككىز پۈك يەرنى تەستىقلىتىش ئىشى كەينىگە سۆرىلىپ كېتىۋەردى. . .

2003 - يىلى يازدا ئابدۇللا قادىرنىڭ ئىشكى ئالدىغا



ئالىي دەرىجىلىك ئىككى پىكاپ كېلىپ توختىدى، پىكاپتىن پۈز ۋەر كىيىنگەن ئىككى ئاتا - ئانا ۋە ئۇلارنىڭ بىر قانچە بالىسى چۈشتى. بۇ مېھمانلار ئۈرۈمچىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ئابدۇللا قادىرنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان، تۇرپانغا ساياھەتكە كەلگەن مەزگىلدە بالىلىرىنىڭ تەلىپى بويىچە ئابدۇللا قادىر ۋە ئۇ ياسىغان ئايروپىلاننى، ئۇنىڭ پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى كۆرۈپ بېقىش مەقسىتىدە ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلگەنىدى. بالىلار كۈچلۈك قىزىقىش، ھەيرانلىق ئىلكىدە ئابدۇللا قادىر ياسىغان ئايروپىلاننى، ھەر خىل چوڭ - كىچىك پىلانېرلارنى كۆردى، قاتتىق ھاياجانلىنىپ، ئايروپىلاننىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىنى سىلاپ باقتى، بولۇپمۇ تاملارغا ئېسىۋېتىلگەن ھەر خىل رەڭدىكى پلانېرلاردىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قالدى. ئابدۇللا قادىر بالىلارنىڭ بۇ قىزغىنلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا بىردىن پلانېرنى سوۋغا قىلدى. بۇنىڭدىن قاتتىق خۇش بولۇپ كەتكەن بالىلار ئاتىلىرىدىن 100 يۈەندىن پۇل ئېلىپ، ئابدۇللا قادىرنىڭ بالىلىرىغا تەڭلىدى. ئابدۇللا قادىرنىڭ بالىلىرى بۇ پۇللارنى ئېلىشنى چىرايلىقچە رەت قىلدى. بۇ كۆرۈنۈشتىن تەسىرلىنىپ كەتكەن مېھمانلار ئابدۇللا قادىرغا، بالىلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا يېڭىلىقلىرىغا ئىنتايىن قىزىقىدىغانلىقىنى، لېكىن ئۇلار كۆرۈپ ئىلھام ئالغۇدەك بىرەر كۆرگەزمە ئورنىنىڭ يوقلۇقىنى، ئابدۇللا قادىرنىڭ ۋاقتى يەتسە تەتىل مەزگىلىدە بالىلىرىنى ئەكېلىپ، ئۇنىڭ تەربىيىلىشىگە تاپشۇرۇش ئويىنىڭ بارلىقىنى، ئابدۇللا قادىرنىڭ ھەر قانداق قىيىنچىلىقى بولسا، ئۆزلىرىنىڭ ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئابدۇللا قادىرنىڭ ئۆيىگە زىيارەت قىلغىلى كېلىدىغان-

لار، باللىرىنى ئېلىپ كېلىدىغانلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. بۇ ئىشلار ئابدۇللا قادىرنىڭ ياش - ئۆسمۈرلەر پەننى ئومۇملاشتۇرۇش مەركىزى قۇرۇش ئىرادىسىنى يەنىمۇ چىڭىتتى. ئۇ تۇرپان ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن 2003 - يىلى 9 - ئايدا سىياسىي كېڭەشنىڭ بىر قېتىملىق يىغىنىدا ياش - ئۆسمۈرلەر پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش مەركىزى قۇرۇش تەكلىپ لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ لايىھە ئەزالارنىڭ يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشىپ، بۇ تۇرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش قارار قىلىندى.

ئابدۇللا قادىر بەزى ۋاقىتلاردا تەقدىرگە ئىشىنىپ قالاتتى. ئۇنىڭ تۇيغۇسى پاكىز، ئېتىقادى كۈچلۈك بولغاچقا بەزى بېشارەتلەرگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلاتتى. ئابدۇللا قادىردا خۇددى ئالاھىدە بىر خىسلەت باردەك ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تۇيغۇلىرى كۆپىنچە ھاللاردا ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلىنىپ قالاتتى. 2003 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئانچە خەيرلىك بولمىدى. ئۇ يازدا تۇرپانغا قۇمغا كۆمۈلۈپ داۋالانغىلى كېلىدىغان مېھمانلارنىڭ كۆپلۈكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىسسىق ھاۋا شارىنى قۇم بىلەن داۋالاش ساناتورىيىسىگە ئېلىپ چىقتى. بۇ يەر ھەم تەشۋىقات قىلىشنىڭ ھەم كىرىم قىلىشنىڭ ياخشى مەيدانى ئىدى. دېگەندەك قۇم بىلەن داۋالانغىلى كەلگەن بىمارلار دەرھال ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ، ئىسسىق ھاۋا شارى بىلەن ئۇچۇرۇپ قويسا، 50 يۈەندىن ھەق بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئابدۇللا قادىر ماقۇل بولۇپ، ئىككى قېتىمدا ئالتە ئادەمنى ئۇچۇرۇپ، 300 يۈەن پۇل تاپتى. لېكىن، كۈتۈلمىگەندە ھاۋا شارى



ئىككىنچى قېتىم يەرگە قونغاندا يولدا كېتىۋاتقان بىر ماشىنىغا ئىلىنىپ قېلىپ، ماشىنىنىڭ ئەينىكىنى سۇندۇرۇپ قويدى. ئابدۇللا قادىر شوپۇر بىلەن رېمونتخانىغا بېرىپ، ئەينەكنى 300 يۈەنگە رېمونت قىلدۇرۇپ بەردى. ئۇنىڭ شۇنچە جاپا تارتىپ، ھالال مېھنىتى بىلەن تاپقان پۇلى يەنە «ئۇچۇپ» كەتتى. «بۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس، — دەپ ئويلىدى ئابدۇللا قادىر، — ئەڭ ياخشىسى بۇ ئىشنى قىلمىسام بولغۇدەك». ئۇ شۇ خىيال بىلەن ئىسسىق ھاۋا شارىنى يىغىشتۇرۇپ، قۇم ساناتورىيىسىدىن قايتىپ كەتتى.

كۆپ ئۆتمەيلا ئابدۇللا قادىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنى تەشكىلىي كومىتېتى ئەۋەتكەن بىر تەكلىپنامىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. تەكلىپنامىدا ئابدۇللا قادىر تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا ھاۋادىن توپ تاشلاپ، مۇسابىقىنى باشلاپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىنغانىدى. بۇ تەكلىپنامىدىن ئابدۇللا قادىر ئالەمچە خۇشاللىقتا، ھاياجانغا چۆمدى. چۈنكى، ئۇ بۇ قېتىم پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھەقىقىي ئېتىراپ قىلىشىغا، ئۆز ئانا زېمىنىدىكى نەچچە مىڭلىغان خەلقىنىڭ، باتۇر تەنھەرىكەتچى ئەزىمەتلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى نامايان قىلىش پۇرسىتىگە، خەلقىنىڭ شۇنچە داغدۇغىلىق، كاتتا مەرىكىسىدە ماھارەت كۆرسىتىش شەرىپىگە ئېرىشكەنىدى. ئابدۇللا قادىر تەييارلىقلىرىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن بىر كىچىك ماشىنىنى كىرا قىلىپ، ماتورلۇق پاراشوتنى ماشىنىغا بېسىپ ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار ئۇزاق ماڭمايلا تۇيۇقسىز ماشىنىنىڭ كامېرى تېشىلىپ كەتتى. بۇ ئەھۋالدىن ئابدۇللا قادىرنىڭ كۆڭلى ئۆيگەندەك قىلدى. «بۇ قېتىمقى سەپىرىم

تازا خەيرلىك بولمامدۇ — نېمە؟ ياق، تەڭرى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، كەم كېلىدىغان مۇشۇنداق پۇرسەتتە ئىشلىرىم ئوڭۇشلۇق بولغاي!» . لېكىن، تەقدىر ئۇنىڭ بىلەن قىرىشقاندەك تۇرپان بىلەن ئۈرۈمچى ئارىلىقىدىكى ئاران 180 كىلومېتىر كېلىدىغان مۇساپىدە ئابدۇللا قادىر كىرا قىلغان ماشىنىنىڭ چاقى ئۇدا ئالتە قېتىم تېشىلىپ كەتتى. بۇ ئەھۋالدىن توختىماي ئوڭ قاپىقى تارتىپ تۇرغان ئابدۇللا قادىر بىرەر شۇملۇقنى سەزگەندەك رەسمىي ئەندىشىگە چۈشتى ۋە ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ، كۆڭلىدىكى مالامەتلەرنى قوغلاشقا تىرىشتى. 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك مىللەتلەر كوچىسى ساياھەت لوڭقىسى تەنھەرىكەت يىغىنى رەسمىي باشلاندى. ئابدۇللا قادىر ئېچىلىش مۇراسىمىدا، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر، ھەر قايسى تۈرلەر بويىچە مۇسابىقىگە قاتنىشىش ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدىن كەلگەن ماھىرلار، نەچچە مىڭلىغان ئامما ئالدىدا ماتورلۇق پاراشوت بىلەن كۆككە كۆتۈرۈلۈپ، مەيداننى بىر ئايلانغاندىن كېيىن قولىدىكى توپنى مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلاپ، مۇسابىقىنى باشلاپ بېرىشكە تەييارلاندى. ئادەتتە ئۇنىڭ ئۈچۈن ماتورلۇق پاراشوتتا ئۇچۇش ئەڭ ئاسان ماھارەت بولۇپ، پاراشوتنى دۈمبىسىگە تېڭىپ، ماتورنى ئوت ئالدۇرۇپ، ئازراق يۈگۈرسىلا كۆككە كۆتۈرۈلەتتى. بىراق، بۇ قېتىم ئۆز غورۇرىنى قوغدايدىغان، ئىززەت - نەپسى كۈچلۈك ئابدۇللا قادىر تۇنجى قېتىم نەچچە مىڭلىغان تاماشىبىننىڭ ئالدىدا، شۇنچە داغدۇغىلىق مەرىكىدە ئاھانەتكە قالدى. ئۇ ماتورنى ئوت ئالدۇرۇپ، قانچە يۈگۈرگەن بولسىمۇ ئۇچالمىدى. پاراشوت كۆ-



تۈرۈلگەن بولسىمۇ، تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىيالماي، ئەتراپتىكى تاماشىبىنلارغا خەۋپ يەتكۈزۈش ئېھتىمالى تۇغۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئابدۇللا قادىر تەشكىلىي كومىتېتتىكىلەرگە مەيداننىڭ سىرتىغا چىقىپ، ئۇچۇۋالغاندىن كېيىن مەيداننىڭ ئۈستىگە كېلىپ توپ تاشلاش تەكلىپىنى بەردى. ئۇلار بۇ تەكلىپكە قوشۇلۇپ، ئابدۇللا قادىرنى دەرھال مەيداننىڭ سىرتىدىكى بىر بوش يەرگە ئېلىپ چىقتى. ئابدۇللا قادىر بۇ يەردىمۇ قانچە ئۇرۇنغان بولسىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇچالمىدى. ئىلگىرى ماتور ئوت ئالسىلا كۆككە كۆتۈرۈلىدىغان ئۆلگۈر پاراشوت ئابدۇللا قادىرنى ئېلىپ ئۇچقۇسى يوقتەك ھېچ كۆتۈرۈلەي دېمەيتتى. قارىغاندا بۇ قېتىم تەقدىر ئابدۇللا قادىر بىلەن رەسمىي قىرىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئابدۇللا قادىر پاراشوتنى دۈمبىسىگە تېڭىپ، قانچە يۈگۈرۈپمۇ كۆتۈرۈلەلمىگەندەك ئۇچالمىدى، ئاخىرى ئابدۇللا قادىرنىڭ دوستى، ئۈرۈمچى ئاۋىئاتسىيە كۇلۇبىنىڭ مەسلىھەتچىسى جىن لياڭ ئابدۇللا قادىرغا ۋاكالىتەن ئۇچۇپ توپنى تاشلاپ بەردى. تەشكىلىي كومىتېتتىكىلەر يەنىلا ئابدۇللا قادىرغا تەسەللى بېرىپ، ئۇنى كەچتىكى كۆتۈۋېلىشقا تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، قاتتىق ئىزا - ئاھانەتتە قالغان ئابدۇللا قادىر شۇ كۈنىلا تۇرپانغا قايتىپ كەلدى.

بۇ ئىش ئابدۇللا قادىرغا ئىنتايىن ئېغىر كەلدى، ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە قەلبى پۇچىلىنىپ، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ كەتتى. بەختكە يارىشا «قىشنىڭ كەينىدىن باھار كەلگەندەك، تۈننىڭ كەينىدىن تاڭ يورۇغاندەك» جۇڭگو ئاۋىئاتسىيە تەنھەرىكەت جەمئىيىتى ئەۋەتكەن بىر تەكلىپنامە ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى ئېلىپ كەلدى. ئەسلىدە مەم-

ملىكەتلىك ئاۋىئاتسىيە تەنھەرىكەت جەمئىيىتى بىلەن جىلىن
شەھەرلىك ھۆكۈمەت 2003 - يىلى 10 - ئاينىڭ 4 -
كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە جىلىن شەھىرىدە خەلقئارالىق
ئىسسىق ھاۋا شارى ماھىرلىرى تەكلىپ مۇسابىقىسى ۋە
مەملىكەتلىك ئىسسىق ھاۋا شارى لەۋھە تالىشىش مۇسابىقە-
سى ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ، ئابدۇللا قادىرنى بۇ مۇسابىقىگە
تەكلىپ قىلغانىدى. ئابدۇللا قادىر تەكلىپنامىنى تاپشۇرۇپ
ئالغاندىن كېيىن مۇسابىقە تەشكىللي كومىتېتىدىكىلەرگە
تېلېفون ئۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ھاۋا شارىنىڭ كونا ئىكەنلىكى-
نى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭ بىلەن جىلىننىڭ ئارىلىقى
يىراق بولغاچقا، ھاۋا شارىنى ئېلىپ بېرىشتا قىيىنچىلىق-
نىڭ ئىنتايىن كۆپ ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. تەشكىللي كومى-
تېتتىكىلەر بۇ ئەھۋالغا قارىتا ئابدۇللا قادىرنىڭ جۇڭگودىكى
ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىچىدىن تاللانغان بىردىنبىر ما-
ھىر ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ھاۋا شارىنى ئېلىپ كېلەلمىسە،
ئۆزى كېلىپ مۇسابىقىگە قاتنىشىپ، ماھارەت كۆرسىتىپ
بېرىشىنى، بارلىق چىقىمنى ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىگە ئالىدىغان-
لىقىنى ئېيتتى. بۇ جاۋابتىن خاتىرجەم بولغان ئابدۇللا
قادىر مەكتەپنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تەييارلىقلىرىنى پۈتتۈ-
رۈپ، مۇسابىقىگە ئۈلگۈرۈپ جىلىن شەھىرىگە يېتىپ كەل-
دى.

بۇ قېتىمقى مۇسابىقىگە گېرمانىيە، فرانسىيە، شۋېت-
سارىيە، ئاۋسترىيە، ياپونىيە، جۇڭگو قاتارلىق دۆلەتلەردىن
30 ئەترەت، 60 ماھىر قاتناشقان بولۇپ، ئىسسىق ھاۋا
شارىدا ئۇچۇش كىنىشكىسى ئالغانلار ئامېرىكىدا 20 مىڭغا
يېقىن، ياپونىيىدە 2 مىڭدىن كۆپرەكى، جۇڭگودا ئاران 150



كىشى بار ئىدى. بۇ قېتىم جۇڭگودىكى مۇشۇ 150 كىشىنىڭ
ئىچىدىن ئاران 23 ى تاللانغان بولۇپ، ئابدۇللا قادىر مۇشۇ
23 كىشىنىڭ بىرى ئىدى. بۇ قېتىم تاغلىق شەھەر جىلىندا
ئۆتكۈزۈلگەن ئىسسىق ھاۋا شارىدا ماھارەت كۆرسىتىش مۇ-
سابىقىسى بىر قانچە خىل شەكىلدە ئۆتكۈزۈلدى. بىر خىل
تۈردە جىلىن شەھىرىنىڭ مەركىزىدىكى خەلق مەيدانىنىڭ
ئوتتۇرىسىغا غايەت زور قىزىل كرېست بەلگىسى سىزىلدى،
ماھىرلار بەش كىلومېتىر يىراقلىقتىن شاردا ئۇچۇپ كې-
لىپ، خەلق مەيدانىغا كەلگەندە تۆۋەنلەپ، كرېست بەلگىسى-
نىڭ ئوتتۇرىسىغا قۇم خالتىسى تاشلىدى. قۇم خالتىسىنى
كرېستنىڭ ئوتتۇرىسىغا قانچە يېقىن تاشلىيالىغانلىرىنىڭ
نومۇرى يۇقىرى بولدى. ئىسسىق ھاۋا شارىدا ئۇچۇشتا ئادەت-
تە ھاۋا قاتلىمى، شامال يۆنىلىشى ئاساس قىلىنىدىغان بو-
لۇپ، قوماندانلىق مەركىزى 100 مېتىر، 200 مېتىر،
300 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ھاۋا قاتلىمىنىڭ قانداق ئىكەنلى-
كىنى ئېلان قىلىپ تۇردى. شامال يۆنىلىشىنى ياخشى ئىگە-
لىيەلمىگەن بىر قىسىم ماھىرلار خەلق مەيدانىغا ئەمەس
بەلكى قارشى يۆنىلىشكە ئۇچۇپ كېتىپ قالدى، بىر قىسىم-
لىرى خەلق مەيدانىغا كېلەلىگەن بولسىمۇ، خالتىنى كرېست-
قا تاشلىيالمىدى. يەنە بىر خىل تۈردە ماھىرلار جىلىن
شەھىرىنى كېسىپ ئۆتىدىغان سۇڭخۇاجياڭ دەرياسىغا شار-
نىڭ سېۋىتىنى تەگكۈزۈپ يەنە ئۇچۇپ كېتىش ماھارىتى
كۆرسەتتى. بۇمۇ تېخنىكىلىق تەلىپى ئىنتايىن يۇقىرى ما-
ھارەت بولۇپ، بىر قىسىم ماھىرلار شارنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى
ساقلىيالماي، سېۋىتىنى سۇغا زادى تەگكۈزەلمىدى، بىر
قىسىم ماھىرلار سۇغا تەگكۈزىمىز دەپ دەرياغا چۈشۈپ كەت-

تى. ياپونىيىلىك ئىككى ماھىر شار بىلەن دەرياغا چۈشۈپ
كېتىپ، قورقۇپ كەتكەنلىكىدىن شارنى تاشلاپ قىرغاققا
ئۈزۈپ چىقتى. نەتىجىدە، ئادەم يوقلۇقىدىن يېنىكلەپ كەت-
كەن شار ئۆزلۈكىدىن ئۇچۇپ سۇدىن چىقىپ، شەھەردىكى
بىر بىنانىڭ ئۆگزىسىگە ئىلىنىپ قالدى. ئابدۇللا قادىر بۇ
قېتىمقى مۇسابىقىدە گەنسۇلۇق بىر ماھىر بىلەن مۈشۈك
ئېيىق شەكىللىك ئىسسىق ھاۋا شارىدا ئۇچۇپ ماھارەت كۆر-
سەتتى.

ئابدۇللا قادىر بۇ قېتىمقى خەلقئارالىق ئۇچۇش مۇسابە-
قىسىدىن ناھايىتى چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولدى. ئابدۇللا
قادىر ئىلگىرى ئىسسىق ھاۋا شارىدا ئۇچقاندا قانچە ئېگىز،
قانچە يىراققا ئۇچسا شۇنچە ياخشى بولىدۇ، دەپ ئويلايتتى،
شۇڭا ئۇنىڭ مىڭ مېتىر ئېگىزلىككىچە ئۇچقان ۋاقىتلىرىمۇ
بولغانىدى. ئۇ شامال يۆنىلىشى بويىچە ئۇچۇشتىن خەۋەردار
بولسىمۇ، ھاۋا قاتلىمى بويىچە ئۇچۇشتىن كۆپ خەۋىرى يوق
ئىدى. يەنە بىر مۇھىم نۇقتا ئۇ ھاۋا شارىدا ئۇچۇشتا بەلگە-
لەنگەن نۇقتىغا چۈشۈشنىڭ ئەڭ يۇقىرى ماھارەت ھېسابلى-
نىدىغانلىقىنى بىلىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ
ھاۋا شارىنىڭ باشقىلارنىڭكىگە قارىغاندا ئىنتايىن كونا ئى-
كەنلىكىنى، ئەسلىھەلىرىنىڭ كەمچىل، شارائىتىنىڭ ناچار
ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

ئابدۇللا قادىر تۇرپانغا قايتىپ كېلىپ كۆپ ئۆتمەيلا،
يەنە بىر خۇش خەۋەرنى ئاڭلىدى. ئەسلىدە ئۇ مەملىكەت
بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مائارىپ ساھەسىدىكى پەن - تېخنىكا
يېتەكچىلىرىنىڭ ئىجادىيەتلىرىنى سېلىشتۇرۇپ باھالاش پا-
ئالىيىتىگە ئۆزى ئىجاد قىلغان ئاپتوماتىك كەپشەرلەش ماشى-



نىسىنىڭ ماتېرىيالىنى ئەۋەتكەن بولۇپ، بۇ تېخنىكا باھا-
لاش پائالىيىتىدە ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنىدى.

ئابدۇللا قادىرنىڭ ھۆسنەجان، رىزۋانگۈل، ئابدۇئەھەت-
جان قاتارلىق ئۈچ پەرزەنتى بولۇپ، بۇ پەرزەنتلەرمۇ كىچى-
كىدىن ئابدۇللا قادىرنىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، پەن -
تېخنىكا، ئايروپىلان شەيداسى بولۇپ چوڭ بولدى. ھۆسنە-
جان بىلەن ئابدۇئەھەتجان ئاتىسىنى دوراپ، كىچىك ئايرو-
پىلان بولغان پىلانېر ياساپ ئۇچۇرۇپ كىشىلەرنى ھەيران
قالدۇردى. 2002 - يىلى بالىلار بايرىمىدا بۇ ئىككىيلەن
ئۆزلىرى ياسىغان ھەر خىل رەڭ، ھەر خىل شەكىلدىكى
چىرايلىق پىلانېرلارنى تۇرپان شەھەرلىك ساياھەت - مەدەنى-
يەت مەيدانىغا ئېلىپ چىقىپ، كۆرگەزمە قىلىپ ساتتى.
نۇرغۇن كىچىك دوستلار بۇ پىلانېرلارغا مەپتۇن بول-
ۇپ، بەس - بەستە كۆرۈشتى ۋە سېتىۋېلىشتى. بۇ ئىش
جەمئىيەتتىمۇ زور غۇلغۇلا قوزغىدى.

مانا ھازىر ھۆسنەجان ئۆزى ئارزۇ قىلغان شىنجاڭ
ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ھازىرقى زامان مائارىپ تېخنىكىسى كەس-
پىدە ئوقۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بىر پەن - تېخنىكا ئىجادىيىتى
2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ياش - ئۆسمۈر-
لەرنىڭ پەن - تېخنىكا يېڭىلىقلىرى مۇسابىقىسىدە بىرىنچى
دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. قىزى رىزۋانگۈل تۇرپان
دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ ئومۇمىي پەن كەسپىگە، ئاب-
دۇئەھەتجان تۇرپان ۋىلايەتلىك تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىگە
قوبۇل قىلىندى. ئابدۇللا قادىر بالىلىرىنى مەكتەپكە بەرگۈ-
چە ئۇيغۇرچە ياكى خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇشنى ئۆزلىرىنىڭ
تاللىشىغا قويغان بولۇپ، ئۈچ بالىنىڭ ھەممىسىلا ئۇيغۇرچە
مەكتەپتە ئوقۇيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. ئابدۇللا قادىر بۇ-

نىڭدىن سۆيۈنۈپ، بالىلىرىنىڭ تاللىشىنى قوبۇل قىلدى. پەرزەنتلىرىنى خەنزۇچە مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش مودا بولۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئۆزى خەنزۇچە ئوقۇغان ئابدۇللا قادىرنىڭ بالىلىرىنى ئۇيغۇرچە مەكتەپكە بېرىشى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ھەيرانلىقىغا سەۋەب بولدى. ئابدۇللا قادىر بۇ كىشىلەرگە مۇنداق ئىزاھات بەردى: «مەن ئۇيغۇرچە مەكتەپتە ساۋاتىمنى چىقىرىپ، ئاندىن خەنزۇ سىنىپقا يۆتكىلىپ ئوقۇغان. مەن خەنزۇچىدا ئوقۇغانلىقنىڭ كۆپ پايدىسىنى كۆردۈم. ئايروپىلان ياساشتا ھەر خىل خەنزۇچە ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىش، خەنزۇ كەسىپداشلار بىلەن ئالاقىلىشىش، ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئوقۇش، ئۆگىنىش، ھەر خىل پائالىيەت، مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىش قاتارلىق جەھەتلەردە قىلچە قىيىنچىلىق تارتمىدىم. لېكىن، مەن ئۇيغۇر تىلى مۇھىتىدا ئۆسۈپ يېتىلمىگەچكە، ئۆز خەلقىمىزگىلا خاس بولغان تەپەككۇر ئۇسۇلىنى يېتىلدۈرەلمىدىم، كۆپ ھاللاردا مىللىي پسىخىكام ئاجىز، تەپەككۇرۇم چولتا بولۇپ قالدى. قىسقىسى بەزى ئىشلارنى چوڭقۇرلاپ تەھلىل قىلىشتا زور دەرىجىدە تەپەككۇر قىيىنچىلىقىغا ئۇچرىدىم. خەنزۇچە تەپەككۇر قىلاي دېسەم، ئۆزۈم ئۇيغۇر، مەن ئۆسۈپ يېتىلگەن، ياشىغان مۇھىت ئۇيغۇرچە بولغاچقا، بۇ جەھەتتىمۇ چوڭقۇرلاپ تەپەككۇر قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالمىدىم. دېمەك، مەن تەپەككۇر جەھەتتىن ئېيتقاندا ئىككىلا تىلدا چولتا بولۇپ قالدىم. شۇڭا، مەن بالىلارنى ئانا تىلدا ئوقۇتۇپ، خەنزۇ تىلىنى چىڭ تۇتۇپ ئۆگەتسە بولىدىكەن، دېگەن قاراشقا كېلىپ قالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىچىك ۋاقتىمدا خەنزۇچە ئوقۇشنى ئۆزۈم تاللىغان، بالىلىرىممۇ ئۇيغۇرچىدا ئوقۇشنى ئۆزى تاللىدى. شۇڭا، بالىلىرىمنىڭ تاللىشىغا ھۆرمەت قىلدىم.



# ئاخىرقى سۆز

2003 - يىلى 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى، شائىر ئەكبەر داۋۇت بىلەن بىللە زىيارەت، تۇرمۇش ئۆگىنىش مەقسىتىدە جەنۇبىي شىنجاڭغا قاراپ يولغا چىقتۇق. بىز ئالدى بىلەن ئۈرۈمچىگە چىقىپ، تۇنجى بېكىتىمىز بولغان كورلىغا ئايروپىلان بىلەن بارماقچى بولدۇق. مەقسىتىمىز ئايروپىلاندا ئولتۇرۇپ بېقىش، ئايروپىلاننىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ بېقىش ئىدى. ئۈرۈمچىدىن كورلىغا ئۇچىدىغان ئايروپىلاننىڭ پەلەمپىيىگە قەدەم باسقىنىمىزدا قەلبىمىزدە بىر خىل ئىچكى ھاياجان غەلىيان كۆتۈردى، چۈنكى بۇ بىزنىڭ تۇنجى قېتىم ئايروپىلانغا چىقىشىمىز ئىدى. ئايروپىلان ئايرودرومنى بىر ھازا ئايلانغاندىن كېيىن بىردىنلا سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، تۇيۇقسىز ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. بۇ چاغدا بىز كەينىمىزگە قىيسىيىپ، خۇددى يىقىلىپ كېتىۋاتقاندەك، پۈتۈن ئىچكى ئەزالىرىمىز ئاغزىمىزغا قاپلىشىپ قالغاندەك، ھاۋا يېتىشمەيۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدۇق. بايامقى ھاياجانلىرىمىز قەيەرگىدۇر يوقىلىپ، بىر خىل قورقۇنچ تۇيغۇسى بىزنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالدى. ئايروپىلان ھاۋادا كېتىۋاتقاندا تۇيۇقسىز پەسلەيدىغان، ئېگىزلەيدىغان ياكى يانتۇ ئايلىنىدىغان بولۇپ، بۇنداق چاغدا ئايروپىلان لاققىغا (تۇرپان شېۋىسى، كاتاڭ) چۈشكەندەك ھالەت شەكىللىنىدىكەن. ئايروپىلان بۇنداق لاققىغا چۈشكەندە ئادەمدە تۇيۇقسىز يىقىلىپ كېتىۋاتقاندەك، تېگى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك تەسىرات

پەيدە بولىدىكەن. بىز دېرىزىدىن پەسكە قاراپ سەرەڭگە قې-
پىچىلىك كۆرۈنۈۋاتقان بىنالارنى، بىر تال يىپتەك بىلىنى-
ۋاتقان يوللارنى كۆرۈپ، قورقۇنچ تۇيغۇمىز يەنىمۇ كۈچە-
يىپ كەتتى. «ئادەم مۇشۇنچىۋالا ئېگىزلىكتىن چۈشۈپ
كەتسە نېمە بولۇپ كېتەر» دېگەن ئويلار كاللىمىزدىن زادى
كەتمىدى. بىز دەل مۇشۇ مىنۇتلاردا ئۆزى ئايروپىلان ياساپ
ئۇچقان قەھرىمان ئوغلانىمىز ئابدۇللا قادىرنى ئېسىمىزگە
ئالدۇق. «بىزغۇ سوپەت ئۆلچىمى پۈتۈنلەي لاياقەتلىك بول-
غان دۆلەتنىڭ ئايروپىلانىدا ئۇچۇۋاتىمىز، ئۇنىڭ ئۇچقىنى
بولسا ئۆزى قولدا ياسىغان، قىلچە بىخەتەرلىك ئەسلىھەلىرى
بولمىغان، ئۇچۇش ئۆلچىمىگە توشمايدىغان ئايروپىلان. بۇ
ئۇنىڭدىكى نەقەدەر باتۇرلۇق، غەيۇرلۇق - ھە!» بىز ئۇچۇش-
نى، ئېگىزلىكتىكى تۇيغۇنى ئۆز بېشىمىزدىن ئۆتكۈزگەندىن
كېيىنلا ئابدۇللا قادىرنىڭ روھىي ھالىتىنى قىسمەن بولسى-
مۇ چۈشەنگەندەك ھېسسىياتتا بولدۇق. بىز جەنۇبىي شىنـ-
جاڭ سەپىرىدىن قايتىپ كېلىپلا ئابدۇللا قادىر بىلەن كۆرۈ-
شۈپ بۇ مەسىلىنى سورىدۇق، ئۇ مۇنداق دېدى: مەنمۇ دەس-
لەپتە ئۇچقاندا ئىنتايىن قورقۇنچ ھېس قىلغان، كېيىن
كۆپ ئۇچۇۋەرگەندىن كېيىن ئادەتلىنىپ كەتتىم. لېكىن،
ھازىرمۇ كۆكتە ئۇچقىنىمدا بىر خىل يالغۇزلۇق، سەل
خەۋپسىرەش تۇيغۇسىدا بولىمەن. شۇڭا، ئۇچقاندا يېنىمدا
بىرەر كىشى، ھېچبولمىسا ئىت، مۈشۈككە ئوخشاش بىرەر
جانلىق بولسا ئادەم بىر ئاز خاتىرجەم بولىدىغان ئوخشايدۇ
دەپ ئويلاپ قالىمەن. مەن ئاسمانغا چىققاندا پۈتۈن زېھنىم
بىلەن يەرنى كۆزىتىمەن، كۆكتىن قارىغاندا يەرنىڭ شەكلى
قانداق شەكىلگە كىرىپ قالىدىغاندۇ، بۇنداق شەكىل ئۆزگى-



رىشىنىڭ سىرى نېمىدۇ، بۇ مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىش
كېرەك، دېگەنلەرنى ئويلاپ كېتىمەن. ئۆزۈمنى توختاۋسىز
كۆككە ئۆرلەپ پەرىشتىلەرگە يېقىنلىشىۋاتقاندەك ھېسسىيات-
تا بولىمەن.

بىز جەنۇب سەپىرى جەريانىدا كورلا، ئاقسۇ، ئاتۇش،
قەشقەرنىڭ كۆپلىگەن ناھىيە، بازارلىرىغا باردۇق. بۇ يەر-
لەردە يازغۇچى، شائىر، قەلەمكەشلەر، ھەر خىل تەبىقىدى-
كىلەر بىلەن ئۇچرىشىش، سىردىشىش داۋامىدا ئۇيغۇرلار-
نىڭ ئىچىدە تۇنجى بولۇپ ئايروپىلان ياساپ ئۇچقان ئابدۇللا
قادىر ھەققىدىكى پاراڭلارمۇ سۆھبىتىمىزنىڭ مۇھىم تەركى-
بىي قىسمى بولدى. چۈنكى، بىز ئابدۇللا قادىر بىلەن بىر
يۇرتلۇق بولغاچقا ھەم مۇشۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋات-
قاچقا، تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭ نامىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا
ئېلىپ قالدۇق. ھەممىلا جايدا ئۇنىڭ نامى چىقىشى بىلەن
سۆھبەت ئىشتىراكچىلىرى قايتىدىن جانلىنىپ، ئۇنىڭ ئەھ-
ۋالىنى بەس - بەستە سوراپ كېتىشتى، ئۇنىڭدىن چەكسىز
ئىپتىخارلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. بىز ئويلاپمۇ باقمى-
غان، ئۆزلىرىنىڭ ئابدۇللا قادىر توغرىسىدا ئاڭلىغان ئاجا-
يىپ - غارايىپ ئۇچۇرلىرىنى بىزگە يەتكۈزۈشتى. بىز جە-
نۇب سەپىرى داۋامىدا شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇقكى، زېمى-
نىمىزدىكى كۆپلىگەن كىشىلەر ئايروپىلان ياساپ ئۇچقان
ئابدۇللا قادىرنىڭ نامىنى بىلىدىكەن، ئۇنىڭغا قىزغىن كۆ-
ڭۈل بۆلىدىكەن، ئۇنىڭدىن چەكسىز ئىپتىخارلىنىدىكەن.

— ئابدۇللا قادىرنى قارا تۇرك دېھقان دەيدىغۇ، دېھقان
تۇرۇپ ئايروپىلان ياسىغان بولسا بەك يامان ئادەمكەن -
جۇمۇ!

— ئاڭلىساق ئابدۇللا قادىر ئايروپىلان ياساپ ئۇچقاندىن كېيىن ئۇنى پەن - تېخنىكا تارماقلىرىغا يۆتكەپ، تەتقىقات قىلىدىغان مەخسۇس شارائىت ئاجرىتىپ بېرىپتۇ دەيدۇ، بۇ راستمۇ؟

— ياق، ئۇنى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئايروپىلان ياسايدىغان زاۋۇتلارغا تەكلىپ قىلىپ ئەكېتىپتۇ دەيدىغۇ؟

— ئابدۇللا قادىرنى بىر كېچىسى نامەلۇم ئادەملەر تۇتۇپ كەتكەنچە يوقاپ كېتىپتۇ، دەپ ئاڭلىدۇققۇ؟

بىز بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خەلقىمىزنىڭ پەخىرلىك ئوغلى، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ روھى بىلەن كۆكنىڭ ئەركە بالىسىغا ئايلانغان ئابدۇللا قادىر ھەققىدە بىرەر يىرىك ئەسەر يېزىپ، خەلقىمىزنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدۇق، بۇ قەھرىمان ئوغلان ھەققىدە مەڭگۈلۈك مەنىۋى ئابىدە تىكلەشنى ئۆزىمىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى دەپ ھېسابلىدۇق.

***************

ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تۇرپان مۇنارىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى بۆك - باراقسان تەكلەر بىلەن ئورالغان كۆجۈم مەھەللىدە، ئىشىك ئالدىدا بىر نەچچە تۈپ قېرى ئۈجمە دەرىجى بوي سوزغان بىر ھويلا بار. ھويلىنىڭ ئالدىغا، ئۈجمە دەرىخىنىڭ ئاستىغا ئايروپىلان ۋە ھاۋا شارىغا كېرەكلىك ئەسلىھەلەر قويۇلغان بولۇپ، ھويلىدىن ھازىرمۇ تۆمۈر، ياغاچ قاتارلىقلارنى ھەرىدىگەن، كەسكەن، ئۇرغان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ھويلىدا ئوتتۇرا بوي، سەل ئورۇقراق كەلگەن چاچلىرىنى ئاق ئارىلىغان، قويۇق قاشلىق، كېلىشكەن، كۆزلىرىدىن جاسارەت، قەتئىيلىك نۇرلىرى چاقناپ تۇرىدىغان بىر كىشىنىڭ بىر نەچچە ياش بىلەن بىرگە تىنىمسىز ھالدا نېمىلەر بىلەندۇر مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز. بۇنىڭدىن ئابدۇللا قادىرنىڭ جەسۇر خاراكتېرىنىڭ ئۆزگەرمىگەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىر مىنۇتمۇ توختاپ قالمىغانلىقىنى ھېس قىلالايسىز. ئۇ ھازىرمۇ تۇرپان دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ ئاددىي ئوقۇتقۇچىسى. ئۇ باشقا كىشىلەرگە ئوخشاشلا ھالال مېھنىتى بىلەن تىرىكچىلىك مۇساپىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، باشقا كىشىلەردىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان ھالدا مەنىۋى ئىزدىنىشلەر قاينىمىدا توختاۋسىز دولقۇنلاپ ياشاپ كەلمەكتە.



2000 - يىلى مارتتا تۇرپان شەھىرىدە يېزىلدى،
2003 - يىلى قايتا يېزىپ تۈزىتىلدى.

مەسئۇل مۇھەررىرى:  مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
مەسئۇل كوررېكتورى:  ھەجەرگۇل تۇرسۇن
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# قاناتلىق ئادەم

ئاپتورلىرى: ئۆمەرجان سىدىق، ئابدۇللا ئىمىن

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى ئالتۇن يارۇق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مم، 1/32؛
باسما تاۋىقى: 6.875؛ قىستۇرما بېتى: 8
2004 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى
2004 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 4000 — 1
ISBN7—228—08986—3
باھاسى: 11.00 يۈەن